ئىمام نەۋەۋىي

# قارىيلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى

## التبيان

## في آداب حملة القرآن



ساجىيە
ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئالـدى بلەن سـزنڭ سـاجيە ئسـلام تەتقىقات مەركزى نەشـر قلغـان ئەسـەرلەرنى تاللغننگزغـا كۆپتن - كۆپ رەھمـەت ئېيتمز، ھەممگـە قادىـر ئاللاھدىـن سـاجيە ئسـلام تەتقىقـات مەركـزى تەرىپىدىـن نەشـر قلىنغـان ئەسـەرلەر ئارقلـق ھەممـمزگـە نـەپ يەتكۈزۈشـنى ۋە قوبـۇل قلىشـنى سـەممىيلك بلـەن تلەيمـز.

قولىڭزدىكـى بۇ كتـاب قارىيلار ۋە قرائەتنڭ ئەدەب - قائدىلرى، پەزىلەتلـرى ۋە قرائەتكـە مۇناسـۋەتلك مەسـلىلەر ھەققىدىكـى قىممەتلـك مەزمۇنلارنى ئـۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىمـام نەۋەۋىينڭ قىممەتلـك خەزىنلرىنـڭ ۋە رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم دۇئـا قلغـان «شـام بەرىكەتلرى»نىڭ جۈملسـدىندۇر.

ئەسـەرلىرىمزنى تـوردا تارقتىشـتىكى مەقسـەت - نىشـانىمز توردىكـى ئۇيغۇرچـە دىنىي مەزمۇنلارنى بېيىتىش، شـۇنداقلا ئېھتياجلىق كىشـلەرنڭ ئۇنى ھەر ۋاقىت توردىن چۈشـۈرۈپ پايدىلنىشـى ئۈچۈندۇر.

ئەسـەرلىرىمزنڭ نەشـر ھوقۇقـى سـاجيە ئسـلام تەتقىقـات مەركىزىگە تەۋە، قىسـمەن ياكـى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش، ياكى سـودا تور بېكەتلىرىگـە خالىغانچـە قايتـا يوللاش ھەمـدە مەركەزنڭ لوگوسـنى ئۆچۈرۈۋېتـش مەنئـى قىلىندۇ.

كتابلرىمزنـى ھەمبەھىرلىگۈچـى ۋە چۈشـۈرمەكچى بولغانـلار ئۈچـۈن توربـەت ئادرېسـمزنڭ ئەسـلىي ئۈلانمسـى:

www.saciye.biz.com

ئىمام يەھيا ئىبنى شەرەف نەۋەۋىي

# قارىيلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئاتاۋۇللاھ سەئىد

ساجىيه

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

مەزكۇر كىتاب «دارۇل منهاج» نەشرىياتى 2011 - يىلى نەشر قىلغان 1 - نەشرى
2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئىمام يەھيا ئىبنى شەرەف نەۋەۋىي

# قارىيلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئاتاۋۇللاھ سەئىد

**التبيان في آداب حملة القرآن**

**للإمام محي الدين أبي زكريا يحي بن شرف الدين النووي**

**ترجمه إلى الأويغورية: عطاء الله سعيد**

ساجىيە

نەشر قىلغۇچى: ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
مەسئۇل مۇھەررىرى: دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى ۋە بەتچىك: مۇھەممەد سابىر مۇھەممەد

2020 - يىل 10 - ئاي. ئىستانبۇل
ئالاقىلىشىش ئادرېسى: saciyeder@gmail.com

نەشر ھوقۇقى ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە
ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ خالىغانچە كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


مۇندەرىجە ........................................................ 1

ئوقۇرمەنلەر سەمىگە ........................................................ 9

كىتابتا ئۇچرايدىغان بەزى ئاتالغۇلار ................................................ 13

«دارۇل مىنھاج نەشرىياتى»نىڭ سۆزى ............................................ 15

ئىمام نەۋەۋىينىڭ تەرجىمىھالى ................................................ 19

كىتابنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........................................ 29

مۇقەددىمە ........................................................ 33

بىرىنچى باب ........................................................ 37

قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ۋە قارىيلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .................... 37

ئىككىنچى باب ........................................................ 41

قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ باشقا زىكىرلەردىن ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ............ 41

ئۈچىنچى باب ........................................................ 43

قارىيلارنىڭ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ........................................................ 43

تۆتىنچى باب ........................................................ 45

قۇرئان ئۆگەتكۈچى ۋە ئۆگەنگۈچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەب - قائىدىلەر .. 45

ئىخلاس قىلىش ........................................................ 45

دۇنياغا بېرىلمەسلىك ........................................................................ 47
ئىلىم ئۆگىنىش نىيىتىدىكىلەر ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك ئىشلار ........................ 48
قۇرئان ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ ئەخلاقلىرى............................................................ 49
مۇئەللىم قۇرئان ئۆگەنگۈچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى لازىم........................ 49
مۇئەللىم قۇرئان ئۆگەنگۈچىلەرگە كۆيۈنۈشى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى لازىم........... 50
مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى گۈزەل ئەدەب - ئەخلاققا ئىگە قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم . 51
ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ ھۆكمى........................................................................... 52
مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىلىم ئۆگىتىشتە قىزغىن بولۇشى لازىم........................ 52
ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارغا رەت تەرتىپى بويىچە دەرس بېرىش لازىم ..... 53
ئۆگەنگۈچىنىڭ نىيىتى................................................................................ 53
مۇئەللىمنىڭ ئەدەبلىرى............................................................................... 53
ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش لازىم.................................................................. 54
ئىلىم سورۇنىنى كەڭرى تۈزۈش..................................................................... 54
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبلىرى........................................................................... 54
لاياقەتلىك مۇئەللىمدە ئوقۇش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ........................ 55
ئىلىم سورۇنىغا كىرىشنىڭ ئەدەبلىرى............................................................ 56
ئوقۇغۇچىنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان ئەدەبلىرى .................................... 57
ئۇستازىنىڭ ئەڭ مۇناسىپ ۋاقتىنى تاللىشى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ جاپالىرىغا سەۋر قىلىشى لازىم............................................................................................. 57
ئىلمگە قىزغىن بولۇش توغرىسىدا ................................................................ 58
دەرسنى ئەتىگەن ئوقۇپ بېرىش ۋە ھەسەت قىلماسلىق، ئۆزىگە تەمەننا قويماسلىق........................................................................................ 59
**بەشىنچى باب**........................................................................... 61
**قارىيلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى توغرىسىدا** ........................................ 61

قۇرئاننى ئىرىكچىلىكنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش ۋە قۇرئان ئۆگىتىشكە ھەق ئېلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا ........................................................ 62

قۇرئاننى قەرەللىك تاماملاپ تۇرۇش توغرىسىدا ........................................... 64

كېچىدە قۇرئان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ................................................. 69

قۇرئاننى تەكرار قىلىپ تۇرۇش ۋە ئۇنتۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش ..................... 71

كۈندىلىك تىلاۋەت ۋەزىپىسىنى ئۇخلاپ قېلىپ ئوقۇيالمىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى .... 72

**ئالتىنچى باب** ............................................................................ 75

**قىرائەتنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى توغرىسىدا** ........................................... 75

قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن مىسۋاك ئىشلىتىش مۇستەھەپتۇر......................... 75

تاھارەتسىز قۇرئان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ...................................................... 76

قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىش ..................................................... 78

قۇرئان ئوقۇيدىغان ئورۇنلار توغرىسىدا ..................................................... 79

قۇرئان ئوقۇغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش ۋە ئولتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى......................... 81

قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن شەيتاندىن پاناھ تىلەشنىڭ مۇستەھەپلىكى ..................... 82

ھەرسۈرىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ﴿بىسمىللاھىرراھمانىررەھىيم﴾ دېيىش توغرىسىدا .... 82

قۇرئان ئوقۇغاندا مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ خۇشۇ بىلەن ئوقۇش ....................... 83

مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن بىر ئايەتنى تەكرارلاشنىڭ مۇستەھەپلىكى ......... 84

قۇرئاننى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇش توغرىسىدا ................................................ 85

قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى........................................ 87

مەزمۇنىغا قاراپ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا تەسبىھ ئېيتىش، پاناھلىق تىلەش ۋە دۇئا قىلىشنىڭ مۇستەھەپلىكى.......................................................... 88

بىپەرۋا قارىيلاردىن سادىر بولىدىغان بەزى سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىش.................. 89

قۇرئاننى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى.................................. 91

مۇتەۋاتىر ۋە شاز (مەشھۇر بولمىغان) قىرائەتلەر بىلەن قۇرئان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى .... 91

بىر قىرائەتتىن يەنە بىر قىرائەتكە يۆتكىلىشنىڭ ھۆكمى.................................. 92

قۇرئاننى سۈرىلەرنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە ئوقۇش.................................. 92

«قۇرئان»غا قاراپ ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكى.................................................. 94

تويلىشىپ قۇرئان ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى، جامائەت ئىچىدىكى قۇرئان ئوقۇغۇچىلارنىڭ، تىڭشىغۇچىلارنىڭ، ئۇلارنى قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن تويلىغان، قۇرئان ئوقۇشقا قىزىقتۇرغان ۋە تەكلىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى.......................... 95

قۇرئاننى ئايلاندۇرۇپ ئوقۇش............................................................... 97

قۇرئاننى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇش............................................................. 97

قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى.................................. 100

ئاۋازى چىرايلىق كىشىلەرنى قىرائەت قىلدۇرۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى.................... 102

قىرائەتنى باشلىغان ۋە توختاتقاندا مەنىسىنى ئاساس قىلىش.......................... 103

قۇرئان ئوقۇش مەكروھ بولىدىغان ئەھۋاللار................................................ 104

تىلاۋەت ئىشىدا چەكلىنىدىغان بىر قىسىم بىدئەتلەر................................... 106

دۇچ كېلىپ قالىدىغان بىر قىسىم ئالاھىدە مەسىلىلەر................................... 106

قۇرئان ئايەتلىرىنى ئادەتتىكى گەپ - سۆز قاتارىدا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ................... 108

قىرائەتنى ئۈزۈپ، توختاشقا بولىدىغان ئىشلار.............................................. 109

ئۆلىمالارغا، پەزىلەتلىك، سالىھ كىشىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى ... 110

نامازدىكى قىرائەتكە ئالاقىدار مۇھىم مەسىلىلەر............................................ 111

بىر رەكئەتتە بىر قانچە سۈرە ئوقۇشنىڭ ھۆكمى............................................ 113

نامازدا ئۈنلۈك ۋە ئۈنسىز قىرائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى..................................... 114

ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمام يەڭگىل توختايدىغان ئورۇنلار.......... 115

«آمين»نىڭ مەنىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار.......................................... 116

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ھۆكمى............................................................. 118

سەجدە ئايەتلىرىنىڭ سانى ۋە ئورۇنلىرى.................................................. 119

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى.................................121

نامازدا سەجدە قىلىش كەسكىن ۋاجىپ بولمىغان ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا سەجدە قىلىشىنىڭ ھۆكمى.........................................................................122

تىلاۋەت سەجدىسى قىلىدىغان كىشىلەر.................................................123

سەجدە ئايىتى بار جايىنىلا تاللاپ ئوقۇش................................................124

نامازدىكى تىلاۋەت سەجدىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر.............................124

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى...........................................................125

سەجدە ئايەتلىرىنى تەكرار ئوقۇشنىڭ ھۆكمى...........................................126

ئۇلاغقا مىنگەن كىشىنىڭ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشىنىڭ ھۆكمى ...................127

سەجدە ئايىتىنى نامازدا ئۆز ئورنىدىن باشقا ئورۇنلاردا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى............127

سەجدە ئايىتىنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى.........................127

سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغۇچىنىڭ سەجدىسى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ سەجدىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يوقلۇقى.....................................................................128

ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇشىنىڭ ھۆكمى..........................................128

ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنىڭ ھۆكمى.........128

رۇكۇنىڭ تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغانلىقى.................................129

تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ئۇسۇلى....................................................129

قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل ۋاقىتلار توغرىسىدا.................................133

قىرائەتتە ئاخىرىنى تاپالماي توختاپ قالغان قارىي قانداق قىلىدۇ؟......................134

قۇرئان ئايەتلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى.....................................134

قۇرئان خەتمىسىنىڭ ئەدەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا..........135

**يەتتىنچى باب** ........................................................................ 141

**بارلىق ئىنسانلارنىڭ قۇرئانغا قارىتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبلىرى توغرىسىدا** ........................................................................ 141

قۇرئاننى ئۇلۇغلاش ۋاجىپ................................................142
قۇرئاننى تەپسىر قىلىشنىڭ ھۆكمى.............................................143
قۇرئان ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى..........................144
«قۇرئاندىكى پەقەت ئاللاھنىڭ بايان قىلىپ بېرىشى بىلەنلا بىلگىلى بولىدىغان ئىشلار» ھەققىدە سوئال سوراشتىكى ئەدەبلەر..................................................145
«پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىم» دېيىشنىڭ مەكروھ ئىكەنلىكى...........................145
سۈرىلەرنى ئىسىملار بىلەن ئاتاش.................................................146
قىرائەتنى قىرائەت ئىماملىرىغا مەنسۇپ قىلىشنىڭ ھۆكمى..............................147
كافىرغا قۇرئان ئۆگىتىشنىڭ ھۆكمى...............................................147
دەمدە قىلىش ئۈچۈن قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىشنىڭ ھۆكمى...............................148
تام ۋە كىيىم - كېچەكلەرگە ئايەتلەرنى نەقىش قىلىپ ئويۇشنىڭ ۋە ئايەتلەردىن تىلتۇمار پۈتۈشنىڭ ھۆكمى..........................................................148
دەمدە قىلىش ئۈچۈن ئايەت ئوقۇپ سۈفلەشنىڭ ھۆكمى...................................149

**سەككىزىنچى باب ............................................................. 151**

**مەلۇم ۋاقىت ۋە ئەھۋاللاردا ئوقۇش مۇستەھەپ بولغان ئايەت ۋە سۈرىلەر توغرىسىدا ............................................................. 151**

ئىمام جۈمە نامىزى ۋە ئىككى ھېيت نامازلىرىدا ئوقۇيدىغان سۈرىلەر..........................151
بامدات بىلەن شامنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى، ئىستىخارە نامىزى ۋە ھېيت نامازلىرىدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر..........................................................152
جۈمە كۈنى ئوقۇش مۇستەھەپ بولغان سۈرىلەر.......................................153
«ئايەتۇلكۇرسى»نى، «فەلەق» ۋە «ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى...153
ئۇخلايدىغان چاغدا ئوقۇيدىغان ئايەت ۋە سۈرىلەر.......................................154
ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن ئوقۇيدىغان ئايەتلەر......................................155
كېسەل كىشىنىڭ يېنىدا ئوقۇيدىغان ئايەت ۋە سۈرىلەر....................................156

مېيىتنىڭ يېنىدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر.................................................. 156

**توققۇزىنچى باب** ........................................................................ 159

**«قۇرئان»نىڭ يېزىلىشى ۋە مۇسھەفنىڭ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا** ..... 159

«قۇرئان كەرىم»نى يېزىش ۋە ئۇنىڭغا چىكىت، زىر، زەۋەر، پەش قاتارلىق بەلگىلەرنى قويۇشنىڭ ھۆكمى.................................................................. 160

قۇرئاننى ناپاك نەرسىلەر بىلەن يېزىش ۋە تامغا يېزىشنىڭ ھۆكمى........................ 161

قۇرئاننى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداشنىڭ ۋاجىپلىقى.............................................. 161

قۇرئاننى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىش، زىممىي (مۇسۇلمانلار دۆلىتىدىكى مۇسۇلمان ئەمەس پۇقرا) غا قۇرئان سېتىش، ساراڭ كىشىنىڭ ۋە كىچىك بالىنىڭ قۇرئاننى كۆتۈرۈشىنىڭ ھۆكمى........................................ 162

تاھارەتسىز كىشىنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى ۋە كۆتۈرۈشىنىڭ ھۆكمى ....................... 162

قۇرئاننى بىۋاسىتە قول تەگكۈزمەي بىرەر نەرسە بىلەن ۋاراقلاشنىڭ ھۆكمى......... 163

تاھارەتسىز كىشىنىڭ قۇرئاننى يېزىشىنىڭ ھۆكمى ........................................ 164

تەپسىر، فىقھى، ھەدىس كىتابلىرىدەك قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلارنى تۇتۇشنىڭ ھۆكمى.............................................................. 164

بەدىنىدە نىجاسەت بار كىشىنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشىنىڭ ھۆكمى.............................. 165

سۇ تاپالمىغان كىشىنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشىنىڭ ھۆكمى...................................... 166

كىچىك بالىنىڭ قۇرئان تۇتۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشىنىڭ ھۆكمى...................... 166


قۇرئاننى سېتىش ۋە سېتىۋېلىشنىڭ ھۆكمى................................................. 167

**ئونىنچى باب** ........................................................................ 169

**كىتابنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدا كەلگەن بىر قىسىم ئىسىم ۋە سۆزلۈكلەرنىڭ توغرا ئوقۇلۇشى ۋە مەنىلىرى** ................................................................. 169

**خاتىمە** ........................................................................ 183

**كىتابتا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر**................................................. 185



# ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر! دۇئا ۋە سالاملىرىمىز ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ئەسھابىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ توغرا يولىغا ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن!

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ﴿**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ**﴾(ئەلەق: 1) دېگەن بۇيرۇق بىلەن نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋە 23 يىل جەريانىدا تولۇق تاماملانغان ئىلاھىي كىتابتۇر. ئۇ ھەرقانداق ئۆزگەرتىلىش ياكى بۇرمىلىنىشلاردىن خالىي، تاكى قىيامەتكىچە ئاللاھ تائالا قوغداشقا كاپالەتلىك قىلغان ساپ ۋەھيىدۇر. شۇنداقلا ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ كاتتا مۆجىزىسى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تۈزەيدىغان ھايات قانۇنى، ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، مۇئامىلە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە يېتەكچى رەھبەر ۋە ساماۋى دەستۇردۇر.

ئۇنىڭ ساماۋىيلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسى شۇكى، يەر يۈزىدە «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا ساپ ۋەھيي ياكى ئىلاھىي كىتاب دېيىشكە يارايدىغان بىرەر كىتابنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن، جانابىي ئاللاھ قۇرئاننىڭ بېشىدىلا ﴿**بۇ كىتابتا ھېچ شەك يوق**﴾(بەقەرە: 2) دېيىش ئارقىلىق بۇ ھەقتە ھەرقانداق بىر ئېھتىماللىققا يول قويمىغان.

دەرۋەقە، بۇ كىتاب ئاللاھنىڭ سۆزىدىن باشقا ھېچبىر مەۋجۇداتنىڭ سۆزى ئارىلىشىپ قالغان ياكى پىكرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۆزى ھەققىدە ئېيتقىنىدەك ﴿**ئۇ ببىاھا كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان**﴾(فۇسسىلەت: 41 - 42) كىتابتۇر.

دېمەك «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە نازىل قىلىپ بەرگەن ھىدايەت كىتابى ۋە بىزگە تاشلاپ بەرگەن قۇتقۇزۇش ئارغامچىسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلغان ۋە ئەمەل قىلغانلار نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر.

قۇرئاندىن قالسا ئەڭ سەھىھ كىتاب بولغان «سەھىھۇل بۇخارىي» ناملىق كىتابتا ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر»[1] دېگەن سۆزىمۇ قۇرئاننىڭ ئەقىدە، ئەھكام ۋە بارلىق مەزمۇنلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەلۋەتتە، قۇرئاننى ئۆگىنىش، تىلاۋەت قىلىش، يادلاش ۋە توغرا تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگىتىشمۇ ئەۋزەل ئىبادەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەر قاتارىدا ﴿**قۇرئاننى تەرتىل**[2] **بىلەن ئوقۇغىن**﴾(مۇززەممىل: 4) دېگەن بۇيرۇقمۇ بار بولۇپ، ھەربىر مۇسۇلمان بۇ ئەدەب - قائىدىگە رىئايە قىلىشى، بولۇپمۇ قارىيلار بۇنىڭغا ئىنچىكە ئەمەل قىلىپ مېڭىشى كېرەك.



ھەربىر ئەمەل - ئىبادەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەدەب - قائىدىسى، ئەھكاملىرى بولغىنىدەك، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئالاقىدار، بولۇپمۇ «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادلىغان قارىيلارغا خاس ئەدەب - قائىدىلەرمۇ، ئەھكاملارمۇ بار. بۇلارنى پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرىگە، ساھابىلىرى تابىئىنلارغا، ئۇلار بولسا ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قالدۇرۇپ كەلگەن. دىيارىمىزدىكى نۇرغۇن قارىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئاتاقلىق ئۇستازلارنىڭ تىلاۋەت ۋە تەجۋىد سەنەدلىرى پەيغەمبىرىمىزگە تۇتاشقىنىدەك، ئۇلار قارىيلىقتا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىپ كەلگەن ئەدەب - قائىدە، ئەھكاملارمۇ پەيغەمبىرىمىزدىن يېتىپ كەلگەن ئىلىم ئىدى. پەيغەمبىرىمىز زامانىدا «قارىي» دېگەن نام قۇرئان كۆرسەتمىلىرىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ ئەمەل قىلىدىغان زاتلارنى كۆرسىتەتتى. تېخى يېقىنقى زامانلارغا قەدەر دىيارىمىزدىكى ئۇستازلارمۇ قىرائەت ۋە تەجۋىد بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇپ قارىيلارغا خاس ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، تەقۋادارلىق ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنىمۇ بىللە ئوقۇتاتتى.

---

(1) «بۇخارىي»، 5027 - ھەدىس.

(2) «تەرتىل»: قۇرئان كەرىمنى ئۇسۇل ۋە قائىدىسىگە ئۇيغۇن شەكىلدە، دانە - دانە، ئوچۇق، توختايدىغان جايدا توختاپ، گۈزەل، لايىقىدا ۋە تەرتىپ بويىچە نۇقسانسىز بىر شەكىلدە ئوقۇش – ت.

ئەپسۇسكى، قۇرئانچە ياشايدىغان، ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى ھەركۈن دېگۈدەك ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرۇپ تۇرىدىغان رەببانىي ئۇستازلارنىڭ بىر - بىرلەپ دۇنيادىن كېتىشى بىلەن قارىيلىق پەقەتلا يادلاشنى بىلىدىغان، ئەمما، ئۇنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرىگە رىئايە قىلمايدىغانلارنىڭ نام - ئاتىقىغا، ئۇنى ئوقۇش بەزىلەر ئۈچۈن بولسا تىرىكچىلىك يولىدىكى ئاددىي ۋاسىتىغا، ئۇنىڭ تىلاۋىتى بولسا بەزىبىر مۇراسىملاردا ئىجرا قىلىنىدىغان ئادەتكە، شەكىلگە، ئالۋانغا ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا ئۇنىڭ تىلاۋىتى تىرىكلەرنىڭ ھاياتىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئاساسەن ئۆلۈكلەرگىلا ئاتاپ ئوقۇيدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ھالبۇكى، قۇرئان تىلاۋىتى ئۆلۈكلەر ئۈچۈن رەھمەت بولۇشتىن بەكرەك ھاياتلارنىڭ روھىيىتىنى تىرىك تۇتقۇچى بىباھا ئېكسىر، قەلبلەرنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن شىپالىق يامغۇر ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، قۇرئان تىلاۋىتى مۇسۇلمان ئۈچۈن كۈندىلىك ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشى تەرغىب قىلىنغان ئالاھىدە ئىبادەت ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، «ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى» ساغلام ئىسلام چۈشەنچىسىنى قانات يايدۇرۇش ۋە قارىيلىقتىن ئىبارەت پەزىلەتلىك مەرتىۋە ۋە ۋەزىپىنى توغرا يۆنىلىشتە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشىنى كۆزلەپ، ئۇيغۇر خەلقىگە «ياخشىلار باغچىسى» (رياض الصالحين) ئاتلىق ئەسىرى بىلەن تونۇلغان بۈيۈك ئالىم، ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھنىڭ بۇ خۇسۇستىكى «التبيان في آداب حملة القرآن» ئاتلىق ئەسىرىنى «قارىيلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى» نامى بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى نەشرگە تەييارلاپ ئەزىز ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى. ئەسەر ئون بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇپ، يادقا ئېلىشنىڭ پەزىلەتلىرى، قۇرئان ئۆگەتكۈچى ۋە ئۆگەنگۈچىلەر رىئايە قىلىشى كېرەك بولغان ئاساسلار، شەخسنىڭ قۇرئانغا قارىتا ۋەزىپىلىرى، قۇرئاننىڭ مەلۇم ۋاقىت ۋە شارائىتلاردا ئوقۇلۇشى ساۋاب بولغان ئايەت ۋە سۈرىلەر دېگەندەك خۇسۇسلار قەلەمگە ئېلىنغاندۇر.

ئەسەر «دارۇل منهاج نەشرىياتى» تەرىپىدىن ھىجرىيە 1432، مىلادى 2011 - يىلى لىۋان ئەرەب جۇمھۇرىيىتى بېيرۇت شەھرىدە چاپ قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن، ھىجرىيە 1440، مىلادىيە 2019 - يىلى 5 - ئايدا تۇنجى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى ئېلان قىلىندى.

ئەسەرنىڭ تۇنجى نەشرى قىسقا ۋاقىتتا تۈگەپ، ئېھتىياجغا بىنائەن ئىككىنچى قېتىم نەشرگە تەييارلاندى. بۇ قېتىم ئەسەرنىڭ تۇنجى نەشرىدە كۆزدىن قاچقان بەزى ئىملا خاتالىقلىرى تۈزىتىلدى.

ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن سۈرە ۋە ئايەتلەر دەلىل ماھىيىتىدە بولغانلىقى ۋە ئانا تىما «قۇرئان كەرىم» بولغانلىقى يۈزىدىن ئىستىسنالار سىرتىدا ھەم ئەرەبچە ھەم

ئۇيغۇرچە مەنە تەرجىمىسى بېرىلدى. ھەرئايەتنىڭ ئۇيغۇرچە مەنە تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىغىلا شۇ ئايەت كەلگەن سۈرە نامى ۋە ئايەت نومۇرى بېرىلدى (مەسىلەن، ﴿**وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ**﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن﴾(ھىجر: 88)).

بۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمىدىن پەقەت قارىيلارلا ئەمەس، قۇرئان ئىلمىگە قىزىققۇچى باشقا ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ پايدىلىنىشىغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، بۇ قېتىم ئەسەردە ئۇچرايدىغان بەزى دىنىي ئاتالغۇلارغا كىتابنىڭ بېشىدا ئىزاھ بېرىلدى.

كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان بەزى مۇھىم شەخسلەر ھەققىدە ئۇيغۇر كونا يېزىق ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە قىسقىچە تەرجىمھال بېرىلدى.

ئەسەرنىڭ ئەرەبچىسىدە بېرىلگەن ھىجرىي يىل بىلەن بىرگە ماس ھالدىكى مىلادىيە يىلىمۇ «ھ. / م.» شەكلىدە بېرىلدى.

ئەسەردە ئېھتىياجغا قاراپ تەرجىمان نامىدىن ياكى ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھلار «– ت» شەكلىدە ئەسكەرتىلدى.

جانابىي ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ھۆرمەتلەش، ئوقۇش ۋە يادلاشقا ئالاقىدار ئەدەب - قائىدە ۋە ئەھكاملارنى توپلاپ قەلەم تەۋرەتكەن ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھقا، ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىغا، نەشرگە تەييارلىغۇچىغا، بېسىپ تارقاتقۇچىغا ۋە بۇ ئىشلارغا كۈچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ئۆز لايىقىدا ئەجىر ئاتا قىلغاي، ئامىن!



دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ

ھىجرىيە 1441 - يىل، زۇلقەئدە.

مىلادىيە 2020 - يىل، ئىيۇن.

## كىتابتا ئۇچرايدىغان بەزى ئاتالغۇلار

**سەنەد:** (السند) لۇغەت مەنىسى تايىنىلىدىغان يەر، ياردەم ئېلىنىغان نەرسە، دەلىل دېمەكتۇر.

**ئىسناد:** (الإسناد) بىر ھەدىس ياكى بىر سۆزنى تۇنجى رىۋايەت قىلغۇچى ياكى تىلغا ئالغۇچىنى ئىما قىلىش ئۈچۈن سەنەددە ئورۇن ئالغان راۋىلارنىڭ ئىسىملىرىنى زىكىر قىلماق.


**تەخرىج:** (التخريج) ھەدىسلەرنىڭ ئەسلى مەنبە ۋە ئىسنادلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەش، سەھىھ ۋە زەئىپ دەرىجىلىرىنى بايان قىلىش.



**سەھىھ ھەدىس:** (الصحيح) ئىشەنچىلىك دەپ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن كېرەكلىك شەرتلەرنى ھازىرلىغان ۋە دىنىي خۇسۇسلاردا دەلىل سۈپىتىدە قوللىنىلىغان ھەدىسلەر. بۇ ھەدىسلەر توپلانغان كىتابلار: جامىئۇس سەھىھ دېيىلىدۇ ۋە ئەڭ مەشھۇرلىرى: ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ «سەھىھلەر توپلىمى» (الجامع الصحيح) لىرى بولۇپ ئىككى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى مەنىسىدە «الصحيحين» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ھەسەن ھەدىس:** (الحسن) دىنىي خۇسۇسلاردا دەلىل سۈپىتىدە قوللىنىلىغان ماقۇل ھەدىس تۈرى.

**زەئىپ ھەدىس:** (الضعيف) سەھىھ ۋە ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ياكى بىرقانچىسى ھازىرلانمىغان رىۋايەتلەر ئۈچۈن قوللىنىلىغان ھەدىس ئاتالغۇسى.



# «دارۇل مىنھاج نەشرىياتى»نىڭ سۆزى

«قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىپ، ئۇنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان، ئۇ ئارقىلىق بىزلەرنى توغرا يولغا باشلىغان ۋە «رەببىم مېنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىدى» دېگەن گۈزەل ئەخلاقلىق پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشى، ئالماشتۇرۇۋېتىشى ۋە قالايمىقان چېقىلىشلىرىدىن ساقلىغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە بىز چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز**﴾ (ھىجىر: 9).

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ پاك، ئېسىل ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ھىدايەتكە باشلىغۇچى، تەقۋادار ساھابىلىرىگە، قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرگە قارىيلارنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى ۋە ئەزانلارنىڭ ئاسمانغا ئۆرلىشى توختىغانغا (يەنى قىيامەتكە) قەدەر ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى بولسۇن!



ھەقىقەتەن، كۈنىمىزدە بىز تىلاۋەت قىلىۋاتقان «قۇرئان كەرىم» جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەل ئۆزىدۇر.

ئۇ تا ھازىرغا قەدەر، يۇرت - يۇرتلاردا، مەسجىد - مېھرابلاردا، ئىسلامىي تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىدە سان - ساناقسىز كىشىلەر ئۈچۈن ھىدايەت مەشئىلى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ دۇنيادىمۇ جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئېلىپ چۈشكەن ئەسلى ھالىتى بويىچە تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدۇ.

سەھىھ ھەدىستە : «قىيامەت كۈنى قارىيغا: ‹ئوقۇ، ئۆرلە، دۇنيادا تەرتىل قىلىپ ئوقۇغىنىڭدەك تەرتىل بىلەن ئوقۇ! سېنىڭ مەرتىۋەڭ سەن ئوقۇغان ئاخىرقى ئايەت بىلەن بەلگىلىنىدۇ› دېيىلىدۇ»[1]، دېيىلگەن.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىش ۋە مەڭگۈلۈك كىتاب بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا كىتابلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ،

(1) «تىرمىزىي»، 2914 - ھەدىس؛ ئەبۇ داۋۇد، 1464 - ھەدىس. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان. تىرمىزىي «ھەسەن» دېگەن.

ئۇ ئاللاھنىڭ داستىخىنى، ئارغامچىسى، روشەن نۇر، شىپالىق دورا، چىڭ ئېسىلغانلارنى ساقلاپ قالغۇچى، ئەگەشكەنلەرنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگۈچىدۇر.

ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ئېزىپ كېتىپ مەغپىرەت تىلەشكە، خاتا كېتىپ توغرىلاپ قويۇشقا موھتاج بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئاجايىباتلىرى تۈگىمەيدۇ، تەكرار - تەكرار ئوقۇش بىلەن كونىراپ قالمايدۇ. بۇلارغا ھەدىس شەرىفلەردە ئىشارە قىلىنغان.

شۈبھىسىزكى، قۇرئان تىلاۋىتى زىكىرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. تىلاۋەت قىلىشتا قارىيلارنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەب - قائىدىلىرىنىڭ، مەقسەت ۋە يولىيورۇقلارنىڭ بولۇشىدىمۇ ھېچ شەك يوقتۇر.

بۇ كىتاب قارىيلار ۋە قىرائەتنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى، پەزىلەتلىرى ۋە قىرائەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدىكى قىممەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىمام نەۋەۋىينىڭ قىممەتلىك خەزىنىلىرىنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلغان «شام بەرىكەتلىرى»نىڭ جۈملىسىدىندۇر[1]. بۇ كىتابنى ئىمام نەۋەۋىينىڭ ماختىغانلىقى ۋە «قىممەتلىك كىتاب» دەپ سۈپەتلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى بىلىشتە يېتەرلىكتۇر.

16

ۋاقىتلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى دۇنيا ھەلەكچىلىكى ۋە تىرىكچىلىك مۇشكۈلاتلىرى ئەسىر ئالغان بۇ كۈنلەردە رەببىمىزنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق رەببىمىزگە قايتىشىمىز ۋە ئىمانىمىزنى يېڭىلىشىمىز نەقەدەر زۆرۈر - ھە!

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ قەلبلىرىڭلاردىكى ئىمانمۇ كىيىم كونىرىغاندەك كونىرايدۇ. ئاللاھتىن قەلبلىرىڭلاردىكى ئىماننى يېڭىلاپ بېرىشنى تىلەڭلار»[2]، دېگەن.

شەكسىزكى، دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە خالىس ئەمەللەرنى قىلىشمۇ زۆرۈر. چۈنكى، ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرغۇچى ئەمەللەر ئارقىلىق ئىمان كۈچىيىدۇ. قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ، چۈشىنىپ، خۇشۇ (ئاللاھتىن ئەيمىنىش) ۋە تەرتىل قىلىپ ئوقۇش ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ چوڭ ئەمەللەر جۈملىسىدىندۇر. ئۇ ئارقىلىق ئىمان تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

(1) بۇ يەردە ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى ئاللاھ! شامىمىزغا ۋە يەمەنىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن!» دېگەن دۇئاسىنىڭ بەرىكەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «بۇخارىي»، 1037 - ھەدىس.

(2) بۇ ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستۇر. «ئەلمۇستەدرەك»، 5 - ھەدىس.

بىزنى قۇرئان ئوقۇشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇيرۇغان. پەيغەمبىرىمىز بىر سەھەر ھەدىستە: «قۇرئاننى ئايدا بىر قېتىم ئوقۇپ تۈگىتىڭلار... يىگىرمە بەش كۈندە بىر قېتىم ئوقۇپ تۈگەتكىن... يىگىرمە كۈندە بىر قېتىم ئوقۇپ تۈگەتكىن... ئون بەش كۈندە بىر قېتىم ئوقۇپ تۈگەتكىن... يەتتە كۈندە بىر قېتىم ئوقۇپ تۈگەتكىن... قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا ئوقۇپ تۈگەتكەن كىشى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ»[1]، دېگەن.

مانا، بۇ ھەدىس شەرىفتىن داۋاملىق قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇشنىڭ كۈچلۈك تەرغىب قىلىنغانلىقى، قۇرئاننى ئوقۇماي تاشلاپ قويۇش چەكلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ دىللارنى يورۇتقۇچى نۇر، ھىدايەتكە باشلىغۇچى توغرا يولباشچىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يوليورۇقلىرىنى كىملەر لايىقىدا ئورۇنداپ كېلىۋاتىدۇ؟! كىملەر ئايدا بىرەر قېتىم قۇرئان تامام قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ؟!

بەزى مۇسۇلمانلار رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا ئەسلا قۇرئان ئوقۇمايدۇ، رامىزاندا ئوقۇپ قويۇپلا كېلەر يىلغىچە قۇرئاننى پۈتۈنلەي تاشلاپ قويىدۇ، دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. بەلكى قۇرئان ئوقۇشقا سەل قارىغان بۇ مۇسۇلمانلار مەسجىدكە كىرىپ، قۇرئاننى ئوقۇي دەپ ئېچىپ بولۇپلا ئوقۇشتىن زېرىكىپ يەنە يېپىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان ئۇلارغا: ئوقۇماي تاشلاپ قويىدىغان ھالىڭغا مېنى تۇتمىساڭ بولماسمىدۇ؟ سىلەر ئاللاھ بىلەن سىرداشلاشقا، قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىلار ئېرىشىدىغان ئالىي ماقاملارغا ئېرىشىشكە لايىق ئەمەسسىلەر، دەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تۆزىتىشكە تېگىشلىك ئەھۋال ئىكەنلىكىنىڭ جىددىي سىگنالىدۇر. ئىماندىكى ئىتتىش زۆرۈر بولغان يوچۇقتۇر.

بىزلەر ئىلگىرى ئۆتكەن سالىھلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى كۆڭلۈك ۋەزىپە قىلىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ۋەزىپىنى ناماز شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

ھاسىلىكالام، بۇ زۆرۈر ۋەزىپە سەل قارالماقتا ياكى تاشلاپ قويۇلماقتا. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلەتلىرى، ئۇنى ئۆزئارا تىڭشىشىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە ئەدەبلىرى، سەلەف - سالىھلارنىڭ قۇرئان تامام قىلىش ئادەتلىرى، قارىيلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، كىتابنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ئىمان ئەھلى ئۈچۈن ئەسلەتمە، ئىرپان ئەھلى ئۈچۈن ئىشارەت بولغۇسى.

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 6546 - ھەدىس.

بۇ كىتاب مەزمۇنى ئېسىل، نوپۇزلۇق كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن «دارۇل مىنهاج نەشرىياتى» مەزكۇر كىتابنىڭ نوپۇزى ۋە ئېسىل مەزمۇنىغا يارىشا خىزمەت قىلىشنى كۆنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، بۇ كىتابنى تەھقىقلىدى، ئېنىقسىز سۆزلۈكلەرنى ئىزاھلىدى، چۈشىنىش قىيىن، مۇجمەل يەرلىرىنى شەرھلىدى، ھەدىسلىرىنى تەخرىج قىلدى، قىيىن مەسىلىلىرىنى ئاسانلاشتۇردى، مەزمۇنلىرىغا تېما قويۇپ تىرناق بىلەن پەرقلەندۈردى. كىتابنىڭ مەقسىتىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدىغان ئەھمىيەتلىك، پايدىلىق ئىزاھاتلارنى بەردى. كىتابتىكى ھەدىسلەر ۋە مەزمۇنلار ئۈچۈن بىرنەچچە مۇندەرىجە قىلدى، شۇنداقلا تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنىمۇ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب كۆركەم تونلىرىنى كىيىپ گۈزەل قىياپەتتە نامايان بولدى.

ئاللاھنىڭ مېنى بۇ ياخشى ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا شۈكۈرلەر بولسۇن!

بۇ كىتابقا مەنپەئەتلىك، ئالاھىدە خىزمەتلەرنى قىلغان ھەيئەتنى خالىس دۇئالىرىمىزدا ياد ئېتىمىز.

ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ قەدەملىرىنى ئۈممىتىمىزگە مەنپەئەتلىك ئىشلارغا توغرىلاپ بەرسۇن!

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

«دارۇل مىنهاج نەشرىياتى»

# ئىمام نەۋەۋىينىڭ تەرجىمھالى

## ئىسمى، تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى

شەيخۇلئىسلام ئىمام نەۋەۋىي ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك مۇھەددىسى، فەقىھى ۋە رەببانىي ئالىمى بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى شەرەف ئىبنى مۇررىي ئىبنى ھەسەن ئىبنى ھۈسەين ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى جۇمۇئە ئىبنى ھىزام نەۋەۋىيدۇر.

ئىمام نەۋەۋىي ئۆز دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ياشاپ ئۆتكەن فەقىھلەردىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدىغان پەرھىزكارلىقى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن، نامى تىللاردا داستان بولغان ئاللاھنىڭ ئارىفى، زاھىد بەندىلىرىدىن بىرى ئىدى. مەسىلەن، ئۇ دىمەشىق باغلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق مەسىلىسىدە شۈبھە بار، دەپ قارايدىغان بولغاچقا، ئۇ باغلارنىڭ مېۋىلىرىنى يېمىگەن[1]. ئۇ بۇنى ئوچۇق ئېيتقان.

ئۇ ئاممىۋى مۇنچىلارغا كىرمەيتتى، بىر كېچە - كۈندۈزدە خۇپتەندىن كېيىن بىرۋاقلا تاماق يەيتتى، ئەتىگىنى بىر يۇتۇملا سۇ ئىچىپ شۇنى سوھۇرلۇققا ھېساب قىلاتتى. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ھەممە ئىشلىرىدا ئىنتايىن ئىقتىسادچان، تۇرمۇشىنىڭ قاتتىقچىلىقلىرىغا نىسبەتەن سەۋرچان ئىدى.

ئۇ «ئەشرەفىيە دارۇل ھەدىس مەدرەسەسى»نىڭ باش شەيخلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن مەدرىسەدىن ئازراقمۇ مائاش ئالمىغان، ھەدىيەمۇ قوبۇل قىلمىغان. ئۇ پەقەت دادىسى يۇرتى نەۋادىن ئەكىلىپ بېرىدىغان تاتلىق - تۈرۈم ۋە ئەنجۈر بىلەنلا ئوزۇقلىناتتى. ئۇچىسىغا يۇرتىغا خاس ھەۋران كىيىمى، بېشىغا شەبەختان سەللىسى كىيەتتى. بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل يېمەكلىك يېمەيتتى. ۋاقتىنى تائەت - ئىبادەتسىز ئۆتكۈزمەيتتى، بىراۋ يوقلاپ كەلسە پەقەت سالاملا قىلاتتى ۋە زۆرۈر ئىلمىي مەسىلىلەرگىلا جاۋاب بېرەتتى، ئەگەر يېنىدا ئولتۇرسا مەشغۇل قىلماسلىقى ئۈچۈن ئوقۇشقا كىتاب بېرەتتى. ھەربىر ھەرىكەت ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا، باسقان قەدەم ۋە ئوي - خىياللىرىدا ئاللاھنى ئېسىدىن چىقارمايتتى. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتى. سۇلتان زاھىرغا كۆپ قېتىم تۈزىتىش بەرگەن ئىدى. سۇلتان:«مەن مۇشۇ نەۋەۋىيدىن باشقا ھېچ كىشىدىن ئەيمەنمەيمەن» دەيتتى ۋە ئۇ بۇيرۇغان ھەممە ئىشلارنى ئىجرا قىلاتتى.



---

(1) دىمەشىق شەھىرىدە ۋەقپە زېمىنلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بىلمەي ئۇ زېمىنلاردىن كەلتۈرۈلگەن مېۋىلەرنى يەپ سېلىشنى كۆڭلى كۆتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان – ت.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ راستچىللىقىنىڭ، ئىخلاسىنىڭ، ئىلىم ۋە ئەمەلدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئىمام نەۋەۋىينى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلغان، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلغان، پەزىلى ۋە سېخىيلىقلىرىنى تۆكۈۋەتكەن ئاللاھ ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكتۇر، بۈيۈك پەزىلەت ئىگىسىدۇر.

ئىمام نەۋەۋىينىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شاگىرتى ئالائۇددىن ئىبنى ئەتتار (ئۆ. ھ. 724 / م. 1324) ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە ئايرىم بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئىمام نەۋەۋىي ھىجرىيە 631 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئون كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يەنى مىلادىيە 1233 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۈگۈنكى سۈرىيە ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا دەرا ۋىلايىتىگە قاراشلىق نەۋا قەسەبەسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان (پايتەخت شامغا 85 كىلومېتىر كېلىدۇ) ئۇ كىچىككىدىن باشلاپلا زېرەكلىكتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈش بىلەن تونۇلغان. «قۇرئان كەرىم»نى مەھەللىسىدە يادلاپ تۈگەتكەن. ھ. 649 / م. 1251 - يىلى، تېخى 18 يېشىدا دىمەشىققە كېلىپ تۆت يېرىم ئاي ئىچىدە «التنبيه»[1] ناملىق كىتابنى ئۇستازدا ئوقۇپ تۈگەتكەن. يىلنىڭ قالغان قىسمىدا «المهذب»[2] ناملىق كىتابنىڭ تۆتتىن بىرىنى يادلاپ بولغان. ئۇ شەيخ كامالىددىن ئىسھاق ئىبنى ئەھمەد ئەلمەغرىبىينى ئۇستاز تۇتقان. ئۇنىڭ يېنىدا ئوقۇغۇچىلارغا دەرس تەكرار قىلىپ بېرەتتى. ئۇ ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت بېقىنىنى يەرگە چاپلاپ قېنىپ ئۇخلاپ باقمىغان. «رەۋاھىيە مەدرەسەسى»[3] دە ھ. 651 / م. 1253 - يىلغىچە ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالغان. ئاتىسى بىلەن بىللە ھەج قىلغان.



## ئىمام نەۋەۋىينىڭ ئۇستازلىرى

ئىمام نەۋەۋىي ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈكلىرى، ئىسلامنى ھىمايە قىلغۇچى كاتتىلىرى بولغان نۇرغۇن ئالىملاردىن ئىلىم ئۆگەنگەن. ئۇلار:

1. ئىمام كامالىددىن ئىسھاق ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئوسمان ئەلمەغرىبىي. ھىجرىيە 650 / مىلادى 1252 - 1253 - يىلى ۋاپات بولغان.

(1) ئەبۇ ئىسھاق شىرازى (ھ. 393 – 476 / م. 1003 – 1083) تەرىپىدىن يېزىلغان شافىئىي مەزھىبىنىڭ بەش ئاساسىي مۇختەسەرىدىن بىرىدۇر – ت.

(2) ئەبۇ ئىسھاق شىرازى (ھ. 393 – 476 / م. 1003 – 1083) تەرىپىدىن يېزىلغان شافىئىي فىقھىغا دائىر ئەسەر – ت.

(3) ئىبنى رەۋاھە دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان كاتتا باي ئەبۇلقاسىم ھىبەتۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ۋەقپە قىلغان دەمەشق شەھرىدىكى بىر مەدرىسە. «الدارس في تاريخ المدارس للنعيمي» – ت.

2. ئىمام كامالىددىن سەللار ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئۆمەر ئىربىلىي. ھ. 670 / م. 1271 - 1272- يىلى ۋاپات بولغان.

3. ئىمام شەمسۇددىن ئابدۇرراھمان ئىبنى نۇھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلمەقدىسىي. ھ. 654 / م. 1256 - يىلى ۋاپات بولغان.

4. شەيخ ئىززەددىن ئۆمەر ئىبنى ئەسئەد ئىبنى ئەبى غالىب رىبئىي ئەلئىربىلىي. ھ. 675 / م. 1276 - 1277- يىلى ۋاپات بولغان.

5. قازى ئۆمەر ئىبنى بۇندار ئىبنى ئۆمەر ئەتتىفلىسىي. ھ. 601 - 602 – 672 / م. 1205 – 1273 - 1274- يىلى ۋاپات بولغان.

6. شەيخ ئىبراھىم ئىبنى ئىيسا ئەلمۇرادىي. ھ. 668 / م. 1269- يىلى ۋاپات بولغان.

7. شەيخ رەزىييۇددىن ئىبراھىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى مۇزەر ئەلمىسرىي ئەلۋاسىتىي. ھ. 664 / م. 1266 - يىلى ۋاپات بولغان.

8. ئىمام شەمسۇددىن ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسىي. ھ. 682 / م. 1283 - 1284 - يىلى ۋاپات بولغان.

9. شەيخ ئىمادۇددىن ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئابدۇسسەمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلئەنسارىي ئەددىمەشقىي ئىبنى ئەلھەرىستانىي. ھ. 662 / م. 1264 - يىلى ۋاپات بولغان.



10. ئىمام تاجۇددىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى زىيا ئەلفەزارىي ئىبنى ئەلفەركاھ. ھ. 690 / م. 1291 - يىلى ۋاپات بولغان.

11. ئىمام شىھابۇددىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئىسمائىل ئەددىمەشقىي ئەبۇ شامە. ھ. 665 / م. 1267 - يىلى ۋاپات بولغان.

12. ئىمام، ئەللامە جامالىددىن ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك. ھ. 672 / م. 1273 - 1274 - يىلى ۋاپات بولغان.

13. ئىمام ئەھمەد ئىبنى سالىم ئەلمىسرىي. ھ. 664 / م. 1266 - يىلى ۋاپات بولغان.

14. ئىمام، ھافىز خالىد ئىبنى يۈسۈف ئىبنى سەئد ئەننابۇلۇسىي. ھ. 663 / م. 1265 - يىلى ۋاپات بولغان.

15. شەيخ ئىبراھىم ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئىبنى فەزل ئەلۋاسىتىي. ھ. 692 / م. 1293 - يىلى ۋاپات بولغان.

16. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابدۇددائىم ئەلمەقدىسىي. ھ. 668 / م. 1269 - 1270- يىلى

ۋاپات بولغان.

17. ئىمام ئىسمائىل ئىبراھىم ئىبنى ئەبى يۇسر ئەتتەننۇخىي. ھـ. 672 / م. 1273 - 1274 - يىلى ۋاپات بولغان.

18. ئىمام ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن ئەلئەنسارىي. ھـ. 662 م. 1264 - يىلى ۋاپات بولغان.

19. ئىمام جامالىددىن يەھيا ئىبنى ئەبى مەنسۇر ئىبنى ئەبىل فەتھ ئەلھەررانىي ئەسسەيرەفىي. ھـ. 678 / م. 1279 - 1280 - يىلى ۋاپات بولغان.

ئاللاھ تائالا ئىمام نەۋەۋىينىڭ ۋاقتىغا بەرىكەت بەرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا قۇرئان - سۈننەتنى تېگىگە يېتىپ چۈشىنەلەيدىغان چوڭقۇر چۈشەنچە ئاتا قىلغان.

## ئىمام نەۋەۋىينىڭ شاگىرتلىرى

ئىمام نەۋەۋىينىڭ قولىدا نۇرغۇن فىقھشۇناسلار يېتىشىپ چىققان ۋە كۆپلىگەن ئالىملار ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇلار:

1. قازى سەدرۇددىن سۇلايمان ئىبنى ھىلال ئىبنى شىبل ئەددارانىي. ھـ. 725 / م. 1325 - يىلى ۋاپات بولغان.

2. ئىمام ئەلائۇددىن ئەلى ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەلئەتتار. ھـ. 654 – 724 / م. 1256 – 1324- يىلى ۋاپات بولغان.

3. ئىمام، ھافىز جامالىددىن يۈسۈف ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى يۈسۈف ئەلمىززىي. ھـ. 654 – 742 / م. 1256 – 1341 - يىلى ۋاپات بولغان.

4. باش قازى مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكرى ئىبنى ئەننەقىيب. ھـ. 745 / م. 1344 - 1345 - يىلى ۋاپات بولغان.

5. ئىمام بەدرۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى سەئدۇللاھ ئىبنى جەمائە. ھـ. 639 – 733 / م.1241 – 1333- يىلى ۋاپات بولغان.

6. شەيخ ئەمىنۇددىن سالىم ئىبنى ئەبۇددۇر. ھـ. 726 / م. 1326 - يىلى ۋاپات بولغان.

7. ئىمام، ھافىز شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئاббاس ئىبنى جەئۋان. ھـ. 682 / م. 1284 - يىلى ۋاپات بولغان.

8. ئىمام شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇلفەتھ ئەلھەنبەلىي. ھـ. 709 / م. 1309 - 1310 - يىلى ۋاپات بولغان.

9. شەيخ شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى فەرەھ ئەلئىشبىلىي. ھـ. 624 – 699 / م. 1227 – 1300 - يىلى ۋاپات بولغان.

10. ئىمام رەشىد ئىبنى مۇئەللىم ئەلھەنەفىي، ھـ. 714 / م. 1314 - 1315 - يىلى ۋاپات بولغان.

11. ئىمام ئەلائۇددىن ئەلى ئىبنى ئەييۇب ئىبنى مەنسۇر ئەلمەقدىسىي. ھـ. 748 / م. 1347 - 1348 - يىلى ۋاپات بولغان.

12. شەيخ ھىبەتۇللاھ ئىبنى ئابدۇرېھىم ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەلبارىزىي. ھـ. 645 – 738 / م. 1246 – 1338 - يىلى ۋاپات بولغان.

## ئىمام نەۋەۋىينىڭ ئەسەرلىرى

ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەسەرلىرى بىلەن مەزھەبداشلىرىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭمۇ پايدىلىنىش نېمىتىنى پۈتتۈۋەتكەن ئىكەن. ئۇلار:



**ھەدىس:**

1. «ياخشىلار باغچىسى» (رياض الصالحين): ئىسلامىي ئەخلاق ۋە ئەدەب ھەققىدىكى ئەسەر، 18 باب، 1900 ئىشەنچىلىك ھەدىستىن تەشكىل تاپقان. ھـ. 670 / م. 1272 - يىلى رامىزاننىڭ 14 - كۈنى (14- ئاپرېل) تاماملانغان؛

2. «ئەلمىنھاج» (المنهاج): ئىمام مۇسلىم ىبن ھەججاجنىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» (سەھىھۇ مۇسلىم) غا يېزىلغان شەرھلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرىدۇر. ھـ. 674 / م. 1275 - يىلدىن كېيىن يېزىلغان. ھاياتىنىڭ سوڭغى ئىككى يىلىدا يېزىلغان ئەسەردە ھەدىسلەرنىڭ سەنەدىدىكى راۋىلار تونۇشتۇرۇلغان، مەتنىلەردىكى مۆجمەل كەلىمىلەرگە ئېنىقلىما بېرىلىپ، بىر - بىرىگە زىتتەك كۆرۈنگەن ھەدىسلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ دىققەتكە سازاۋار يەنە بىر تەرىپى «سەھىھۇ مۇسلىم» نىڭ بابلارغا ئايرىلىپ رەتلىنىشىدۇر؛

3. «ئەلئەزكار» (الأذكار): كۆپرەك ئىبنى ماجەنىڭ «سۈنەن»ىدىن باشقا «كۇتۇبى سىتتە» دىن تاللانغان. ئەسەردە ھەدىسلەر 19 بۆلۈم، 356 باب ھالىدا جەملەنگەن؛

4. «ئەلئىرشاد» (الإرشاد): ئىمام نەۋەۋىي، ئېھتىمال «ئەشرەفىيە دارۇلھەدىس» كە شەيخ بولغاندىن كېيىن، تەلەبەلەر ئۇچۈن يادلاشقا ئاسان بىر ئۇسۇلى ھەدىس كىتابى تەييارلاشنى خاھلىغان ۋە ئىبنۇسسالاھنىڭ «مۇقەددىمە» سىنى قىسقارتىپ، بەزى

جايلارغا يېزىلغان ئىلاۋەلەر كىرگۈزۈلگەن؛

5. «ئەتتەقرىب ۋەتتەيسىر» (التقريب والتيسير): «ئەلئىرشاد» يېتەرلىك دەرىجىدە ئوقۇلمىغان دەپ قاراپ ئىبنۇسسالاھنىڭ «مۇقەددىمە» سىنى يەنە بىر قېتىم قىسقارتىپ يازغان؛

6. «ئەربەئۇن نەۋەۋىييە» (الأربعين النووية): ئىمام نەۋەۋىي، ئىبنۇسسالاھ يازغان «شەھرەزۇرى» نىڭ دىننىڭ ئاساسلىرىغا دائىر 26 ھەدىستىن تەشكىل تاپقان «ھەدىسۇل كۇللىيە» ئاتلىق ئەسىرىگە كۆپى «سەھىھۇل بۇخارىي» ۋە « سەھىھۇ مۇسلىم» دىن تاللىغان 16 ھەدىسنى قوشۇپ تەييارلىغان، لېكىن ھەدىسلەرنىڭ سەنەدلىرى زىكىر قىلىنمىغان ئەسەر؛

7. «ئەتتەلخىس سەھىھۇل بۇخارىي» (التلخيص شرح الجامع الصحيح البخاري): ئىمام نەۋەۋىي «سەھىھۇل بۇخارىي» نىمۇ شەرھلەشنى خاھلىغان بولسىمۇ، «كىتابۇل ئىمان» دىن كېيىنكى قىسمىنى يېزىشقا ئۆمرى يەتمىگەن. ئەسەرنىڭ مۇئەللىف قولىيازمىسى بولغان 105 ۋاراقلىق بىر نۇسخىسى ئىستانبۇل سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا؛

8. «ما تمس إليه حاجة القاري لصحيح الإمام البخاري» ئىمام بۇخارىي رەھىمەھۇللاھ، ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى، سەھىھ ھەدىس ۋە «سەھىھەين» نىڭ قىممىتى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، بەزى ھەدىس ئاتالغۇلىرى تونۇشتۇرۇلغان؛ 24

9. «مهمات الأحكام»: "زاكات بابى" غىچە يېزىلغان، ئەسەر سەھىھ ۋە ھەسەن ھەدىسلەردىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ھەرتېمىنىڭ ئاخىرىدا مەزكۇر تېما بىلەن ئالاقىدار زەئىپ ھەدىسلەرمۇ – زەئىپ ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلۈپ – بېرىلگەن؛

10. « الإيجاز في شرح سنن أبي داود» "تاھارەت" ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سۇنەن» نىگە يېزىلغان شەرھ، "كىتابۇل ۋۇزۇ" نىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر نۇسخىسى ئىستانبۇل سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا؛

11. «مۇختەسەر تىرمىزىي» (مختصر الترمذي)؛

12. «الخلاصة في أحاديث الأحكام»؛

**فىقھ:**

1. «رەۋزەتۇتتالىبىن» (روضة الطالبين) : ئىمام ئەبۇ ھامىد غەززالىينىڭ شافىئىي فىقھىغا دائىر «ئەلۋەجىز» (الوجيز)ئاتلىق ئەسىرىگە ئابدۇلكەرىم بىن مۇھەممەد ئەررافىينىڭ

شەرھى بولغان فەتھۇل ئەزىز ئاتلىق ئەسىرىنىڭ مۇختەسەرىدۇر؛

2. «مىنھاجۇتتالىبىن» (منهاج الطالبين): ئەررافىيىنىڭ «ئەلمۇھەررەر» ئاتلىق كىتابىنى قايتا تۈزۈپ چىققان ۋە يادلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قىسقارتقان. شافىئىي ئالىملار بۇ ئەسەرگەن 40 تىن كۆپ شەرھ يازغان. ئەسەردىكى سۆزلۈكلەرنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىمام نەۋەۋىي ئۆزى قەلەمگە ئالغان كىچىك ھەجىملىك «دەقائىقۇل مىنھاج» ئاتلىق ئەسەرمۇ بار؛

3. «ئەلمەجمۇئ شەرھى مۇھەززەب» (المجموع شرح المهذب)، ئەبۇ ئىسھاق شىرازىينىڭ شافىئىي فىقھىنى دەلىللىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان «المهذب» ئاتلىق ئەسىرىنى، ھەدىسلىرىنى تەھقىقلەپ، ھەرمەسىلىدە باشقا مەزھەبلەرنىڭ قاراشلىرىنى كەلتۈرۈپ شەرھلەشكە باشلىغان، لېكىن "سودا بابى" نى يېزىۋاتقاندا ۋاپات بولۇشى بىلەن يېرىم قالغان ئەسەردۇر. ئەسەر باشقا بىر قانچە شافىئىي ئالىملارنىڭ غەيرىتى بىلەن تاماملىنىپ، 20 جىلد قىلىپ نەشر قىلىنغان؛

4. «تەسھىھۇ تەنبىھ» («العمدة في تصحيح التنبيه») ئىمام نەۋەۋىينىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شافىئىي فىقھىنىڭ مۆتىۋەر بەش كىتابىنىڭ تۇنجىسى بولغان، شىرازىنىڭ «ئەتتەنبىھ» نگە يېزىلغان بىر نەچچە كىتابتىن بىرىدۇر؛



5. «ئەتتەنقىھ» (التنقيح) ئىمام ئەلغەززالىينىڭ «الوسيط» دېگەن ئەسىرىدىن بايقىغان خاتا ۋە نۇقسانلارنى تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن قەلەمگە ئېلىنغان ئەسەردۇر؛

6. «ئەل ئۇسۇل ۋەز زاۋابىت» (الأصول والضوابط) كىچىك بىر رىسالە بولۇپ، كۆپرەك فىقھ بىلەن ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەر ئورۇن ئالغان؛

7. «ئەلئىيزاھ» ياكى «فى مەناسىكل ھەج»: ئىمام نەۋەۋىينىڭ ھەجگە دائىر يازغان ئالتە كىتابىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەجىملىكى؛

8. «المناسك»، بۇ «الأكبر» (چوڭ ھەجىملىك)، «الأصغر» (كىچىك ھەجىملىك)، «الأوسط» (ئوتتۇرھال ھەجىملىك) دېگەن ناملاردا يېزىلغان ئايرىم - ئايرىم ئۈچ كىتابتۇر؛

9. «ئەلمەنسۇرات» (المنثورات): ئوقۇغۇچىسى ئالائۇددىن ئىبنى ئەتتار تەرىپىدىن، ئىمام نەۋەۋىينىڭ پەتىۋالىرى ۋە دەرسلىرىدە ئىزاھلىغان فىقھ، تەفسىر ۋە ھەدىسلەرگە دائىر 362 مەسىلە توپلانغان ئەسەر؛

10. «كىتابۇتتەھقىق» (كتاب التحقيق) شافىئىي فىقھى كىتابى، تولۇق تاماملانمىغان؛

11. «مەسئەلەتۇل غەنىيمە»؛

12. «ئەدەبۇل فەتۋا»؛

13. «مۇختەسەرۇتتەنبىھ» (مختصر التنبيه) ۋە ئۇنىڭ شەرھىسى «تۇھفەتۇتتالىبۇننەبىھ» (تحفة الطالب النبيه).

**قۇرئان:**

1. «قارىيلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى» («التبيان في آداب حملة القرآن») مەزكۇر كىتاب.

**تىل:**

1. «تەھزىبۇل ئەسما ۋەللۇغەت» (تهذيب الأسماء واللغات): ئەبۇ ئىسھاق شىرازىينىڭ «ئەتتەنبىھ» ۋە ئىمام نەۋەۋىي شەرھ يازغان «مۇھەززەب» ئاتلىق ئەسىرى، ئۆزى تۈزگەن «رەۋزەتۇتتالىبىن»، مۇزەنىينىڭ «ئەلمۇختەسەر»، ئەلغەززالىينىڭ «ئەلۋاسىت» ۋە «ئەلۋەجىز» قاتارلىق ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن ئىسىم، كەم ئۇچرايدىغان سۆزلەر، ئىستىلاھ ۋە فىقھى ئاتالغۇلارغا ئېنىقلىما بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان. لېكىن، مۇئەللىف ئەسەرنى رەتلەپ تۈپلەشكە ئۈلگۈرەلمىگەن؛

2. «ئەل ئىشارەتۇ ئىلە بەيانىل ئەسمائىل مۇبھەمات»: خەتىب باغدادىنىڭ «ئەسمائۇل مۇبھەمە فىل ئەنبائىل مۇھكەمە» ئاتلىق ئېلىپبە تەرتىپلىك ئەسىرىنى ھ. 667 / م. 1269 - يىلى يەڭگىللەشتۈرگەن ۋە تەرتىپلەرنى ئۆزگەرتىپ رىۋايەتلەرنى ساھابىلەرنىڭ ئىسىملىرىغا قاراپ تىزغان؛

3. «تەھرىرۇتتەنبىھ» (التحرير في لغات التنبيه): شىرازىينىڭ «تەنبىھ» ىدە ئۇچرايدىغان كەم قوللىنىلغان سۆزلەر ۋە فىقھ ئىستىلاھىنى شەرھلىگەن.

**باشقىلار:**

1. «ئەلمەقاسىد» (المقاصد): ئەقائىد، ئىبادەت ۋە تەسەۋۋۇف بىلەن ئالاقىدار بىر رىسالە؛

2. «بۇستانۇل ئارىفىن» (بستان العارفين): زۇھد ۋە ئىخلاس قاتارلىق تېمىلار ئايەت، ھەدىس، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرى، بەزى ھېكايە ۋە شېئىرلار بىلەن قولغا ئېلىنغان كىچىك ھەجىملىك بىر ئەسەر.

3. «ئەتتەرھىس فىلقىيام» (الترخيص في القيام)

4. «مۇختەسەرۇل تاباقات»: ھافىز ئىبنى سالاھنىڭ «الطبقات» ناملىق كىتابىنى قىسقارتقان ۋە ئۇنىڭغا بىر بۆلەك ئۆلىمالارنىڭ ئىسىملىرىنى كىرگۈزگەن.

5. «مەناقىبى شافىئي» (مناقب الشافعي): ئىمام بەيھەقىينىڭ شۇ ناملىق كىتابىدىن

قىسقارتىلغان، لېكىن سەنەدلىرى ۋە بەزى مەزمۇنلىرى چىقىرىپ تاشلانغان.


ئىمام نەۋەۋىي سۆرلۈك، سالماق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك ساقىلىغا ئاق سانجىلغان بولۇپ، قۇياش نۇرىدەك چاقنايتتى. ئۇ قۇددۇسنى ۋە ئىبراھىم خەلىلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ سان - ساناقسىز رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن!)

ئۇ زىيارىتىنى تۈگىتىپ نەۋاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋە كېسەل تېگىپ، ھىجرىيە 676 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 24 - كۈنى چارشەنبە كېچىسى، مىلادى 1277 - يىلى 21 - دېكابىر ۋاپات بولغان. كىندىك قېنى تۆكۈلگەن نەۋا يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. قەبرىستانلىقى كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ زىيارەتچىلەرنىڭ ئايىغى ھازىرمۇ ئۈزۈلمەيدۇ. سالىھ ۋە تەقۋادار كىشىلەر كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ[1].

ئاللاھ ئىمام نەۋەۋىيگە كاتتا مۇكاپاتلارنى بەرسۇن، بىزنى ۋە دوست - يارەنلىرىمىزنى ئۇنىڭ بىلەن نازۇ - نېمەتلىك ئالىي جەننەتلەردە جەم قىلسۇن، ئامىن!



(1) بۇ تەرجىمىھال ئاسـاسـەن ھ. 776 / م. 1375 - يىلى ۋاپات بولغان شـەرىف مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن ئەلۋاسىتىينىڭ «ئەلمەتالىبۇل ئەلىييە فىي تاباقاتىشۇشافىئىيە» ناملىق ئەسىرىنىڭ قوليازما نۇسخىسىدىن ئېلىندى. ئۇنىڭغا يەنە باشقا مەنبەلەردىن پايدىلىق مەزمۇنلارمۇ قېتىلدى.



## كىتابنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرىدىن ئۆرنەكلەر




ئەلئەزھەر كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخىنىڭ 2 -، 3 - بەتلىرى
(ھ. 666 / م. 1267 - يىلى ئاپتورنىڭ ھايات ۋاقتىدا يېزىلغان) مىسىر، قاھىرە




دەۋھە كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخىنىڭ 55 -، 56 - بەتلىرى
(ھ. 666 / م. 1267 - يىلى ئاپتورنىڭ ھايات ۋاقتىدا يېزىلغان نۇسخىدىن

ھ. 1177 / م. 1763 – يىلى كۆچۈرۈلگەن) قاتار، دەۋھە



راغىب پاشا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخىنىڭ 7-، 8 - بەتلىرى
(ھ. 809 / م. 1406 - يىلى كۆچۈرۈلگەن) تۈركىيە، ئىستانبۇل



ئىسفاھان كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان قوليازما نۇسخىنىڭ 94 - بېتى

(ھ. 961 / م. 1554 - يىلى كۆچۈرۈلگەن) ئىران، ئىسفاھان

# مۇقەددىمە

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمەن
ئى ئاللاھ! (ئىشلىرىمنى) ئاسان قىل ۋە ياردەم قىل!

زاھىد ئۆلىما، يېتۈك مۇھەققىق[1]، شەيخ ئىمام ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى شەرەف ئىبنى مۇررىي ئەننەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر:[2]

ئىنئام ۋە ئېھسانلىرى ھەددى - ھېسابسىز بولغان، مەرھەمەتلىك ۋە كەرەملىك ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇنكى، ئۇ زات بىزنى ئىمانغا يېتەكلىدى. دىنىمىزنى باشقا دىنلاردىن ئۈستۈن قىلدى، ئۆزىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى، دوستى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىزلەرگە ئەۋەتىپ كۆپ ئىنئاملارنى ئاتا قىلدى ۋە ئۇ ئارقىلىق بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنى يوقاتتى، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىنس - جىنغا جەڭ ئېلان قىلغان، ئازغۇن ۋە ئاشقۇنلارنى مات قىلغان، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توختاپ قالمايدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزىسىنى، يەنى قۇرئاننى ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەزىز قىلدى. قۇرئاننى پاراسەت ۋە ئىرپان ئەھلىنىڭ كۆڭۈل ئارامى قىلدى. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ياكى قولدىن - قولغا ئۆتۈش بىلەن كونىراپ قالمايدۇ. ئاللاھ ئۇنى ئەستە ساقلاشقا ئاسان قىلدى، شۇڭا ئۇنى كىچىك بالىلارمۇ راۋان يادلىيالايدۇ. ئۇشبۇ قۇرئان كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن (يەنى قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر) زاماننىڭ بالايى - ئاپەتلىرىنىڭ زىيان - زەخمەتلىرىگە، ئۆزگەرتىشلىرىگە دۇچار بولۇشتىن ساقلاشقا كېپىل بولغان ئاللاھنىڭ



(1) مۇھەققىق – بىرەر مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئايرىپ، دەلىللەرنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىپ، ئاخىرىدا بىرسىنى تاللىيالىغۇدەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەتقىق قىلغۇچى ئالىمنى كۆرسىتىدۇ – ت.

(2) قولىيازمىلار ئادەتتە «بىسمىللاھ»، ھەمدۇسانا ۋە دۇرۇت - سالاملار بىلەن باشلىنىدۇ. بەزى نۇسخىلار مۇئەللىپنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى مۇئەللىپنىڭ تالىپلىرى، ياكى كىتابنى كۆچۈرۈپ تارقىتىدىغان كاتىپلار، ياكى كىتابپۇرۇشلار تەرىپىدىن يېزىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بەزى قولىيازمىلاردا كىتابنىڭ باشلىنىشىدا، بەزىلىرىدە ھەربىر باب ياكى بۆلۈملىرىدە يۇقىرىقىدەك «پالانى ئالىم ئېيتۇر» دېگەندەك ئىبارىلەر بولىدۇ. بۇ سۆزلەر ئادەتتە قولىيازمىنى پۈتكۈچىلەرگە ئائىت – ت.

پەزلى بىلەن مەڭگۈ ساقلىنىپ قالغۇسى! ئاللاھ ئۆزى تەرىپىدىن تاللانغان، قابىلىيەتلىك ۋە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەرنى قۇرئان ئىلىملىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە مۇۋەپپەق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرپەندە ئىمان ئەھلىنىڭ دىللىرى سۆيۈندىغان ئىلىملەرنى توپلىدى. ئاللاھنىڭ بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا ساناقسىز نېمەتلىرىگە، بولۇپمۇ ئىمانغا مۇيەسسەر قىلغان نېمىتىگە ھەمدۇسانالار ئېيتىمەن. ئاللاھنىڭ پېقىرغا، دوستلىرىمغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئۆز رازىلىقىنى ئىنئام قىلىشىنى سورايمەن. بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ شېرىكىنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمەت، سالاملىرى بولسۇن، ئاللاھ ئۇنىڭ شان - شەرىپى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى داۋاملىق زىيادە قىلسۇن!) ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئىمانغا چاقىرغۇچى ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشتۈرەلەيدىغان، دوزاخ ئوتىدىن قۇتقۇزالايدىغان، جەننەتلەردە ماكانلاشتۇرۇشقا يەتكۈزەلەيدىغان رەۋىشتە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئاللاھ بۇ ئۈممەتنى ئۆزى رازى بولغان دىن – ئىسلامغا مۇيەسسەر قىلىپ، بۇ ئۈممەتكە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىش ئارقىلىق كۆپ ئىنئام ئاتا قىلدى (ئاللاھ بۇ ئۈممەتنىڭ شان - شۆھرىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن!)

بۇ ئۈممەتنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىززەتلىدى. ئۇنىڭدا ئۈممەت موھتاج بولىدىغان ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى، ۋەز - نەسىھەت، مىسال، ئەدەب - ئەخلاق ۋە ھەرتۈرلۈك ئەھكاملار، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئىشەنچلىك، ئوچۇق - ئاشكارا دەلىل - ئىسپاتلارنى، باشقا پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن، ھاماقەتلەرنى، دىنسىزلارنى ۋە ئازغۇنلارنى مات قىلغۇچى كۈچلۈك دەلىللەرنىڭ ھەممىسىنى مۇجەسسەملىدى.



(ئاللاھ) ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتتى. ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇنى ئۇلۇغلاشقا، ئۇنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىشقا، ئۇنى ھۆرمەتلەشكە بۇيرىدى.

قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇن كاتتا ئالىملار ۋە پازىللار كۆپ كىتابلارنى يازدى. بۇ كىتابلار ھەرقايسى ئەقىل - ئىدراك ساھىبلىرىغا مەلۇمدۇر. لېكىن، ئۇ كىتابلارنى يادلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئوقۇشقىمۇ ھىممەتلەر ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن، پەقەت ئاز ساندىكى ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەرلا پايدىلىنالىدى.

پېقىر بىزنىڭ – دىمەشىق ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا، ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە، توپ - توپ ۋە يەككە - يەككە ھالدا مۇتالىئە قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە باشقا تائەت - ئىبادەتلەرگە بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن!) ۋە كېچە - كۈندۈز تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قارىي - ھاپىزلارنىڭ

ۋە قۇرئان يادلاش باسقۇچىدىكى تالىپلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى ۋە سۈپەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان ئىخچام بىر كىتاب يېزىش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى، ئاللاھ ئۆز كىتابىغا كۆيۈنۈشكە تەۋسىيە قىلغان ئەمەسمۇ؟! قارىيلارنىڭ ۋە قۇرئان يادلاۋاتقان تالىپلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرىنى بايان قىلىش، ئۇلارنى شۇ ئەخلاقلارغا يېتەكلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئەنە شۇ كۆيۈنۈش جۈملىسىدىندۇر.

كەمىنە بۇ كىتابنىڭ ئىخچام بولۇشىنى خالىدىم، ھەجمىنىڭ چوڭ، ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاندىم. ھەربابتا مەلۇم تەرەپلەرنىلا بايان قىلدىم. ھەربىر ئەدەب - ئەخلاقتا ئۇنىڭ مەلۇم تۈرلىرىگىلا ئىشارەت قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرى زېھنىمدە ھازىر بولسىمۇ (ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن) قالدۇرۇۋەتتىم. چۈنكى، مەقسىتىم بايان قىلغانلىرىم ئارقىلىق قالدۇرۇۋەتكەنلىرىمگە ئىشارە قىلىشتۇر. بۇ كىتابنىڭ ئىخچام بولۇشىنى تاللىشىمدىكى سەۋەب يادلاشقا قولاي بولۇشى، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ۋە كەڭ تارقىلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىم ئۈچۈندۇر. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تولۇق پايدىلىنىشى ۋە ئىزدەنگۈچىلەردىن شەكىنىڭ يوقۇلۇشى ئۈچۈن ھەربىر بابتا كەلگەن چۈشىنىش قىيىن سۆزلۈكلەرنى ۋە ئىسىملارنى ئەڭ ئاخىرقى بابتا تەرتىپ بويىچە ئېنىق، قىسقا شەرھلىدىم ۋە بېكىتىپ چىقتىم.

35

يۇقىرىقى بابلار يەنە بەزىبىر قائىدىلەرنى، پايدىلىق، ئېسىل مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسمەن ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سەھىھ ۋە زەئىپ ھەدىسلەرنى قايسى ئىشەنچلىك ئىماملارنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقىنىمۇ بايان قىلدىم.

شۇنى بىلىش كېرەككى، مۇھەددىسلەر ۋە باشقا ئالىملار پەزىلەتلىك ئەمەللەردە زەئىپ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشنى دۇرۇس، دەپ قارىغان.

شۇنداق بولسىمۇ كەمىنە سەھىھ ھەدىسلەرنى كەلتۈردۈم. زەئىپ ھەدىسلەرنى پەقەت بەزى ئەھۋاللاردىلا كەلتۈردۈم.

ئۇلۇغ ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىمەن، بارلىق ئىشلىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىمەن. ئاللاھتىن مېنى، دوستلىرىمنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يولدا مېڭىشقا، ئازغۇنلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن ساقلىنىشقا، داۋاملىق ياخشىلىق ئۈستىدە تۇرۇشقا، تەۋپىقنى، ئىخلاسمەنلەردىن بولۇشقا، رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

بىزگە ئاللاھ كۇپايەدۇر! ئاللاھ ياخشى ئىگىدۇر! ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كۈچ - قۇدرەت ۋە ياردىمىسىز قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

**بۇ كىتاب تۆۋەندىكى بابلاردىن تۈزۈلگەن:**

بىرىنچى باب: قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ۋە قارىيلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىككىنچى باب: قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ باشقا زىكىرلەردىن ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

ئۈچىنچى باب: قارىيلارنىڭ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

تۆتىنچى باب: قۇرئان ئۆگەتكۈچى ۋە ئۆگەنگۈچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەب - قائىدىلەر

بەشىنچى باب: قارىيلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى توغرىسىدا

ئالتىنچى باب: قىرائەتنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى توغرىسىدا.

بۇ باب بۇ كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە بۇ باب (بۇ كىتابنى يېزىشتىكى) ئاساسلىق مەقسەتتۇر



يەتتىنچى باب: بارلىق ئىنسانلارنىڭ قۇرئانغا قارىتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبلىرى توغرىسىدا

سەككىزىنچى باب: مەلۇم ۋاقىت ۋە ئەھۋاللاردا ئوقۇش مۇستەھەپ بولغان ئايەت ۋە سۈرىلەر توغرىسىدا

توققۇزىنچى باب: قۇرئاننىڭ يېزىلىشى ۋە مۇسھەف[1]نىڭ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئونىنچى باب: كىتابنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدا كەلگەن بىر قىسىم ئىسىم ۋە سۆزلۈكلەرنىڭ توغرا ئوقۇلۇشى ۋە مەنىلىرى

---

(1) بىر جىلدقا ياكى ئىككى مۇقاۋا ئارىسىغا جەملەنگەن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى يېزىلغان سەھىپىلەرنىڭ ئىسمى. «قۇرئان» بولسا ئاشۇ كىتابتا يېزىلغان ئاللاھنىڭ كالامى. «كۇۋەيت فىقھى ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 5/38 – ت.

# بىرىنچى باب

## قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ۋە قارىيلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ يَتْلُونَ كِتَابَ اللَّهِ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً يَرْجُونَ تِجَارَةً لَّن تَبُورَ. لِيُوَفِّيَهُمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدَهُم مِّن فَضْلِهِ ۚ إِنَّهُ غَفُورٌ شَكُورٌ**﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، نامازنى ئادا قىلىدىغان ۋە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغانلار كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر﴾(فاتىر: 29- 30).

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي «قۇرئان»دىن قالسا ئەڭ سەھىھ كىتاب بولغان «سەھىھۇل بۇخارىي» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇيدىغان كىشى پۈتۈكچى مالائىكىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. قۇرئاننى دۇدۇقلاپ، قىينىلىپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىشى بولسا قوش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم «سەھىھ»لىرىدە رىۋايەت قىلغان[2].

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇئمىن تۇرۇنجىغا[3] ئوخشايدۇ. ئۇ خۇشپۇراق ھەم تەملىك. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇئمىن خورمىغا ئوخشايدۇ. ئۇ پۇراقسىز ئەمما تەملىكتۇر. قۇرئان ئوقۇيدىغان مۇناپىق رەيھانغا ئوخشايدۇ. ئۇ پۇراقلىق، لېكىن تەمى ئاچچىق بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇمايدىغان مۇناپىق ئاچچىق تاۋۇزغا ئوخشايدۇ. ئۇ پۇراقسىز ھەم تەمى ئاچچىق بولىدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان[4].

(1) «بۇخارى»، 5027 - ھەدىس.
(2) «بۇخارىي»، 4937 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 798 - ھەدىس.
(3) تۇرۇنج – سۈزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى قىسقا تىكەنلىرى بولىدۇ، مېۋىسى سوقۇچاق ۋە سېرىق، شۆپۈكى يېرىك ھەم قېلىن كېلىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 330- بەت.
(4) «بۇخارىي»، 5427 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 797 - ھەدىس.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ بۇ كىتاب (يەنى «قۇرئان كەرىم») ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەن قىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان[1].

ئەبۇ ئۇمامە ئەلباھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹قۇرئان ئوقۇغۇچىلار! چۈنكى، ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆزىنى ئوقۇغانلارغا شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم»، دەيدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان[2].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كىشىدەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ قۇرئان ئاتا قىلسا كېچىلىرى ۋە كۈندۈزلىرى ئۇنى ئوقۇپ قىيامدا تۇرغان كىشى. يەنە بىرى، ئاللاھ مال - دۇنيا ئاتا قىلسا كېچە - كۈندۈز ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلغان كىشىدۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان[3].

بىز بۇ ھەدىسنى يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغانمىز: «مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كىشىدەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىشقا بولىدۇ. بىرى، ئاللاھ مال - دۇنيا بېرىپ، ئۇنى ھەق يولدا ئىشلىتىشكە مۇۋەپپەق قىلغان كىشى. يەنە بىرى، ئاللاھ ئىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلغان ۋە شۇ ئىلىم بىلەن ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇنى ئۆگەتكەن كىشى»[4].



ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇسا بىر ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. مەن ‹ئەلف، لام، مىم›نى بىر ھەرپ دەپ قارىمايمەن، بەلكى ‹ئەلف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ، ‹مىيم› بىر ھەرپتۇر». بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە: «ھەسەن، سەھىھ ھەدىس» دېگەن[5].

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قۇرئان ئوقۇش ۋە ماڭا زىكىر ئېيتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەندىن بىر نەرسە تىلەشكە ۋاقىت چىقىرالمىغان بولسا،

(1) «مۇسلىم»، 817 - ھەدىس.
(2) «مۇسلىم»، 804 - ھەدىس.
(3) «بۇخارىي»، 5025 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 815 - ھەدىس.
(4) «بۇخارىي»، 73 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 816 - ھەدىس.
(5) «تىرمىزىي»، 2910 - ھەدىس.

تىلگەنلەرگە بېرىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى ئۇنىڭغا بېرىمەن. ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ باشقا سۆزلەرگە بولغان ئارتۇقچىلىقى ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا بولغان ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ». بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە: «ھەسەن ھەدىس» دېگەن[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىچىدە قۇرئاندىن ھېچنەرسە يوق كىشى خارابە ئۆيگە ئوخشايدۇ»[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى قارىيغا: ‹ئوقۇ! ئۆرلە! دۇنيادا تەرتىل بىلەن ئوقۇغىنىڭدەك تەرتىل بىلەن ئوقۇ! سېنىڭ مەرتىۋەڭ سەن ئوقۇغان ئاخىرقى ئايەت بىلەن بەلگىلىنىدۇ› دېيىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، نەسائىي ۋە تىرمىزىيلار رىۋايەت قىلغان. تىرمىزىي: «ھەسەن، سەھىھ ھەدىس» دېگەن[3].

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇغان ۋە ئوقۇغىنىغا ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قىيامەت كۈنى تاج كىيدۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ نۇرى قۇياش نۇرىدىنمۇ نۇرلۇقتۇر. ئاتا - ئانىسىغا شۇنداق بولغان يەردە قۇرئان ئوقۇغان ۋە ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇكاپاتلار بولىدىغاندۇ؟!» بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان[4].



دارىمىي سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇڭلار! ئاللاھ قۇرئان بار قەلبنى ئازابلىمايدۇ»[5]. «بۇ قۇرئان ئاللاھنىڭ زىياپىتىدۇر، ئۇنىڭغا داخىل بولغان كىشى ئەمىن بولىدۇ»[6]. «قۇرئاننى ياخشى كۆرگەن كىشى خۇش بېشارەت ئالسۇن»[7].


ئابدۇلھەمىد ھىممانىي مۇنداق دەيدۇ: مەن سۇفيان سەۋرىدىن:

- جىھاد قىلغان كىشىنى ياخشى كۆرەمسەن ياكى قۇرئان ئوقۇغان كىشىنىمۇ؟- دەپ سورىسام، ئۇ:

- قۇرئان ئوقۇغان كىشىنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر» دېگەن، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى[8].

---

(1) «تىرمىزىي»، 2926 - ھەدىس؛ تىرمىزىي: «ھەسەن» دېگەن.
(2) «تىرمىزىي»، 2913 - ھەدىس؛ تىرمىزىي: «سەھىھ» دېگەن.
(3) «ئەبۇ داۋۇد»، 1464 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2914 - ھەدىس. «نەسائىي»، 8002 - ھەدىس.
(4) «ئەبۇ داۋۇد»، 1453 - ھەدىس؛ «سەنەدى ئاجىز».
(5) «دارىمىي»، 3363 - ھەدىس؛ دارىمىي ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. ھافىز ئىبنى ھەجەر «فەتھۇل بارىي»دا: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.
(6) «دارىمىي»، 3322 - ھەدىس. سەنەدى سەھىھ.
(7) «دارىمىي»، 3323 - ھەدىس. سەنەدى سەھىھ.
(8) ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيا»، 7 - توم، 65 - بەت.



# ئىككىنچى باب

## قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ باشقا زىكرلەردىن ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

بەدر غازىتىغا قاتناشقان ئەبۇ مەسئۇد ئەلئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەھىھ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغانلار ئىمام بولسۇن». بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ياش بولسۇن ياكى ياشانغان بولسۇن، قارىيلار خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سورۇنىدا سۆھبەتداشلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئىدى» بۇنى ئىمام بۇخارىي «سەھىھ»دە رىۋايەت قىلغان[2].


كېيىنكى بابتا بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر كېلىدۇ. بىلگىنكى، كۆپلىگەن نوپۇزلۇق ئالىملار توغرا دەپ تاللىغان قاراش شۇكى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش تەسبىھ («سۇبھانەللاھ» دېيىش)، تەھلىل («لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېيىش) قاتارلىق زىكرلەردىن ئەۋزەلدۇر. بۇنىڭ دەلىللىرى ناھايىتى كۆپ[3].



(1) «مۇسلىم»، 673 - ھەدىس.

(2) «بۇخارىي»، 4642 - ھەدىس.

(3) ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ئوقۇش زىكىر - تەسبىھتىن ئەۋزەل، لېكىن زىكىر - تەسبىھلەرنى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ۋە ئورۇنلاردا ئېيتىش ئەۋزەل. بۇ سەۋەبتىن رۇكۇ بىلەن سەجدىدە زىكىر - تەسبىھ ئېيتىشقا بۇيرۇلۇپ، قۇرئان ئوقۇش چەكلەنگەن». «ئەلمەجمۇ»، 48/8.



# ئۈچىنچى باب

## قارىيلارنىڭ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَٰلِكَ وَمَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ﴾ يەنى ﴿كىمكى دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ دىللارنىڭ تەقۋالىقىدىندۇر﴾(ھەج: 32).

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَٰلِكَ وَمَن يُعَظِّمْ حُرُمَاتِ اللَّهِ فَهُوَ خَيْرٌ لَّهُ عِندَ رَبِّهِ﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا، بۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾(ھەج: 30).

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن﴾(ھىجر: 88).

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ يەنى ﴿مۇئمىن ۋە مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى چاپلاپ ئازار بېرىدىغانلار ئوچۇق - ئاشكارا بوھتان ۋە گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾(ئەھزاب: 58).

بىز ئىلگىرىكى بابتا ئەبۇ مەسئۇد ئەلئەنسارىي ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىۋايەت قىلغان (مۇناسىۋەتلىك) ھەدىسلەرنى بايان قىلغان ئىدۇق.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: «ياشانغان مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەتلەش، قۇرئانغا ئەمەل قىلىشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن، قۇرئاندىن چەتنىمىگەن قارىيلارنى ۋە ئادىل ھۆكۈمرانلارنى ھۆرمەتلەش ئاللاھنى ئۇلۇغلاش جۈملىسىدىندۇر». بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان بولۇپ «ھەسەن ھەدىس»تۇر[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى كىشىلەرگە لايىقىدا مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان». بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد «سۇنەن» ناملىق كىتابىدا، بەززار «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان، ھاكىم «ھەدىس ئىلىملىرى» ناملىق كىتابىدا «سەھىھ» دېگەن[2].

(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 4843 - ھەدىس.

(2) «ئەبۇ داۋۇد»، 4842 - ھەدىس؛ «مەئرىفەتۇ ئۇلۇمىل ھەدىس»، 48 - بەت.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد شېھىتلىرىنى ئىككىدىن - ئىككىدىن قىلىپ بىر يەرگە يىغقاندىن كېيىن: «ئۇلارنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپرەك يادقا بىلىدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قايسىسىغا ئىشارەت قىلىنسا ئۇنى بۇرۇن يەرلىككە قويغان ئىدى. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي رىۋايەت قىلغان[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا: ‹كىمكى مېنىڭ ياخشى بەندەمگە ئەزىيەت بەرسە، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن› دەيدۇ». بۇ ھەدىسنى بۇخارىي رىۋايەت قىلغان[2].

«سەھىھۇ مۇسلىم»دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى كەلگەن: «كىمكى بامدات نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئۆز ھىمايىسىدىكى كىشى توغرۇلۇق ھېساب ئېلىپ قالمىسۇن!»[3].

ئىككى كاتتا ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە شافىئىي (ئاللاھ ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن!)لار مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۆلىمالار ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى بولمىسا، ئۇنداقتا، بۇ ئاللاھنىڭ ھېچ ئەۋلىياسى يوق دېمەكتۇر»[4].

ئىمام ۋە ھافىز ئەبۇل قاسىم ئىبنى ئەساكىر (ھ. 499 – 571 / م. 1105 – 1176) رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى قېرىندىشىم! ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆز رازىلىقىغا مۇۋەپپەق قىلسۇن، ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە لايىقىدا تەقۋادارلىق قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلسۇن، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆلىمالارنىڭ گۆشلىرى ‹زەھەرلىك› تۇر. ئاللاھنىڭ ئۇلارغا تىل ئۇزارتقانلارنى رەسۋا قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر، كىمكى ئۇلارنى ھېچ ھېيىقماستىن ھە دېسىلا ئەيىبلەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى قەلب ئۆلۈمىگە مۇبتىلا قىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ**﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار دۇنيادا چوڭ بىر پىتنىگە يولۇقۇشتىن ياكى ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾(نۇر:63)»[5].



(1) «بۇخارىي»، 1343 - ھەدىس.

(2) «بۇخارىي»، 6502 - ھەدىس.

(3) «مۇسلىم»، 657 - ھەدىس.

(4) خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ» ناملىق كىتابىنىڭ 137 - بېتىدە ئەبۇ ھەنىفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىدىن، بەيھەقىي«ئىمام شـافىئىينىڭ پەزىلەتلىرى»، ناملىق كىتابىنىڭ 2 - توم، 155 - بېتىدە ئىمام شافىئىيدىن رىۋايەت قىلغان.

(5) «تەبيىنۇ كىزبۇل مۇفتەرى»، 29 - بەت.

# تۆتىنچى باب

## قۇرئان ئۆگەتكۈچى ۋە ئۆگەنگۈچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەب - قائىدىلەر

بۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى بابتا كىتابنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن. بۇ مەقسەتلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ يادلاش ۋە ئەستە ساقلاش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بىرنەچچە پاراگرافتا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

### ئىخلاس قىلىش

قۇرئان ئوقۇتقۇچى ۋە قۇرئان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ئىش ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەشتۇر.

ئاللاھ تائالا : ﴿**وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَٰلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇلدى، ئەنە شۇ توغرا دىندۇر﴾[بەييىنە:5]، دەيدۇ.

«سەھىھەين»دە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق، ئىنسان نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[1]. بۇ ھەدىستە دىيىلىشۋاتقىنى ئىسلامنىڭ تۈپ ئاساسلىرىنىڭ بىرىدۇر.

بىز يەنە سەنەدى بىلەن[2] رىۋايەت قىلىمىزكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ ئېرىشىدىغىنى نىيىتىگە يېقىپ بولىدۇ». يەنە بىر ساھابىنىڭ: «ئىنسانلارنىڭ نىيەتلىرىگە قارىتا بېرىلىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[3].

بىز يەنە سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلىمىزكى، ئۇستاز ئوبۇلقاسىم ئەلقۇشەيرىي – ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن – مۇنداق دەيدۇ: «ئىخلاس، ئەمەل - ئىبادەتنى بىر ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىش دېمەكتۇر. يەنى ئۆز ئەمەلى ئارقىلىق پەقەت ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىلا مەقسەت قىلىش دېمەكتۇر. كىشىلەرگە ياسالمىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش، ئۇلارنىڭ ماختىشىنى ياخشى كۆرۈش قاتارلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ئويلىماسلىقتۇر. ئىخلاسنى يەنە ‹ئەمەل

(1) «بۇخارىي»، 1 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1908 - ھەدىس.
(2) ئىمام نەۋەۋىي بۇنى ئىبغىزدىن ئىبغىزغا رىۋايەت قىلىپ تا ئىگىسىگە قەدەر تۇتاشتۇرغان – ت.
(3) «ئەلجامىئ لىئەخلاقىرراۋىي»، 1843 -، 1845 - نومۇرلار.

- ئىبادەتنى مەخلۇقلارنى كۆزلەشتىن خالىي ھالدا قىلىش، دېيىشكىمۇ بولىدۇ»[1].

يەنە ھۇزەيفە ئەلمەرئەشىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «ئىخلاس – بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ يىنھاندىمۇ، جاراستان[2] دىمۇ ئوخشاش بولۇشىدۇر»[3].

زۇننۇن ئەلمىسرىي (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ نەرسە ئىخلاسنىڭ ئالامىتىدۇر: ‹جىمى كىشىلەرنىڭ ماختاش ۋە سۆكۈشلىرىنى ئوخشاش كۆرۈش، ئەمەللىرىنى كۆز ئالدىدا قويۇۋالماي ئۇنتۇپ كېتىش، ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە ئېلىشنى ئويلاش›»[4]. فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنى دەپ ئەمەلنى تەرك ئېتىش رىيادۇر. كىشىلەرنى دەپ ئەمەل قىلىش شېرىكتۇر. ئىخلاس ئاللاھنىڭ سېنى ھەرئىككىسىدىن ساقلاپ قېلىشىدۇر»[5].

سەھل ئەتتۇستەرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاقىللار ئىخلاسنىڭ تەبىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇنۇ تەبىردىن باشقىنى تاپالمىدى: ئىخلاس – ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەرىكەت ۋە سۈكۈناتلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇش، ئۇنىڭغا نە مال - دۇنيا، نە ھاۋايى - ھەۋەس، نە نەپس - خاھىشلارنىڭ ھېچبىرى ئارىلاشماسلىقتۇر»[6].

سەرىي ئەسسەقتىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھېچبىر ئىشنى كىشىلەرنى دەپ قىلما! ھېچ ئىشنى كىشىلەرنى دەپ تەرك ئەتمە! كىشىلەرنى دەپ ھېچنەرسە بەرمە! كىشىلەرگە ھېچبىر ئەمەلنى ئاشكارىلىما!»[7]. ئىمام قۇشەيرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «راستچىللىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى ئىچ - تېشىنىڭ ئوخشاش بولۇشىدۇر».

ھارىس ئەلمۇھاسىبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «راستچىل كىشى ئۆز قەلبىنىڭ ئىسلاھ بولۇشى ئۈچۈن، پۈتۈن ئىنسانلار قەلبىدىكى ھۆرمەت - ئېتىبارىنىڭ چىقىپ كېتىشىگە پەرۋا قىلمايدىغان، زەررىچىلىك ياخشى ئەمەلىنىمۇ كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدىغان ۋە يامان ئەمەللىرىنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىنى يامان كۆرمەيدىغان كىشىدۇر. چۈنكى، يامان ئەمەللىرىنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىنى يامان كۆرۈش كىشىلەر ئالدىدا نام - شۆھرەت تەمە قىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق قىلىش سىددىقلار (يەنى راستچىللار) نىڭ ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس»[8].

يەنە بىرى مۇنداق دەيدۇ: «سەن راستچىللىق بىلەن ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدىسەڭ، ئاللاھ

(1) «قۇشەيرىي رىسالىسى»، 162 - بەت.
(2) جاراستان – كۆپچىلىكنىڭ ئالدى، ئامما ئارىسى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» – ت.
(3) «قۇشەيرىي رىسالىسى»، 163 - بەت.
(4) «قۇشەيرىي رىسالىسى»، 163 - بەت.
(5) بەيھەقىي: «ئىمان شاخچىلىرى»، 6468 - نومۇر.
(6) بەيھەقىي: «ئىمان شاخچىلىرى»، 6468 - نومۇر.
(7) يۇقىرىقى كىتاب، 6521 - نومۇر.
(8) «قۇشەيرىي رىسالىسى»، 167 - بەت.

ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ جىمى ئاجايىباتلىرىنى كۆرەلەيدىغان بىر ئەينەك ئاتا قىلىدۇ»[1].

سەلەف - سالىھلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى ئىنتايىن كۆپ. بىز مەقسەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاز بىر قىسمىغىلا ئىشارەت قىلدۇق. مەن «شرح المهذب» ناملىق كىتابىمنىڭ بېشىدا سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ نۇرغۇن سۆزلىرىنى شەرھلىرى بىلەن بايان قىلدىم ۋە تالىپلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچى، فىقھى ئالىملىرى ۋە فىقھى ئىلمى ئۆگىنىۋاتقۇچىلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرىنىمۇ بايان قىلدىم[2].

## دۇنياغا بېرىلمەسلىك

ئۆز ئەمەلى ئارقىلىق مال - دۇنيا، ئەمەل - مەنسەپ، يۈز - ئابرۇي، تەگداشلىرىدىن يۇقىرى مەرتىۋە تەمەسىدە بولۇش، كىشىلەرنىڭ مەدھىيە - ماختاشلىرىغا ئېرىشىش، كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش دېگەندەك دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىمەسلىكى، قۇرئان ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ خىزمەتنى بەزى تالىپلىرىدىن كېلىدىغان ئازغىنە مال - دۇنيا، خىزمەت، ئۆگەتمىگەن بولسا بەرمەيدىغان ھەدىيە سۇرىتىدىكى بەدەل دېگەندەك ئەرزىمەس مەنپەئەتلەرنى تەمە قىلىپ بۇلغىماسلىقى لازىم.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الْآخِرَةِ نَزِدْ لَهُ فِي حَرْثِهِ وَمَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الدُّنْيَا نُؤْتِهِ مِنْهَا وَمَا لَهُ فِي الْآخِرَةِ مِن نَّصِيبٍ**﴾ يەنى ﴿كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق﴾(شۇرا: 20).

﴿**مَّن كَانَ يُرِيدُ الْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُ فِيهَا مَا نَشَاءُ لِمَن نُّرِيدُ**﴾ يەنى ﴿بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز﴾(ئىسرا: 18).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىلىمنى دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ»[3].

بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ.

(1) يۇقىرىقى كىتاب، 167 - بەت. شەيخ بۇ يەردە ئاللاھنى، جەننەت نېمەتلىرىنى، دوزاخ ئازابلىرىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشقا ئىشارەت قىلغان بولۇشى ياكى ئاللاھ سالىھ بەندىلىرىگە بېرىدىغان كارامەتنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن – ت.

(2) «ئەلمەجمۇ»، 1/26 - 31.

(3) «ئەبۇ داۋۇد»، 3664 - ھەدىس. سەنەدى سەھىھ.

ئەنەس، ھۇزەيفە، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى جاھىللار بىلەن دەتالاش قىلىش ياكى ئۆلىمالار ئالدىدا پەخىرلىنىش، ياكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنگەن بولسا ئۆزىگە دوزاختىن ئورۇن تەييارلاپ قويسۇن». تىرمىزىينىڭ كەئب ئىبنى مالىكتىن قىلغان رىۋايىتىدە يەنە: «... ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ» دېگەن[1].

## ئىلىم ئۆگىتىش نىيىتىدىكىلەر ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك ئىشلار

مۇدەررىس ئىلىم ئۆگىتىش ئارقىلىق تالىپلىرىنى ۋە ئۆز يېنىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلارنى كۆپەيتىشنى مەقسەت قىلىشتىن ساقلىنىشى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ باشقا مەنپەئەتلىك ئۇستازلارنىڭ يېنىدا ئوقۇشىنى يامان كۆرۈشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى لازىم. بۇ بەزى نادان ئۇستازلار گىرىپتار بولغان يامان ئىللەتتۇر، ئوقۇتقۇچىنىڭ نىيىتىنىڭ خالىس ئەمەسلىكىنىڭ، قەلبىنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر، ئىلىم ئۆگىتىش ئارقىلىق ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىمىگەنلىكىنىڭ كەسكىن دەلىلىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئىلىم ئۆگىتىش ئارقىلىق ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولسا ئىدى، ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ باشقىلار يېنىدا ئوقۇشىنى يامان كۆرمىگەن بولاتتى، بەلكى ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ئىلىم ئۆگىتىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى كۆزلىگەن ئىدىم، مۇرادىم ھاسىل بولدى، ئۇ باشقىلارنىڭ يېنىدا ئوقۇش ئارقىلىق ئىلمىنى تېخىمۇ كۆپەيتىشنى مەقسەت قىلدى، نارازى بولۇشنىڭ نە ھاجىتى!» دېگەن بولاتتى.



بىز ھەدىسشۇناسلىقتا ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىمام دارىمىينىڭ «مۇسنەد» ىدە سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلدۇقكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىلىمدارلار! ئىلمىڭلارغا ئەمەل قىلىڭلار، ئالىم – بىلگىنىگە ئەمەل قىلغان، ئىلمى ۋە ئەمەلى بىردەك بولغان كىشىدۇر، يېقىن كەلگۈسىدە شۇنداق بىر قەۋملەر پەيدا بولىدۇكى، ئۇلار ئىلىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشىدۇ، لېكىن ئىلىم ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلمى بىلەن ئەمەلى، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولمايدۇ؛ ئۇلار ئۆزئارا پەخىرلىنىش ئۈچۈن دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز دەرسىدىكى بىرىنىڭ باشقا دەرسلەردە ئولتۇرۇشىنى ۋە ئۆزىنى تاشلاپ قويۇشىنى يامان كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى شۇ دەرس سورۇنلىرىدا قېپقېلىپ، ئاللاھ دەرگاھىغا ئۆرلىمەيدۇ»[2].

ئىشەنچلىك رىۋايەتلەردە ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ بۇ ئىلمنى (ئۆزىنىڭ ئىلمىنى ۋە كىتابلىرىنى دېمەكچى) ماڭا بىر ھەرپىمۇ

(1) «تىرمىزىي»، 2650 - ھەدىس؛ تەبەرانىي «ئەلئەۋسەت»، 5704 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 2509 - ھەدىس.

(2) «دارىمىي»، 394 - ھەدىس.

مەنسۇپ قىلماستىن ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم»[1].

## قۇرئان ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ ئەخلاقلىرى

قۇرئان مۇئەللىمى دۇنياغا بېرىلمەسلىك، بارىغا قانائەت قىلىش، مال - دۇنياغا ۋە مال - دۇنيا ئەھلىگە ۋاي دەپ كەتمەسلىك، سېخىي، مەرد، خۇش چىراي، ئېغىر - بېسىق، سەۋرچان بولۇش قاتارلىق ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن قوراللىنىشى، ناچار قىلىقلاردىن نېرى تۇرۇش، پەرھىزكارلىق، خۇشۇ، تەمكىنلىك، سالماقلىق، كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق قاتارلىقلارنى ئۆزىگە يار قىلىش، كۆلكە - چاقچاقتىن ئۆزىنى تارتىش، شەرئى ۋەزىپىلەرگە ئەمەل قىلىش، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش، كىر - مەينەتلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇش، بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش، تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرۇش، ساقىلىنى تاراپ تۇرۇش، غەيرىي پۇراقلارنى يوقىتىپ تۇرۇش، كۆرۈمسىز كىيىملەرنى كىيمەسلىك، ھەسەت، رىيا، كۆرەڭلىك، ئەمەلىيەتتە ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان تەقدىردىمۇ باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش قاتارلىقلاردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش، ھەدىسلەردە كەلگەن تەسبىھ، تەھلىل ۋە زىكىر - دۇئالارغا ئەمەل قىلىش، يىنھاندىمۇ، جاراستاندىمۇ ئاللاھنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىق، بۇ ئىشلاردا ئىزچىل بولۇش، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھقىلا تايىنىش قاتارلىق شەرىئەت تەلەپ قىلغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈشى لازىم. 

## مۇئەللىم قۇرئان ئۆگەنگۈچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى لازىم

قۇرئان ئۆگەتكۈچى ئۆزىگە قۇرئان تىڭشىتىدىغان كىشىلەرگە سىلىق - سىپايە مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشى، ئۆز لايىقىدا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

ئەبۇ ھارۇن ئەلئەبدىي مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلسەك، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم تەۋسىيە قىلغان كىشىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: «كىشىلەر سىلەرگە ئەگىشىدۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن كىشىلەر كېلىپ، سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا دىن ئۆگىنىدۇ، ئۇلار كەلسە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دېگەن، دەيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىي، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان[2].

(1) ئەبۇ نۇئەيم: «ئەۋلىيالار زىننىتى»، 9 - توم، 118 - بەت؛ بەيھەقىي: «ئىمام شافىئىينىڭ پەزىلەتلىرى»، 1 - توم، 173 - بەت. بەيھەقىي: «ئەسەر ۋە سۈننەتلەرنى بىلىش»، 458 - نومۇر.
(2) «تىرمىزىي»، 650 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 249 - ھەدىس.

بىز «مۇسنەدۇ دارىمىي»دا ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئىدۇق[1].

## مۇئەللىم قۇرئان ئۆگەنگۈچىلەرگە كۆيۈنۈشى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى لازىم

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «دىن – ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ كىتابىغا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولۇش دېمەكتۇر»[2].

قارىيلارنى ۋە قۇرئان ئۆگەنگۈچىلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى پايدىلىق ئىشلارغا يېتەكلەش، ئۇلارغا مۇلايىم بولۇش، قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىش، ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىشتە مۇلايىم، كەڭ قورساق بولۇش، ئۇلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇش قاتارلىقلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىغا سەمىمىي بولۇش جۈملىسىدىندۇر.

مۇئەللىم قۇرئان ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ روھلۇق، قىزىقىشىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن داۋاملىق قۇرئان ئۆگىنىشىنىڭ پەزىلىتىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى، مال - دۇنياغا بېرىلىپ ئالدىنىپ كېتىشىدىن توسۇپ تۇرۇشى، قۇرئان ۋە باشقا شەرئىي ئىلىملەر بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغان ئىرادىلىك بەندىلىرىنىڭ يولى، پەيغەمبەرلىرىنىڭ مەرتىۋىسى ئىكەنلىكىنى داۋاملىق ئەسلىتىپ تۇرۇشى، ئوقۇغۇچىسىغا كۆيۈنۈشى، ئۆزىگە ۋە بالىسىغا پايدىلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەندەك ئوقۇغۇچىسىنىڭ پايدىلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇنى مېھىر - شەپقەتتە ئۆز بالىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈشى، ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە، ئەدەبسىزلىكلىرىگە سەۋر قىلىشى، بەزى ۋاقىتلاردا قىلىپ سالغان ئەدەبسىزلىكلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشى لازىم. چۈنكى، ئىنسان كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس، بولۇپمۇ ياشتا كىچىكلەر تېخىمۇ شۇنداق.

مۇئەللىم ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى تالىپلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈشى، يامان كۆرگەننى يامان كۆرۈشى لازىم. «سەھىھەين»دە كەلگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (ھەقىقىي) مۇئمىن بولالمايدۇ»[3].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان كىشى

---

(1) «دارىمىي»، 360 - ھەدىس.

(2) «مۇسلىم»، 55 - ھەدىس.

(3) «بۇخارىي»، 13 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 45 - ھەدىس.

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرىدىغان سورۇندىشىمدۇر؛ ئەگەر ئۇنىڭ يۈزىگە چىۋىن قوندۇرماسلىق قولۇمدىن كېلىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە (شۇنداق) قىلغان بولاتتىم»[1].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇنىڭغا چىۋىن قونسىمۇ بىئارام بولىمەن» دەپ كەلگەن[2].

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىقى، ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىشى، كەمتەر بولۇشى لازىم.

ئادەتتىكى كىشىلەرگە كەمتەر بولۇش ھەققىدە نۇرغۇن دەلىللەر كەلگەن تۇرسا، قۇرئان بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان، ئۇستىدە سورۇنداشلىق ھەققى بولغان، يېنىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرۇۋاتقان باللىرىنىڭ ئورنىدىكى بۇ تالىپلارغا قانداقمۇ كەمتەر بولمىسۇن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە ئىلىم ئۆگەتكەن ۋە سىلەردىن ئىلىم ئۆگەنگەن كىشىلەرگە مۇلايىم بۇلۇڭلار» دېگەن[3].

ئەييۇب ئەسسەختىيانىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئالىم دېگەن كەمتەر بولۇش يۈزىسىدىن بېشىغا توپا چېچىپ تۇرۇشى كېرەك»[4].

## مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى گۈزەل ئەدەب - ئەخلاققا ئىگە قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم



مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا تەدرىجىي ھالدا ئېسىل ئەخلاقنى، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان مىجەز - خۇلقلارنى سىڭدۈرۈشى، يوشۇرۇن ھالدا ئىنچىكە ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ روھىنى چېنىقتۇرۇشى، ئاشكارا - يوشۇرۇن ھەممە ئىشلاردا گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ئۆزىنى ساقلاشقا ئادەتلەندۈرۈشى، سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىخلاس، راستچىللىق، ياخشى نىيەت، ھەردائىم ئاللاھنى ئېسىدىن چىقارماسلىق قاتارلىقلارغا ئۈندەپ تۇرۇشى، ئۇنىڭغا ئەنە شۇلار ئارقىلىق مەرىپەت ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى، قەلبىنىڭ يورۇيدىغانلىقىنى، قەلبىدىن ئىلىم - ھېكمەت بۇلاقلىرىنىڭ ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقىنى، ئىلمىگە ۋە ئەمەللىرىگە بەرىكەت بېرىلىدىغانلىقىنى، سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە توغرىغا مۇۋەپپەق قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

---

(1) بۇخارىي «الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان 1146 - ھەدىس؛ خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، 887 - نومۇر؛ بەيھەقىي: «ئىمان شاخچىلىرى»، 9122 - ھەدىس.

(2) خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، 893 - نومۇر .

(3) خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، 893 - ھەدىس؛ دەيلەمىي: «فىردەۋس»، 238 - ھەدىس. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان.

(4) خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، 894 - نومۇر ؛ ئاجۇررىي: «قارىيلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى»، 65 - بەت.

## ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ ھۆكمى

باشقىلارغا ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىتىش پەرز كۇپايە[1]دۇر. ئەگەر بىر يۇرت ياكى بىر مەھەللىدە ئىلىم ئۆگىتەلەيدىغان پەقەت بىرلا كىشى بولسا ئۇ كىشىنىڭ باشقىلارغا ئىلىم ئۆگىتىشى پەرز ئەين[2] گە ئايلىنىدۇ، ئەگەر بىرەر جامائەت ئارىسىدا بەزى كىشىلەر تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا باشقىلار (تەلىم - تەربىيە بىلەن شۇغۇللانمىغانلىقتىن) گۇناھكار بولمايدۇ.

ئەمما، ھەممە كىشى تەلىم - تەربىيەدىن باش تارتسا ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ، بەزىلەر بەجا كەلتۈرسە قالغانلاردىن ساقىت بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىدىن ئىلىم ئۆگىتىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇ باش تارتقان بولسىچۇ؟! ئىككى قاراشنىڭ كۈچلۈكرەكى شۇكى، ئۇ گۇناھكار بولمايدۇ، لېكىن ئۆزرىسىز باش تارتىش مەكرۇھتۇر.

## مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىلىم ئۆگىتىشتە قىزغىن بولۇشى لازىم



مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىلىم ئۆگىتىشكە قىزغىن بولۇشى، ئىلىم ئۆگىتىشنى ئۆزىنىڭ زۆرۈر بولمىغان دۇنياۋى مەنپەئەتلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇشى، قۇرئان ئۆگىتىشكە ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئۆگىتىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلىشى لازىم. ئۇ نەرسىلەر تولىمۇ كۆپ ۋە ھەممىگە مەلۇمدۇر.

ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرسنى ياخشى چۈشەندۈرۈشكە، ھەربىرىگە لايىقىدا دەرس بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، كۆپرەك بەرسە دەرسنى كۆتۈرەلمەيدىغانلارغا كۆپ بەرمەسلىكى، كۆتۈرەلەيدىغانلارغا ئاز بېرىپ قويماسلىقى، يادقا ئالغانلىرىنى تەكرارلاتقۇزۇپ تۇرۇشى، زېرەكلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەغرۇرلۇق ياكى باشقا ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولۇشتىن ئەنسىرىمىسىلا ماختاپ تۇرۇشى، سۇسلۇق قىلغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم ئۆگىنىشتىن يالتىيىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسە يەڭگىل جازالارنى بېرىپ قويۇشى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن نامايان بولغان تالانتلىرىغا ئەسلا ھەسەت قىلماسلىقى لازىم.

چۈنكى ياتلارغا ھەسەت قىلىش ھارام. ئاخىرەتتە كاتتا ساۋاب، دۇنيادا گۈزەل مەدھىيە ئېلىپ كېلىدىغان، ئۆزىنىڭ بالىسى ئورنىدىكى ئوقۇغۇچىسىغا ھەسەت قىلىش

(1) پەرز كۇپايە – بىر قىسىم كىشىلەر ئادا قىلسا باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان پەرز – ت.
(2) پەرز ئەين – ھەربىر كىشى ئۆزى ئورۇندىشى كېرەك بولغان پەرز – ت.

بولسا تېخىمۇ ئېغىر(گۇناھ)دۇر.

## ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارغا رەت تەرتىپى بويىچە دەرس بېرىش لازىم

ئەگەر ئوقۇغۇچىلار كۆپ بولسا، ئۇلارغا دەرس بېرىشتە، رەت تەرتىپى بويىچە بۇرۇن كەلگەنلەرگە بۇرۇن دەرس بېرىشى لازىم. ئەگەر بۇرۇن كەلگىنى كېيىن كەلگىنىگە دەرس بېرىشكە قوشۇلسا، كېيىن كەلگىنىگە بۇرۇن دەرس بەرسە ھېچقىسى يوق.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا خۇش چىراي بولۇشى، ئىللىق مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوراپ تۇرۇشى، يوقاپ كەتكەنلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇشى لازىم.

## ئۆگەنگۈچىنىڭ نىيىتى

ئۆلىمالار بىرەر ئوقۇغۇچىغا نىيىتى دۇرۇس بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئىلىم ئۆگىتىشتىن باش تارتماسلىقى لازىم، چۈنكى سۇفيان سەۋرى ۋە باشقىلار مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ ئىلىم ئىزدەپ كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا نىيەتتۇر»[1].

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىلىمنى باشقا مەقسەتتە ئۆگەنگەن، ئەمما، ئىلىم ئاللاھ رازىلىقىدىن باشقىغا ئۇنىمىدى (يەنى ئاقىۋەتتە يەنىلا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولدى)»[2].



## مۇئەللىمنىڭ ئەدەبلىرى

مۇئەللىم قۇرئان ئۆگىتىۋېتىپ قوللىرى بىلەن زۆرۈر بولمىغان بىھۇدە ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىقى، زۆرۈرىيەتسىز ھالدا ئۇياق - بۇياققا قارىماسلىقى، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، تاھارەت بىلەن تەمكىن ئولتۇرۇشى، كىيىملىرى ئاق، پاكىزە بولۇشى، مەسجىد بولسۇن ۋە باشقا يەر بولسۇن، قۇرئان ئۆگىتىدىغان يېرىگە يېتىپ كەلسە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشى لازىم. چۈنكى، مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇماستىن ئولتۇرۇش مەكرۇھتۇر[3]. خالىسا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرسىمۇ ياكى باشقا شەكىلدە ئولتۇرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئەسسىجستاني ئۆز سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلدۇكى،

---

(1) «دارىمي»، 370 - ھەدىس. خەتىب باغدادىي: «راۋىي ئەخلاقى توپلىمى»، 207 - بەت.

(2) ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئىلىم ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى توپلىمى»، 1376 - نومۇر. خەتىب باغدادىي: «راۋىي ئەخلاقى توپلىمى»، 782 - نومۇر. ھەرئىككىسى مەئمەر ئىبنى راشىد رەھىمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلغان.

(3) ھەنەفىي، مالىكىي، ھەنبەلىي مەزھەبلىرىدە ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا مەســچىتكە كىرگەن بولسا، ئۇ ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇش چەكلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ناماز ئوقۇماستىن ئولتۇرىدۇ – ت.

«ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە مەسجىدتە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئۆگىتەتتى»[1].

## ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش لازىم

ئىلىمنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئەدەبلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئىلىم ئۆگەنگۈچى خەلىپە ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى كىشى بولغان تەقدىردىمۇ، مەندىن ئىلىم ئۆگەنسۇن دەپ ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە بېرىپ ئىلىمنى خار قىلماسلىقى، ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى سەلەف - سالىھلار ساقلىغاندەك ساقلىشى لازىم.

سەلەفلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىش - ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە مەشھۇردۇر.

## ئىلىم سورۇنىنى كەڭرى تۈزۈش

مۇئەللىم سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئازادە ئولتۇرالىغۇدەك دەرىجىدە كەڭ سورۇن تۈزۈشى لازىم.

ئەبۇ داۋۇد «سۈنەن» ناملىق كىتابىنىڭ «ئەدەب - ئەخلاق بۆلۈمى»نىڭ بېشىدا سەھىھ سەنەد بىلەن ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سورۇنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى كەڭ - كۇشادە بولغىنىدۇر»[2].

## ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبلىرى

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەدەب - ئەخلاقلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئەدەب - ئەخلاقىدۇر.

ئوقۇغۇچى ئىلىم ئۆگىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى – زۆرۈر بولغانلىرى باشقا گەپ، ئەلۋەتتە – قۇرئانىنى ئۆگىنىش، يادلاش ۋە مەنپەئەت ئېلىشقا لايىق بولسۇن ئۈچۈن قەلبىنى كىرلەردىن پاكلىشى لازىم.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاگاھ بولۇڭلار! بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇ قەلبتۇر»[3].

(1) «ئەبۇ داۋۇد» 3664 - ھەدىس. سەنەدى سەھىھ.
(2) «ئەبۇ داۋۇد» 4820 - ھەدىس. سەھىھ.
(3) «بۇخارىي»، 52 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1599 - ھەدىس.

تۆۋەندىكى سۆز ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان: «يەرنى تېرىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىغاندەك قەلبىنىمۇ ئىلىم ئۈچۈن ياخشى تەييارلاشقا توغرا كېلىدۇ».

ئوقۇغۇچى ئۈچۈن مۇئەللىم ئۆزىدىن ياشتا كىچىك، نام - شۆھرەت، نەسەب، تەقۋالىق ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئالدىدا كەمتەر بولۇشى لازىم. ئوقۇغۇچى يەنە ئۇستازىغا كەمتەر بولغاندەك ئىلىم ئېلىشتىمۇ كەمتەر بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئىلىم كەمتەر كىشىگە يۇقىدۇ. شائىرلار مۇنداق ئېيتىدۇ:

ئىلىم ئاقماس چوڭقۇر يىگىتكە
سەل ئاقمىغاندەك ئېگىزلىككە

ئوقۇغۇچى يەنە ئۇستازىغا ئىتائەت قىلىشى، ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىشى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى كۆيۈمچان، ماھىر تېۋىپنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان دانا بىماردىنمۇ بەكرەك ئاڭلىشى لازىم.

## لاياقەتلىك مۇئەللىمدە ئوقۇش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا



ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىلىققا سالاھىيىتى تولۇق توشىدىغان، تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان، ئالىملىقى ئېتىراپ قىلىنغان، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن نېرى تۇرۇشى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇستازلاردىن ئىلىم ئېلىشى كېرەك. چۈنكى، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن، مالىك ئىبنى ئەنەس ۋە باشقا سەلەف ئالىملىرى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن): «بۇ ئىلىم – دىندۇر. دىنىڭلارنى كىمدىن ئېلىۋاتقانلىقىڭلارغا (ئوبدان) قاراڭلار» دېگەن[1].

ئوقۇغۇچى مۇئەللىمگە ھۆرمەت كۆزى بىلەن قارىشى، ئۇنى ئوقۇتقۇچىلىققا تولۇق سالاھىيەتلىك، ئۆز تەبىقىسىدىكىلەردىن ئىلىم جەھەتتە ئارتۇق دەپ قارىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ ئىلمىدىن تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت ئالالايدۇ. ئىلگىرىكىلەردىن بەزىلەر مۇئەللىمىنىڭ يېنىغا بېرىشتىن بۇرۇن ئاز - تولا سەدىقە قىلاتتى ۋە: «ئى ئاللاھ! مۇئەللىمىمنىڭ ئەيىبلىرىنى مەندىن يوشۇرغىن، مەندىن ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ بەرىكىتىنى كەتكۈزۈۋەتمىگىن» دەيتتى. ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتى رەبىيئ (ئاللاھ ئۇ ئىككىسىگە رەھىم قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا ئىمام شافىئىي قاراپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ سۇ ئىچىشكىمۇ پېتىنالمايتتىم»[2].

بىر ئەمرۇل مۇئمىنىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

---

(1) «مۇسلىم»، 1 - توم، 14 - بەت؛ خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، 845 - نومۇر.
(2) بەيھەقىي: «ئەلمەدخەل»، 684 - نومۇر.

قىلدۇقكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئالىمنىڭ سىنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەققى شۇكى، ئومۇمغا ئورتاق سالام قىلساڭ ئۇنىڭغا ئايرىم سالام قىلىشىڭ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشۇڭ، ئۇنىڭ ئالدىدا قول ئىشارىتى، كۆز ئىشارىتى قىلماسلىقىڭ، ئۇنىڭ سۆزىگە خىلاپ ھالدا ‹پالانى ئالىم مۇنداق دەپتۇ، پوكۇنى ئالىم مۇنداق دەپتۇ› دېمەسلىكىڭ، ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىقىڭ، ئۇنىڭ سورۇنىدا باشقىلار بىلەن پىچىرلاشماسلىقىڭ، ئۇنىڭ كىيىمىنى تارتماسلىقىڭ، ئۇنىڭغا دەرس ئۆگىتىش خۇشياقمىغاندا چىڭ تۇرۇۋالماسلىقىڭ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن بىزار بولماسلىقىڭ لازىم»[1].

ئوقۇغۇچىلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرسەتكەن يۇقىرىقى ئەدەبلەرنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۇستازىنىڭ غەيۋىتى قىلىنسا قولىدىن كېلىشىچە رەددىيە بېرىشى، رەددىيە بېرىش قولىدىن كەلمىسە ئۇنداق سورۇننى تەرك ئېتىشى لازىم.

## ئىلىم سورۇنىغا كىرىشنىڭ ئەدەبلىرى

ئۇستازىنىڭ يېنىغا ئوقۇغۇچىلىق سۈپەتلىرىنى تولۇق ھازىرلىغان، ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك پاكىزلىقتا رىئايە قىلغان، مىسۋاك ئىشلەتكەن، قەلبىنى مەشغۇل قىلغۇچى ئىشلاردىن خالىي قەلبى بولغان ھالدا كىرىشى، ئەگەر ئۇستازىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت سوراش كېرەك بولغان تەقدىردە ھۇزۇرىغا رۇخسەتسىز كىرمەسلىكى، كىرگەن ۋاقىتتا سورۇن ئەھلىگە ئورتاق، ئۇستازىغا ئايرىم سالام قىلىشى، قايتقان ۋاقىتتىمۇ سورۇن ئەھلىگە ۋە ئۇستازىغا سالام بېرىپ قايتىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېيىنكى سالام مۇھىملىقتا ئاۋۋالقىسىدىن قېلىشمايدۇ»[2].



كىشىلەرنىڭ گەدەنلىرىدىن ئاتلىماسلىقى، بەلكى سورۇننىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرۇشى، ئەگەر ئۇستازى ئالدىغا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلسا ياكى سورۇنداشلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشىگە رازى ئىكەنلىكىنى بىلسە ئالدىغا ئۆتسە بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھېچكىمنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋەتمەسلىكى، ئەگەر ئورۇن بوشىتىپ بەرسىمۇ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ئۆرنەك قىلىپ[3] قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئالدىغا ئۆتۈشى سورۇندىكىلەرگە پايدىلىق بولسا ياكى ئۇستازى بۇيرۇسا بوشىتىپ بەرگەن ئورۇننى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. زۆرۈر بولمىسا (دەرس) ھالقىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرماسلىقى، ئىككى دوستىنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئولتۇرماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئىككىسىلەن ئورۇن چىقىرىپ بەرسە قىستىماي ئولتۇرۇشى لازىم.

---

(1) خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، 856 - نومۇر؛ «راۋىي ئەخلاقى توپلىمى»، 350 - نومۇر.
(2) «سەھىھۇ ئىبنى ھىببان»، 495 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2706 - ھەدىس.
(3) «تىرمىزىي»، 2750 - ھەدىس.

## ئوقۇغۇچىنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان ئەدەبلىرى

ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلىرىغا ۋە ئۇستازىنىڭ دەرسكە قاتناشقۇچىلارغا ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئۇستازىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ دەرس سورۇنىنى قوغدىغانلىقتۇر. ئۇ يەنە ئۇستازىنىڭ ئالدىدا ئوقۇتقۇچىلارچە ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىدەك ئولتۇرۇشى، زۆرۈرىيەت بولمىسا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرمەسلىكى، ئورۇنسىز كۈلمەسلىكى، قۇرۇق پاراڭ قىلماسلىقى، ئۇياق - بۇياققا قارىماسلىقى، قولىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئوينىماسلىقى، ئۇستازىغا قاراپ، سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشى لازىم.

## ئۇستازىنىڭ ئەڭ مۇناسىپ ۋاقتىنى تاللىشى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ جاپالىرىغا سەۋر قىلىشى لازىم

ئۇستازىنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس، ھېرىپ - چارچىغان، بىئارام بولغان، ئىچى پۇشۇپ قالغان، شۇنداقلا قاتتىق خۇشال بولغان، قورسىقى ئاچقان، ئۇسساپ قالغان، مۈگدەك باسقان، بىرەر نەرسىدىن ئەنسىرىگەن دېگەندەك دەرس ئاڭلاش ئېغىر كېلىدىغان ياكى قەلب ھۇزۇرى بىلەن ئاڭلاشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەھۋاللاردا دەرس تىڭشىتىشتىن ساقلىنىشى، ئۇستازىنىڭ تېتىك ۋاقىتلىرىنى غەنىيمەت بىلىشى، ئۇستازىنىڭ قوپاللىق ۋە ئەدەبسىزلىكلىرىنى كۆتۈرۈشى، بۇ ئىشلار ئۇنى ئۇستازىنىڭ پېشىنى تۇتۇشتىن ۋە ئۇنى «قابىل ئۇستاز» دەپ قاراشتىن توسۇپ قويماسلىقى، ئۇستازىنىڭ ناتوغرىدەك كۆرۈنگەن سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى توغرا چۈشىنىشكە تىرىشىشى كېرەك. بۇنى ئالىم بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلمىگەنلەرلا قىلالمايدۇ. يەنە ئۇستازى ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلىپ سالغان ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچى ئاۋۋال كەچۈرۈم سورىشى، گۇناھ ۋە ئەيىبنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلىش ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق ۋە ئۇستازىنىڭ قەلبىدىكى ئۇنىڭغا بولغان نارازىلىقنى يوقىتىشتا بەكرەك ئۈنۈملۈكتۇر.

كىشىلەر: «ئىلىم ئېلىش يولىدا بەزىبىر خارلىق تارتىشلارغا سەۋر قىلالمىغان كىشى ئۆمۈر بويى جاھالەت زۇلمەتلىرىدە قالىدۇ، سەۋر قىلغان كىشى بولسا ئاقىۋەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىززىتىگە ئېرىشىدۇ» دەپ ئېيتىشقان. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ مەشھۇر سۆزمۇ بۇنىڭغا شاھىتتۇر: «تالىپ ۋاقتىمدا خار ئىدىم، ئالىم بولۇپ ئەزىز بولدۇم»[1].

(1) ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئىلىم ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى توپلىمى»، 756 - نومۇر.

## ئىلىمگە قىزغىن بولۇش توغرىسىدا

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھىم ئەدەبلىرىنىڭ بىرى، ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزغىن بولۇشى، ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىكى ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە داۋاملىق ئىلىم ئۆگىنىشى، كۆپلەپ ئىلىم ئىگىلەشكە قادىر تۇرۇپ ئازغا قانائەت قىلماسلىقى، زېرىكىپ قالماسلىقى ۋە ئۆگەنگەنلىرىنىڭ زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بەش بارمىقىنى ئىغىزىغا بىراقلا تىقماسلىقى (يەنى ئۆزىنى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئىلىمگە زورلىماسلىقى) لازىم. بۇ كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەگەر دەرس ئالغىلى كېلىپ ئۇستازىنى تاپالمىسا، ئۇستازىنىڭ يامان كۆرۈشىدىن قورقمىسىلا ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇشى، كۈندىلىك دەرس ۋەزىپىسىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى، ئەگەر ئۇستازى ھەركۈنى مەلۇم ۋاقىتتىلا قۇرئان ئۆگىتىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا قۇرئان ئۆگەتمىسە ۋە ئوقۇغۇچىسىنىڭ ساقلاپ تۇرۇشىنى ياقتۇرمىسا قايتىپ كېتىشى، ئەگەر ئۇستازى ئۇخلاۋاتقان ياكى مۇھىم ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بولسا كىرىشكە ئىجازەت سورىماسلىقى، بەلكى ئويغانغۇچە ياكى بىكار بولغۇچە سەۋر قىلىشى ياكى قايتىپ كېتىشى لازىم، سەۋر قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى. ئىبنى ئابباس ۋە باشقا ساھابىلەرمۇ شۇنداق قىلاتتى[1].

بوش ۋاقتى بار، روھلۇق، تېنى ساغلام، زېھنى ئۆتكۈر، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىگە كىرمىگەن، يۈز - ئابرۇيى ئۆسۈشتىن ۋە ئىلىم ئوقۇشقا يارىمايدىغان بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن تىرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشى لازىم.



(1) ھاكىم 1 - توم، 106 - نومۇر؛ «دارىمى»، 590 - نومۇر؛ خەتىب باغدادىي: «راۋىي ئەخلاقى توپلىمى»، 219 - نومۇر؛ ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئىلىم ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى توپلىمى»، 507 - نومۇر.
ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا ئەنسارلاردىن بىر كىشىگە:

– يۈر! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى ئىزدەيلى، ئۇلار ھازىر كۆپ، – دېدىم. ئۇ:

– ۋاي ساڭا ئىبنى ئابباس! كىشىلەر ئارىسىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەركاتتا ساھابىلىرى تۇرسا، كىشىلەرنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ – دېدى ۋە ساھابىلەرنى ئىزدىمىدى، مەن بولسام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى ئىزدەپ ھەدىس ئۆگىنىشكە باشلىدىم. بىرەر ساھابىنىڭ ھەدىس بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىسام، ئۇنىڭ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ئۇ چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقان بولسا تونۇمنى بېشىمغا قويۇپ ياتاتتىم، شامالدىن يۈزۈم توپا بولۇپ كېتەتتى. بەزىدە ساھابە چىقىپ:

– ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىيەنى! نېمە سەۋەبتىن كەلدىڭ؟ ئادەم ئەۋەتكەن بولساڭ يانلىرىڭغا باراتتىم ئەمەسمۇ؟! – دەيتتى، مەن:

– مېنىڭ كېلىشىم بەكرەك لايىق، – دەيتتىم ۋە ئۇنىڭدىن ھەدىس سورايتتىم. كۈنلەر ئۆتۈپ ھېلىقى ئەنسارىي كىشىلەرنىڭ مېنىڭ ئەتراپىمغا توپلىشىپ مەسىلە سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

– بۇ يىگىت مەندىن ئەقىللىق ئىكەن، – دېگەن ئىدى»

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەنسەپكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىلىم ئۆگىنىڭلار»[1]. يەنى سىلەر كىشىلەرگە باش بولۇشتىن بۇرۇنقى ئاددىي پۇقرا چېغىڭلاردا لاياقەتلىك ئالىم بولۇشقا تىرىشىڭلار، سىلەر كىشىلەرگە باش بولۇپ رەھبەر بولساڭلار يۈز - ئابرۇيۇڭلارنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىڭلارنىڭ كۆپلۈكى ئىلىم ئۆگىنىشىڭلارغا توسالغۇ بولىدۇ. مانا بۇ ئىمام شافئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ: «كىشىلەرگە باش بولۇشتىن بۇرۇن ئالىم بول، باش بولساڭ ئالىم بولۇش يولۇڭ تاقىلىدۇ»[2] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

## دەرسنى ئەتىگەن ئوقۇپ بېرىش ۋە ھەسەت قىلماسلىق، ئۆزىگە تەمەننا قويماسلىق

قۇرئان يادلاۋاتقان ئوقۇغۇچى كۈندىلىك يادلاۋاتقان دەرسنى ئۇستازىغا ئەتىگەن ئوقۇپ بېرىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! ئۈممىتىمنىڭ سەھەر باشلىغان ئىشلىرىغا بەرىكەت بەر»[3]. شۇنىڭدەك يادقا ئالغانلىرىنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇشى، ئۆز نۆۋىتىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىكى لازىم. چۈنكى، دۇنيالىق ئىشلاردا ئۆز مەنپەئەتىدىن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش ياخشى ئىش بولسىمۇ ئىبادەتلەردە پۇرسەتنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش مەكرۇھتۇر. ئەگەر بەزى ۋاقىتلاردا ئۇستازى مەلۇم شەرئىي سەۋەبلەر تۈپەيلى نۆۋىتىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بۇيرۇسا، ئۇستازىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى لازىم.

59

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ساۋاقداشلىرى بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن، ھېچ كىشىگە ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئارتۇقچىلىقلارغا قاراپ ھەسەت قىلماسلىقى، ئۆگەنگەن ئىلىملىرىدىن مەغرۇرلانماسلىقى لازىم. بىز بۇلارنى «مۇئەللىمنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا» دېگەن بابتا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۆزىدىكى مەغرۇرلۇقنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇلى ئېرىشكەن ئىلىملىرىگە ئۆز ئىقتىدارى ئارقىلىق ئېرىشمىگەنلىكى، بەلكى ئۇنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ پەزلى ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۆزى پەيدا قىلمىغان، بەلكى ئاللاھ ئامانەت قىلىپ بەرگەن نەرسىگە مەغرۇرلىنىشنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى ئۆز - ئۆزىگە ئەسلىتىپ تۇرۇشتۇر.

ھەسەتنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇلى بولسا، كىشىدىكى ئارتۇقچىلىقنىڭ ئاللاھنىڭ

(1) ئىمام بۇخارىي مۇئەللەق (يەنى سەنەدسىز رىۋايەت قىلغان) «بۇخارىي»: «كىتابۇل ئىلىم»، «ئىلىم ۋە ھېكمەتنى ئارزۇ قىلىشنىڭ بابى».

(2) بەيھەقىي: «ئىمام شافئىينىڭ پەزىلەتلىرى»، 2 - توم، 140 - نومۇر؛ خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، 770 - نومۇر.

(3) «سەھىھۇ ئىبنى ھىببان»، 4754 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 2606 - ھەدىس. «تىرمىزىي»، 1212 - ھەدىس.

ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈشنىڭ، ئاللاھ ئىرادە قىلغان ۋە ئاللاھ يامان كۆرمىگەن ئىشنى يامان كۆرۈشنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى بىلىشتۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# بەشىنچى باب

## قارىيلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى توغرىسىدا

بىز ئىلگىرىكى بابتا قارىيلارنىڭ بەزى ئەدەبلىرى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتۇق.

قارىيلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىق، ئالىيجاناب، كەمتەر، سالماق، تەمكىن بولۇشى، قۇرئاننى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن قۇرئان چەكلىگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى، نامۇناسىپ ھۈنەر - كەسىپلەرگە يېقىن يولىماسلىقى، زالىم، تەكەببۇرلار ئالدىدا بېشى ئۆستۈن، سالىھلار، ياخشىلار ۋە مىسكىنلەر ئالدىدا كەمتەر بولۇشى، ئومۇمەن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئېسىل بولۇشى لازىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى قارىيلار! بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، سىلەرگە ھەق يول ئايان بولدى، ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار، كىشىلەرگە يۈك بولۇپ قالماڭلار»[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قارىيلار كېچىلەرنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزگۈچىلەردىن تەھەججۇد نامازلىرى بىلەن، روزا تۇتمايدىغانلاردىن روزا تۇتۇشلىرى بىلەن، خۇشال يايراپ يۈرگۈچىلەردىن غەم - قايغۇلىرى بىلەن، كۈلۈپ يۈرگۈچىلەردىن يىغا - زارلىرى بىلەن، قۇرۇق پاراڭغا چۆككۈچىلەردىن سۈكۈت قىلىشلىرى بىلەن، تەكەببۇرلاردىن كەمتەرلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرۇشى لازىم»[2].

ھەسەن ئەلبەسرىي رەھمەھۇللاھ: «سىلەردىن بۇرۇنقىلار (ساھابىلەرنى دېمەكچى) قۇرئاننى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن مەكتۇپ دەپ قاراپ، كېچىلىرى ئۇنىڭ مەنىلىرىنى تەپەككۇر قىلغان ھالدا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى، كۈندۈزلىرى كېچىدە ئوقۇغانلىرىغا ئەمەل قىلاتتى» دېگەن[3].

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قارىيلار خەلىپىلەر بولسۇن ياكى ئۇلاردىن تۆۋەن كىشىلەر بولسۇن، ھېچكىمگە ھاجەتمەن بولماسلىقى لازىم»[4].

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قارىي ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىدۇر. شۇڭا ئۇ قۇرئاننى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئويۇنچىلارنىڭ ئويۇن - تاماشاسىغا، غاپىللارنىڭ غەپلىتىگە، قۇرۇق پاراڭچىلارنىڭ پاراڭلىرىغا جور بولماسلىقى كېرەك»[5].

(1) ئىبنى جەئد: «مۇسنەد»، 1921 - نومۇر؛ بەيھەقىي: «ئىمان شاخلىرى»، 1163 - نومۇر.

(2) ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 113 - بەت؛ ئىبنى ئەبى شەيبە: «ئەلمۇسەننەف»، 8 - توم، 305 - بەت.

(3) ئاجۇررىي: «قارىيلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى»، 51 - بەت.

(4) ئاجۇررىي: «قارىيلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى»، 51 - بەت؛ ئەبۇ نۇئەيم: «ئەۋلىيالار زىننىتى»، 8 - توم، 92 - بەت.

(5) ئەبۇ نۇئەيم: «ئەۋلىيالار زىننىتى»، 8 - توم، 92 - بەت.

## قۇرئاننى تىرىكچىلىكنىڭ ۋاستىسى قىلىشقا ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش ۋە قۇرئان ئۆگىتىشكە ھەق ئېلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

قارىيلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى، قۇرئاننى دۇنيا تىرىكچىلىكنىڭ ۋاستىسى قىلىشقا ئىشلىتىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشىدۇر. ئابدۇررەھمان ئىبنى شىبل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇڭلار، لېكىن ئۇنى جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار. قۇرئاندىن يىراقلاشماڭلار، قۇرئانغا ئەمەل قىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار»[1].

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پات ئارىدا شۇنداق بىر قەۋملەر پەيدا بولىدۇكى، ئۇلار قۇرئاننى پەيسىز يا ئوقىدەك تۈپتۈز (ئۆلچەملىك) ئوقۇيدۇ، ئەجرىنى بولسا بۇ دۇنيادىلا نەق ئېلىپ ماڭىدۇ، ئاخىرەتكە نىسىۋە قالدۇرمايدۇ»[2].

ئەبۇ داۋۇد سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىنمۇ بۇ مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان[3].

يەنى بۇ قارىيلار قۇرئان ئوقۇغانلىقىنىڭ ئەجرىنى مال - دۇنيا، يۈز - ئابرۇي دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن بۇ دۇنيادىلا نەق ئېلىپ ماڭىدۇ.



فۇزەيل ئىبنى ئەمر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى كىشى مەسجىدكە كىردى. ئىمام سالام بېرىپ نامازدىن پارىغ بولۇشىغا، بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ قۇرئاندىن بىرنەچچە ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەشكە باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان يەنە بىرى: ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾(بەقەرە: 156). مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پات يېقىندا قۇرئاننى ۋاستە قىلىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر پەيدا بولىدۇ. قۇرئاننى ۋاستە قىلىپ نەرسە تىلىگەن كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرمەڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى[4].

بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ئۈزۈكتۇر. چۈنكى، فۇزەيل ئىبنى ئەمر ساھابىلەردىن ھەدىس ئاڭلىمىغان.

قۇرئان ئۆگىتىشكە ھەق ئېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۆلىمالار ئارىسىدا بۇ

(1) ئىمام ئەھمەد («مۇسنەدۇ ئەھمەد» 3 - توم، 438 - ھەدىس) ۋە ئەبۇ يەئلا قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 3 - توم، 357 - ھەدىس.

(3) «ئەبۇ داۋۇد»، 831 - ھەدىس.

(4) بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى» ناملىق كىتابىدا 209 - بەتتە«ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى» دەپ رىۋايەت قىلغان.

مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت.

ئىمام ئەبۇ سۇلايمان خەتتابىي، زۇھرىي ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىفە[1] قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ قۇرئان ئۆگىتىشكە ھەق ئېلىش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدىغانلىقىنى، ھەسەن ئەلبەسرىي، شەئبىي ۋە ئىبنى سىيرىن قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ ھەق بېرىشنى شەرت قىلمىغان بولسا دۇرۇس دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئەتا، مالىك، شافىئىي ۋە باشقا ئۆلىمالارنىڭ ئۆگىتىشكە توختاملىشىپ ھەق بېرىشكە ئېنىق شەرتلەشسە دۇرۇس دەپ قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان ۋە: «قۇرئان ئۆگىتىشكە ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن» دېگەن[2].

دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدىغانلار بولسا، ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: ئۇ (ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئەھلى سۇففەدىن بىر كىشىگە قۇرئان ئۆگىتىپ قويغان ئىدى، ئۇ (ئۆگەنگۈچى) ئۇنىڭغا بىر ئوقيا سوۋغا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا (ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ): «ئوقيانىڭ بويۇنۇڭغا تاقاق بولۇپ سېلىنىشىنى ياخشى كۆرسەڭ ئۇنى قوبۇل قىلغىن» دېدى. بۇ مەشھۇر ھەدىس[3] بولۇپ، ئۇنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان[4]. بۇ قاراشتىكىلەر يەنە سەلەف - سالىھلارنىڭ كۆپ سۆزلىرىنى دەلىل قىلىشىدۇ.

63

ھەق ئېلىش دۇرۇس دەپ قارايدىغانلار بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىشقا قارىتا ئىككى خىل جاۋاب بەرگەن: بىرىنچىسى، بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە مەسىلە بار. ئىككىنچىسى، ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى خاھلاپ ھەقسىز ئۆگىتىپ قويغان بولغاچقا، بەدەل سۈپىتىدە بېرىلگەن نەرسىنى ئېلىشقا ھەقلىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەق ئېلىشى جائىز بولمىغان. ئۆگىتىشتىن بۇرۇن ھەق بېرىشكە پۈتۈشۈش بولسا، بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر[5].

(1) بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىلگىرىكى ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ قارىشى. ئەمما، كېيىنكى ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرى «قۇرئان ۋە شەرئى ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىككە ھەق ئېلىش دۇرۇس» دەپ پەتىۋا بەرگەن. ئىمام مەرغىنانىي: «مۇشۇ قاراش بويىچە پەتىۋا بېرىلىدۇ» دېگەن. «ئەلھىدايە»، 3 - توم، 1281 - بەت.

(2) خەتتابىي: «مەئالىمۇسسۇنەن»، 3 - توم، 453 - بەت.

(3) مۇتەۋاتىرلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن، لېكىن راۋىيلار تەبىقىسىنىڭ ھەربىر تەبىقىسىدە ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچتىن راۋىي رىۋايەت قىلغان ھەدىس «مەشھۇر ھەدىس» دەپ ئاتىلىدۇ – ت.

(4) «ئەبۇ داۋۇد»، 3416 - ھەدىس. «ئىبنى ماجە»، 2157 - ھەدىس.

(5) ئىمام سۇيۇتىي رەھمەھۇللاھ «ئەلئىتقان» ناملىق كىتابىنىڭ 1 - توم، 323 - بېتىدە ئىمام ئەبۇ لەيسنىڭ «بوستان» ناملىق كىتابىدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «تەلىم - تەربىيە ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ھەق ئالماي ساۋاب ئۈچۈن ئۆگىتىش. ئىككىنچىسى، ھەق بېرىشكە دېيىشىپ ئۆگىتىش. ئۈچىنچىسى، ھەق بېرىشنى شەرت قىلماي، سوۋغات بەرسە قوبۇل قىلىش. بىرىنچى كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بۇ پەيغەمبەرلەر يولىدۇر. ئىككىنچىسىنىڭ دۇرۇس ياكى ئەمەسلىكىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار، دۇرۇس دېگەن قاراش كۈچلۈك. ئۈچىنچىسىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئىجما قىلىنغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە تەلىم بېرەتتى ۋە سوۋغات قوبۇل قىلاتتى.

## قۇرئاننى قەرەللىك تاماملاپ تۇرۇش توغرىسىدا

قارىيلار قۇرئان تىلاۋىتىنى قولدىن بەرمەسلىكى ۋە قۇرئاننى كۆپ ئوقۇشى لازىم. سەلەف - سالىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قۇرئان تامام قىلىش ئادىتى بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، سەلەفلەرنىڭ بەزىلىرى قۇرئاننى ھەرئىككى ئايدا بىر قېتىم، بەزىلىرى ھەرئايدا بىر قېتىم[1]، بەزىلىرى ھەرئون كۈندە بىر قېتىم[2]، بەزىلىرى ھەرسەككىز كۈندە بىر قېتىم[3]، يەنە نۇرغۇنلىرى ھەريەتتە كۈندە بىر قېتىم[4]، بەزىلىرى ھەرئالتە كۈندە بىر قېتىم[5]، بەزىلىرى ھەربەش

---

(1) ئۇلار ئىمام مۇســـلىم قاتارلىقلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە تايانغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

– قۇرئاننى ئايدا بىر تامام قىلغىن! – دېدى، مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنىڭدىنمۇ كۆپ تامام قىلالايمەن، دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

– ئۇنداقتا، ئون كۈندە بىر ئۆتكۈزگىن، – دېدى. مەن:

– ئى ئـالاھنىـڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭـدىنمۇ كۆپ تـامـام قىلالايمەن، دېـدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

– ئۇنداقتا، يەتتە كۈندە بىر تامام قىلغىن، ئۇنىڭدىن ئاشـۇرۇۋەتمىگىن. چۈنكى، سېنىڭ ئۈسـتۈڭدە ئـايـالىڭنىڭمۇ ھەققى بـار، مېھمـانلىرىڭنىڭمۇ ھەققى بـار، بەدىنىڭنىڭمۇ ھەققى بـار» دېـدى. «مۇسلىم»، 1159 - ھەدىس.

(2) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 145 - بېتىدە: «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ھەســـەن ئەلبەسرىينىڭ ھەرئون كېچىدە قۇرئاننى بىر تاماملايدىغانلىقىنى زەئىپراق ســـەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغـان» دېگەن. ھەرئون كۈنـدە بىر قېتىم تـامـاملاش ئـابـدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىقى ھەدىسىدىمۇ كەلگەن.

(3) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 145 - بېتىدە: «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئۇبەيي ئىبنى كەئـب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىـڭ ‹قۇرئـاننى ســـەككىز كۈنـدە بىر ئۆتكۈزۈڭلار!› دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان» دېگەن. بەيھەقىي: «سۈنەنۇل كۇبرا»نىڭ 2 - توم، 396 - نومۇردا، ئىبنى ئەســـاكىر «تـارىخىي ئىبنى ئەســـاكىر»نىـڭ 11 - توم، 75 - بېتـىدە: ئۇبەيي ئىبنى كەئـب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئاننى سەككىز كۈندە بىر تاماملايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

(4) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 146 - بېتىدە: «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، تەمىيم ئەددارىي، ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىد، ئەلقەمە ئىبنى قەيس، مەسرۇق ئىبنى ئەجدەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قۇرئاننى يەتتە كۈندە بىر تامام قىلىدىغانلىقىنى ســەھىھ ســەنەدلەر بىلەن رىۋايەت قىلغان» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىقى ھەدىســـىدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ يەتتە كۈندە بىر تاماملاشقا بۇيرۇغانلىقى كەلگەن.

(5) ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»نىڭ 178 - بېتىدە: ئىبراھىم نەخەئىينىڭ: «ئەســـۋەد ئىبنى يەزىد قۇرئاننى ھەرئالتە كۈندە بىر تاماملايتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

كۈندە بىر قېتىم [1]، بەزىلىرى ھەرتۆت كۈندە بىر قېتىم[2]، يەنە نۇرغۇنلىرى ھەرئۈچ كۈندە بىر قېتىم[3]، يەنە بەزىلىرى ھەرئىككى كۈندە بىر قېتىم[4]، يەنە نۇرغۇنلىرى ھەركۈنى بىر قېتىم تامام قىلاتتى[5]. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كېچە - كۈندۈزدە ئىككى قېتىم تامام قىلىدىغانلىرىمۇ،[6] ئۈچ قېتىم تامام قىلىدىغانلىرىمۇ، كېچىسى تۆت، كۈندۈزى تۆت، جەمئىي سەككىز قېتىم تامام قىلىدىغانلىرىمۇ بولغان.

بىر كېچە - كۈندۈزدە بىر قېتىم تامام قىلىدىغانلار: ئوسمان ئىبنى ئەففان، تەمىيم ئەددارىي، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد ۋە ئىمام شافىئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردۇر.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدىكى مىسىر قازىسى ۋە قىسسىچىسى سۇلەيم ئىبنى ئىتر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئانى بىر كېچە - كۈندۈزدە ئۈچ قېتىم تامام قىلىدىغانلار جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن، ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئۇنىڭ بىر كېچە - كۈندۈزدە ئۈچ قېتىم تامام قىلىدىغانلىقىنى[7]، ئەبۇ ئۆمەر ئەلكىندىي «مىسىر قازىلىرى» ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ تۆت قېتىم تامام قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

سالىھ ئىمام، شەيخ ئەبۇ ئابدۇراھمان ئەسسۇلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن شەيخ

(1) ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»نىڭ 178 - بېتىدە: ئىبراھىم نەخەئىينىڭ: «ئەلقەمە قۇرئانى ھەربەش كۈندە بىر تامام قىلاتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 150 - بېتىدە: «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئەلقەمەنىڭ قۇرئانى بەش كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام قىلىشنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان» دېگەن.

(2) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 150 - بېتىدە: «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئانى ھەرتۆت كۈندە بىر تامام قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان» دېگەن.

(3) ئۇلار سەئىد ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە تايانغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرئانى ئۈچ كۈندە بىر ئۆتكۈزسەم بولامدۇ؟» دېدىم. ئۇ: « قادىر بولالىساڭ بولىدۇ» دېدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇنداق قىلغان ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 179 - بەت. ھافىز ئىبنى ھەجەر: «نەتائىجۇل ئەفكار»، 3 - توم، 152 - بەت.

(4) دارىمىي («سۈنەن دارىمىي» 3528 - نومۇردا) سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ، ئابدۇررازاق («ئەلمۇسەننەف»، 2148 - نومۇردا) ئەسۋەدنىڭ قۇرئانى ئىككى كۈندە بىر تامام قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 152 - بېتىدە: «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد سەئىد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفتىن ئابدۇرراھمان ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئانى ھەرئىككى كېچىدە بىر تامام قىلىدىغانلىقىنى، ۋاسىل ئىبنى سۇلايماننىڭ: مەن ئەتا ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەككىگە بارغۇچە ھەمراھ بولدۇم. ئۇ قۇرئانى ھەرئىككى كېچىدە بىر قېتىم تامام قىلاتتى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان» دېگەن.

(5) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 153 - بېتىدە: «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قۇرئانى ھەركېچىدە بىر قېتىم تامام قىلىدىغانلىقىنى سەئىد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى سەئىدتىن رىۋايەت قىلغان. يەنە ئۆمەر ئىبنى ھۇسەيننىڭ قۇرئانى ھەركېچىسى بىر قېتىم تامام قىلىدىغانلىقىنى ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلغان» دېگەن.

(6) ئىبنى ئەساكىر «تارىخىي ئىبنى ئەساكىر» 44 - توم، 203 - بەتتە، يەئقۇب ئىبنى يۈسۈف ئىبنى زىيادنىڭ، ئىمام زەھەبىي «سير أعلام النبلاء» (ئىبسىل زاتلارنىڭ تەرجىمھاللىرى) 9 - توم، 121 - بەتتە ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىمنىڭ بىر كۈندە ئىككى قېتىم تامام قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

(7) ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 182 - بەت؛ ئىمام زەھەبىي: «ئېسىل زاتلارنىڭ تەرجىمھاللىرى» 4 - توم، 132 - بەتكە قاراڭ.

ئەبۇ ئۇسمان ئەلمەغرىبىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئىبنى كاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى كۈندۈزى تۆت قېتىم، كېچىسى تۆت قېتىم تامام قىلاتتى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[1] دېگەن. بۇ بىر كېچە - كۈندۈزدە قۇرئان تامام قىلىش ھەققىدە بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ يۇقىرى چەكتۇر.

كاتتا زات ئەھمەد دەۋرەقىي ئۆز سەنەدى بىلەن ئىبادەتكار تابىئىنلاردىن بىرى بولغان مەنسۇر ئىبنى زازان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ قۇرئاننى پېشىن بىلەن ئەسىر ئارىسىدا بىر قېتىم، شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم، رامزان ئېيىدا بولسا شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇقراق تامام قىلىدىغانلىقىنى[2]، ئۇلارنىڭ رامزان ئېيىدا خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ تۆتتىن بىرى ئۆتۈپ كەتكۈچە كېيىنگە سۈرىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[3].

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد مۇجاھىدىنىڭ رامزان ئېيىدا شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا قۇرئاننى بىر تاماملايدىغانلىقىنى سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان[4].

مەنسۇر مۇنداق دېگەن: «ئەلى ئەلئەزدىي رامزان ئېيىدا ھەرئاخشام شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا قۇرئاننى بىر تامام قىلاتتى»[5].

ئىبراھىم ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: «دادام بىر ئولتۇرۇشىدا قۇرئاننى بىر تامام قىلاتتى»[6].



قۇرئاننى بىر رەكئەتتە تامام قىلىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئىلگىرىكىلەردىن ئۇسمان ئىبنى ئەففان،[7] تەمىم ئەددارىي

(1) ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار» 3 - توم، 157 - بەتتە ئىمام ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەسسۇلەمىينىڭ «سوپىلارنىڭ تەرجىمھاللىرى» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان.

(2) سەلەفلەرنىڭ قۇرئاننى ئىنتايىن ئاز ۋاقىتتا بىر تامام قىلغانلىقى ھەققىدىكى بۇنىڭغا ئوخشىغان رىۋايەتلەر خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەر سەھىھ بولغان تەقدىردە، بۇنى ۋاقىتقا بەرىكەت بېرىلگەنلىكتىن دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. بولمىسا، قۇرئاننى نورمال ئوقۇپ بىر تامام قىلىشقا 15 سائەت، تېز ئوقۇپ تاماملاشقا 10 سائەت كېتىدۇ. رامزاندا قۇرئاننى كۆپ ئوقۇش يۈزىسىدىن بەزى سەلەفلەر كۈندە بىرقانچە قېتىم تېز ئوقۇپ تاماملىغان بولسا كېرەك – ت.

(3) ئەبۇ نۇئەيم: «ئەۋلىيالار زىننىتى»، 3 - توم، 57 - بەت؛ ئىبنى ھەجەر: «نەتائىجۇل ئەفكار»، 3 - توم، 158 - بەت.

(4) ئىبنى ھەجەر يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 3 - توم، 159 - بېتىدە: ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدقا مەنسۇپ قىلغان.

(5) «مۇسەننەف ئىبنى ئەبى شەيبە»، 2 - توم، 232 - بەت.

(6) ئەبۇ نۇئەيم: «ئەۋلىيالار زىننىتى» 3 - توم، 170 - بەت؛ «تارىخىي ئىبنى ئەساكىر» 20 - توم، 214 - بەت.

(7) ئۇسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەلىكىنى ئەبۇ ئۇبەيد «قۇرئان پەزىلەتلىرى»نىڭ 181 - بېتىدە، ئەبۇ نۇئەيم «ئەۋلىيالار زىننىتى»نىڭ 1 - توم، 57 - بېتىدە، بەيھەقىي: «ئىمان شاخلىرى»، 1993 - نومۇردا، تەبەرانىي «ئەلمۇئجەمۇل كەبىير» 1 - توم، 87 - بېتىدە، ئىبنى ئەساكىر «تارىخىي ئىبنى ئەساكىر»نىڭ 39 - توم، 235 - بېتىدە رىۋايەت قىلغان.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار[1]. سەئىد ئىبنى جۇبەيرمۇ كەئبىنىڭ ئىچىدە قۇرئاننى بىر رەكئەتتە تامام قىلغان ئىدى[2].

ھەپتىدە بىر تامام قىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. ساھابىلەردىن ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ، تابىئىنلاردىن ئابدۇراھمان ئىبنى يەزىد، ئەلقەمە، ئىبراھىم قاتارلىقلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[3].

بۇ مەسىلە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ۋاقىت بەلگىلىسە بولىدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىنى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئىنچىكە مەنە ۋە ئىلىملەرگە يېتەلەيدىغانلار ئوقۇغان قۇرئانىدىن مۇكەممەل چۈشىنىش ھاسىل قىلالايدىغان مۇددەتتە تاماملاش بىلەن كۇپايىلەنسە، ئىلىم تارقىتىش دېگەندەك دىنىنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلار قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىگە تەسىر يەتمىگۈدەك ھالەتتە تامام قىلسا بولىدۇ. مەزكۇر كىشىلەر جۈملىسىدىن بولمىغانلار زېرىكىپ قېلىش ياكى بەك تېز ئوقۇش دائىرىسىگە كىرىپ قالمىغان ئاساستا قولىدىن كېلىشىچە كۆپ تامام قىلسۇن.

سەلەفلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر قۇرئاننى بىر كېچە - كۈندۈزدىلا تاماملاشنى يامان كۆرگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس بۇنىڭغا دەلىلدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام قىلغان كىشى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ» دېگەن[4]. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي، نەسەئىي ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان. تىرمىزىي «ھەسەن، سەھىھ» دەپ باھا بەرگەن. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

67

ھەپتىدە تامام قىلىدىغانلارنىڭ باشلاش ۋە تاماملاش ۋاقتى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جۈمە كېچىسى باشلاپ

(1) تەمىيم ئەددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەلىكىنى ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»نىڭ 182 - بېتىدە، ئىبنى ئەبى شەيبە: «ئەلمۇسەننەف»نىڭ 2 - توم، 386 - بېتىدە، بەيھەقىي: «سۈننەتلەر»نىڭ 3 - توم، 25 - بېتىدە، «ئىمان شاخلىرى»نىڭ 1994 - نومۇردا رىۋايەت قىلغان.

(2) سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ ۋەقەلىكىنى ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»نىڭ 182 - بېتىدە، ئىبنى ئەبى شەيبە: «ئەلمۇسەننەف»نىڭ 2 - توم، 386 - بېتىدە رىۋايەت قىلغان.

(3) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 146 - بېتىدە: «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، تەمىيم ئەددارىي، ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىد، ئەلقەمە ئىبنى قەيس، مەسرۇق ئىبنى ئەجدەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قۇرئاننى يەتتە كۈندە بىر تامام قىلىدىغانلىقىنى سەھىھ سەنەدلەر بىلەن رىۋايەت قىلغان» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىقى ھەدىسىدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتتە كۈندە بىر تاماملاشقا بۇيرۇغانلىقى كەلگەن.

(4) «ئەبۇ داۋۇد»، 1390 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2949 - ھەدىس؛ «ئىبنى ھىببان»، 758 - ھەدىس؛ «مۇسنەدۇ ئەھمەد» 2 - توم، 195 - ھەدىس.

پەيشەنبە كېچىسى تامام قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[1].

ئىمام ئەبۇ هامىد ئەلغەززالىي رەھىمەھۇللاھ «ئىهيائۇ ئۇلۇمىددىن»دا مۇنداق دەيدۇ: «كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، بىر قېتىم كېچىسى، يەنە بىر قېتىم كۈندۈزى تامام قىلىشى ئەڭ ياخشى، كۈندۈزلۈك خەتمىسىنى دۈشەنبە كۈنى بامداتنىڭ سۈننىتىدە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن، كېچىلىك خەتمىسىنى جۈمە كۈنى ناماز شامنىڭ سۈننىتىدە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تامام قىلىشى ئەۋزەلدۇر»[2].

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، تابىئىن ئەمر ئىبنى مۇررە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار (يەنى ساھابىلەر) قۇرئاننىڭ كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ياكى كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە تامام بولۇشىنى ياخشى كۆرەتتى»[3].

كاتتا تابىئىن تەلھە ئىبنى مۇسەررىف رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مالائىكىلەر كۈندۈزى ھەرقانداق ۋاقىتتا قۇرئانى تامام قىلغان كىشىگە تاكى كەچ كىرگۈچە، كېچىسى ھەرقانداق ۋاقىتتا قۇرئانى تامام قىلغان كىشىگە تاكى تاڭ ئاتقۇچە رەھمەت تىلەيدۇ». مۇجاھىدتىنمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان[4].

دارىمىي ئۆزىنىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئاننىڭ تامام بولۇشى كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىگە ئۇدۇل كەلسە مالائىكىلەر تامام قىلغان كىشىگە تاڭ ئاتقۇچە رەھمەت تىلەيدۇ. كېچىنىڭ ئاخىرىغا ئۇدۇل كەلسە كۈن پاتقۇچە مەغپىرەت تىلەيدۇ». دارىمىي: «سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىسنادى ھەسەن» دېگەن[5].

تابىئىن ھەبىب ئىبنى ئەبى سابىت رەھىمەھۇللاھنىڭ قۇرئانى رۇكۇنىڭ ئالدىدا تامام قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ شۇنداق دېگەن ئىدى».

بۇ بابتا چالا قالغان بەزى مەزمۇنلار ئاللاھ خالىسا، كېيىنكى بابتا بايان قىلىنىدۇ.

(1) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 165 - بېتىدە: ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئانى جۈمە كېچىسى باشلاپ، جۈمە كېچىسى «بەقەرە» سۈرىسىدىن «مائىدە» سۈرىسىگىچە، شەنبە كېچىسى «ئەنئام» سۈرىسىدىن «ھۇد» سۈرىسىگىچە، يەكشەنبە كېچىسى«يۇسۇف» سۈرىسىدىن «مەريەم» سۈرىسىگىچە، دۈشەنبە كېچىسى «تاھا» سۈرىسىدىن «قەسەس» سۈرىسىگىچە، سەيشەنبە كېچىسى «ئەنكەبۇت» سۈرىسىدىن «ساد» سۈرىسىگىچە، چارشەنبە كېچىسى «زۇمەر» سۈرىسىدىن «رەھمان» سۈرىسىگىچە ئوقۇپ پەيشەنبە كېچىسى تامام قىلىدىغانلىقىنى زەئىپراق سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، دېگەن.

(2) «ئىهيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 1 - توم، 276 - بەت.

(3) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار» 3 - توم، 167 - بەتتە ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدقا مەنسۇپ قىلغان.

(4) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار» 3 - توم، 168 - بەتتە ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدقا مەنسۇپ قىلغان.

(5) «دارىمىي»، 3526 - ھەدىس.

## كېچىدە قۇرئان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش

قارىيلار كېچىلەردە ۋە كېچە نامازلىرىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مِّنْ أَهْلِ الْكِتَابِ أُمَّةٌ قَائِمَةٌ يَتْلُونَ آيَاتِ اللَّهِ آنَاءَ اللَّيْلِ وَهُمْ يَسْجُدُونَ. يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَأُولَـٰئِكَ مِنَ الصَّالِحِينَ﴾ يەنى ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدى ۋە ناسارالاردىن) كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر﴾(ئال ئىمران: 113 - 114).

«سەھىھەين»دە كەلگەن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ناۋادا ئابدۇللاھ كېچىلىرى ناماز ئوقۇغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى ئادەم بولاتتى - ھە!»[1].

«سەھىھەين»دىكى يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى ئابدۇللاھ! سەن پالانى كىشىدەك بولۇپ قالما، ئۇ كېچىلىرى قىيامدا تۇراتتى، كېيىن تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى»[2].



تەبەرانىي ۋە باشقىلار سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېچىدە قىيامدا تۇرۇش مۇئمىننىڭ شان - شەرىپىدۇر»[3].

بۇ مەزمۇندىكى ھەدىس ۋە سەلەفلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ.

ئەبۇل ئەھۋەس جۇشەمىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەر كېچىسى (جەڭ مەيدانىدىن – ت) چېدىرىغا كېلىپ، چېدىردىكىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىسى غوڭۇلدىغاندەك غوڭۇلداپ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ‹باشقىلار› قورقۇنچتا يۈرۈۋاتسا بۇلار ئەجەب خاتىرجەم تۇرۇۋېتىپتىغۇ! - دەپ قالاتتى»[4].

ئىبراھىم نەخەئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كېچىلىرى قوي ساغقانچىلىك (قىسقا) ۋاقىت بولسىمۇ قۇرئان ئوقۇڭلار، دېيىلگەن».

---

(1) «بۇخارىي»، 1122 - ھەدىس. «مۇسلىم»، 2487 - ھەدىس. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان.

(2) «بۇخارىي»، 1152 - ھەدىس. «مۇسلىم»، 1159 - ھەدىس. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان.

(3) «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، 4290 - ھەدىس.

(4) ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، 98 - نومۇر. ئىبنى ئەبى شەيبە: «ئەلمۇسەننەف»، 8 - توم، 219 - بەت.

يەزىد رەقاشىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن ئۇخلاپ ئويغىنىپ يەنە قايتا ئۇخلىماقچى بولسام كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىگەي!»[1].

مېنىڭچە، كېچە نامىزىنىڭ ۋە كېچىلىك تىلاۋەتنىڭ ئەۋزەل بولۇشى ئىسرا ۋە مىراج ۋەقەلىرىگە ئوخشاش بەزى خەيرلىك ئىشلارنىڭ كېچىلىرى ۋۇجۇتقا چىققانلىقى ۋە «رەببىڭلار ھەركېچىسى كېچىنىڭ بىر قىسمى ئۆتكەندىن كېيىن دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ: ‹دۇئا قىلغۇچى بارمۇ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلاي؟!› دەيدۇ»[2] دېگەن ھەدىسنىڭ بولۇشى، كېچىلىك تىلاۋەت ۋە كېچە نامازلىرىدا قەلبنىڭ ئاللاھقا بەكرەك مەركەزلىشىدىغانلىقى، قەلبنى مەشغۇل قىلىدىغان، خۇشۇ (ئاللاھتىن ئەيمىنىش) دىن توسىدىغان ئىشلاردىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ئويلاشتىن، رىيا ۋە ئەمەل - ئىبادەتنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىشلاردىن تېخىمۇ يىراق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەركېچىسى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر ۋاقىت بار»[3].

«بەھجەتۇل ئەسرار» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى سالمان ئەلئەنماتىي رەھمەھۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن چۈشۈمدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆردۇم، ئۇ مۇنداق دەۋاتاتتى:

«بەزىلەر تۇرمىسا كېچىسى مەگەر،
تۇتمىسا روزىنى كۈنلەر ئارىلاپ،
كەتمەمدۇ تەۋرەپ دەسسىگەن زېمىن،
بولغاچقا سەنلەر ئاسىي بەندىلەر».



شۇنى بىلىڭكى، كېچىلىك قىيام ۋە تىلاۋەتنىڭ پەزىلىتى قۇرئاننى ئاز ئوقۇش بىلەنمۇ، كۆپ ئوقۇش بىلەنمۇ ھاسىل بولىدۇ. قانچە كۆپ ئوقۇسا، پەزىلىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. لېكىن، پۈتۈن كېچە داۋاملىق ناماز ئوقۇش مەكرۇھ ۋە سالامەتلىككە زىيانلىقتۇر[4].

---

(1) «تارىخي ئىبنى ئەساكىر»، 65 - توم، 83 - بەت؛ «تەھزىبۇل كەمال»، 32 - توم، 69 - بەت.
(2) «بۇخارىي»، 1145 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 758 - ھەدىس.
(3) «مۇسلىم»، 757 - ھەدىس؛ «سەھىھۇ ئىبنى ھىببان»، 2561 - ھەدىس.
(4) ئىمام نەۋەۋىي «ئەلمەجمۇ» ناملىق كىتابىنىڭ 4 - توم، 49 - بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: تەھەججۇد نامىزى ئوقۇماقچى بولغان كىشى ئۆز ئەھۋالىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرالىغۇدەك مىقداردا ئوقۇشقا ئادەتلىنىشى مۇستەھەپتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن بىكاردىنلا مىقدارىنى ئازايتىشى ياكى تەرك ئېتىشى مەكرۇھتۇر. بۇنىڭ دەلىللىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: «بۇخارىي» ۋە «مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن: «ئى ئابدۇللاھ! سەن پالانى كىشىدەك بولۇپ قالما، ئۇ كېچىلىرى قىيامدا تۇراتتى، كېيىن تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى» دېگەن سۆزى ۋە: «سىلەر ئۆزۈڭلار كۆتۈرەلىگۈدەك ئەمەل قىلىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر زېرىكىپ قالمىساڭلارلا، ئاللاھ زېرىكىپ قالمايدۇ» («بۇخارىي»، 43 - ھەدىس. «مۇسلىم»، 785 - ھەدىس) دېگەن ھەدىس ئۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

قۇرئاننى ئاز ئوقۇش بىلەنمۇ كېچىلىك قىيامدا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېچىدە قوپۇپ، ئون ئايەت بىلەن بولسىمۇ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان كىشى غاپىللار قاتارىغا يېزىلمايدۇ، يۈز ئايەت بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان كىشى ئىتائەتمەن بەندىلەر قاتارىغا، مىڭ ئايەت بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان كىشى بولسا ھەددى - ھېسابسىز ئەجىرگە ئېرىشكۈچىلەر قاتارىغا يېزىلىدۇ»[1]. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

سەئلەبي ئىبنى ئاببابس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېچىسى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشى كېچىنى قىيام بىلەن سەجدىدە ئۆتكۈزگەن بولىدۇ»[2].

## قۇرئاننى تەكرار قىلىپ تۇرۇش ۋە ئۇنتۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش

سەھىھ ھەدىستە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ قۇرئاننى تەكرار قىلىپ تۇرۇڭلار! مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇ (قۇرئان) باغلاپ قويغان تۆگىدىنمۇ بەك قاچقاقتۇر (يەنى ئېسىڭلاردىن تېز كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ)»[3]. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان.



يەنە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان يادلىغان كىشى پۇتى چۇشەپ قويۇلغان تۆگىنىڭ ئىگىسىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ تۆگىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسا، تۇتۇپ تۇرالايدۇ، تاشلىۋەتسە قېچىپ كېتىدۇ»[4]. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان.

يەنە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئالدىمغا قويۇلدى، ھەتتا بىرەيلەن مەسجىدتىن ئېلىپ چىققان تاشلىۋەتكەن بىرەر تال ئەخلەتنىمۇ كۆردۈم، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىمۇ ئالدىمغا قويۇلۇۋىدى، بىرەر سۈرە ياكى بىرەر ئايەتنى يادلاشقا مۇۋەپپەق قىلىنسا، ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ گۇناھىدىنمۇ چوڭ گۇناھنى

(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 1398 - ھەدىس؛ «سەھىھۇ ئىبنى ھۇزەيمە»، 1144 - ھەدىس؛ «سەھىھۇ ئىبنى ھىببان»، 2572 - ھەدىس.

(2) «ئەلكەشفۇ ۋەلبايان» 8 - توم، 225 - بەت.

(3) «بۇخارىي»، 5033 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 791 - ھەدىس.

(4) «بۇخارىي»، 5031 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 789 - ھەدىس.

كۆرمىدىم»[1]. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىيلار رىۋايەت قىلغان. تىرمىزىي بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىنى زەئىپ دەپ قارىغان.

يەنە سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئاننى يادلاپ كېيىن ئۇنتۇپ قالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قول بارماقلىرى كېسىۋېتىلگەن ھالەتتە بارىدۇ»[2]. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ۋە دارىمىيلار رىۋايەت قىلغان.

## كۈندىلىك تىلاۋەت ۋەزىپىسىنى ئۇخلاپ قېلىپ ئوقۇيالمىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئاندىن كېچىدە ئوقۇيدىغان ۋەزىپىسىنى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۇخلاپ قېلىپ ئوقۇيالمىغان بولسا، ئۇنى بامدات نامىزى بىلەن پېشىن نامىزى ئارىلىقىدا ئوقۇۋالسا، خۇددى كېچىدە ئوقۇغاندەكلا ساۋاب يېزىلىدۇ»[3]. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

سۇلايمان ئىبنى يەسار رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن بىر كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاپ قېلىپ كېچىدە قۇرئان ئوقۇيدىغان ۋەزىپەمنى ئوقۇيالمىدىم، تاڭ ئاتقاندا ئويغىنىپ ﴿**إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ**﴾ يەنى ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾(بەقەرە: 156) [4] دېدىم. مېنىڭ شۇ كېچىسى ئوقۇيدىغان ۋەزىپەم ‹بەقەرە› سۈرىسى ئىدى. شۇ كېچىسى بىر كالا مېنى ئۈسۈپ 72

(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 461 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2916 - ھەدىس؛ تىرمىزىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ غەرىب ھەدىس؛ بۇ ھەدىسنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى بىلمەيمىز. بۇ ھەدىس توغرىسىدا ئىمام بۇخارىي بىلەن مۇھاكىمە يۈرگۈزسەم، ئۇ بۇ ھەدىسنى تونۇمىدى ۋە ھەيران قالدى.

(2) «ئەبۇ داۋۇد»، 1474 - ھەدىس؛ «دارىمىي»، 3383 - ھەدىس؛ ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ «فەتھۇل بارىي» 9 - توم، 86 - بەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى تولۇق ياكى بىر قىسمىنى يادلىغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسى يادلىمىغان كىشىلەرگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا سەل قاراپ قولدىن بېرىپ قويغان كىشى جازالىنىشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى، قۇرئاننى تەكرارلاپ تۇرماسلىق ئىلگىرىكى ئىلمىسىزلىككە قايتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىلمىدىن كېيىن ئىلمىسىزلىككە قايتىش قاتتىق ئەيىبتۇر. بەزى ئۆلىمالار ھەدىستە ئەيىبلەنگەن ئۇنتۇپ قېلىشتىن ‹ئەمەل قىلماسلىق› كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىبنى ئابدۇلبەر «ئەلئىستىزكار» ناملىق كىتابىنىڭ 8 - توم، 58 - بېتىدە: «قۇرئاننى ئۇنتۇپ قېلىش دېگەنلىك ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئاننى ئېسىدە مەھكەم ساقلىغۇسى بار تۇرۇپ، ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، قۇرئاننىڭ ھالال - ھاراملىرىغا ئەمەل قىلغان بولسىلا قۇرئاننى ئۇنتۇپ قالغان كىشىلەر قاتارىدىن بولمايدۇ» دەيدۇ.

(3) «مۇسلىم»، 748 - ھەدىس.

(4) بۇ بىرەر چوڭ مۇسىبەت كەلگەندە ئوقۇيدىغان ئايەت.


چۈش كۆرگەنىدىم»[1]. بۇنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبىددۇنيانىڭ قارىبىلارنىڭ بىرىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ بىر كېچىسى ئۇخلاپ قېلىپ، قۇرئاندىن ئوقۇيدىغان ۋەزىپىسىنى ئوقۇيالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چۈشىدە بىرسى ئۇنىڭغا مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

ئەقلى ناكار، پۇت قولى ساغلام،
تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلامسەن، يىگىت؟!
ھۇجۇم قىلسا ئۆلۈم كېچىدە،
خاتىرجەممەن، دەمسەن ھەي ئىسىت؟![2]



(1) بۇ ھەدىسىنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد رىۋايەت قىلغان. «تەھەججۇت ۋە كېچە نامىزى»، 270 - ھەدىس. «تارىخي ئىبنى ئەساكىر»، 65 - توم، 144 - بەت.
(2) ئىبنى ئەبىددۇنيا «چۈشلەر» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان، 229 - نومۇر.



# ئالتىنچى باب

## قىرائەتنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى توغرىسىدا

بۇ باب مەزكۇر كىتابنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى ۋە ئۇنى يېزىشتىكى مۇھىم مەقسەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

تىلاۋەتنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى تولىمۇ كۆپ، لېكىن مەن بۇ كىتابنىڭ ھەجىمىنىڭ چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زېرىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەدەب - قائىدىلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغىلا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمەن.

بۇ ئەدەبلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىخلاسقا ۋە قۇرئان ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىشتۇر.

قۇرئان ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئاللاھ بىلەن سىرداشقۇاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى، ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك قۇرئان ئوقۇشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئاللاھنى كۆرمىگەن بىلەن ئاللاھ ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. 75

## قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن مىسۋاك ئىشلىتىش مۇستەھەپتۇر

قۇرئان ئوقۇماقچى بولغان كىشى ئېغىزىنى مىسۋاك ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن پاكىزلىشى لازىم.

مىسۋاكلاشتا ئەڭ ياخشىسى «ئەراك»[1] ياغىچىنى ئىشلىتىشتۇر. باشقا شاخلار بىلەن ۋە يىرىك رەخت، ئۇشنان دەرىخى (كۆيۈك ياۋا ئوتى) نىڭ شېخى دېگەندەك چىشنى پاكىزلىيالايدىغان نەرسىلەر بىلەن مىسۋاك قىلىشمۇ جائىزدۇر.

چىشنى پاكىزلاشتا يىرىك بارماقلارنى ئىشلەتسە سۈننەتنى ئادا قىلغان بولامدۇ؟

بۇ مەسىلىدە شافىئىي مەزھىبى ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ئۈچ خىل قاراش مەۋجۇت:

1. سۈننەتنى ئادا قىلغان بولمايدۇ. بۇ ئەڭ مەشھۇر قاراشتۇر.

2. ئادا قىلغان بولىدۇ.

(1) ئەرەبىستان ۋە بەزى ئىسسىق بەلۋاغلاردا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ. ئانار دەرىخىگە ئوخشايدۇ. يىلتىزىدىن مىسۋاك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ – ت.

3. باشقا نەرسە تاپالمىسا، ئادا قىلغان بولىدۇ. تاپالىسا، ئادا قىلغان بولمايدۇ[1].

مىسۋاكلىغاندا ئېغىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ توغرىسىغا مىسۋاكلايدۇ ۋە سۈننەتنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى نىيەت قىلىدۇ.

بەزى شافىئىي مەزھىبى ئۆلىمالىرى: مىسۋاكلىغاندا: «اللهُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ يا أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ(ئى ئاللاھ! ماڭا ئۇنىڭدا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىملىكى!)» دەيدۇ، دېگەن[2].

شافىئىي مەزھىبى ئۆلىمالىرىدىن ماۋەردىي مۇنداق دەيدۇ: چىشىنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى تەرەپلىرىنى، چىشىنىڭ ئۈچ تەرەپلىرىنى، ئېزىق چىشلارنىڭ ئۈستى تەرىپىنى تامىقىغىچە يەڭگىل مىسۋاكلاش مۇستەھەپ[3].

ئۆلىمالار يەنە: مىسۋاكلىغاندا بەك قۇرۇقمۇ ئەمەس، بەك ھۆلمۇ ئەمەس، نورمال ياغاچ بىلەن مىسۋاكلاش، ئەگەر بەك قۇرۇق بولۇپ كەتسە، سۇ بىلەن يۇمشىتىش لازىم. باشقىلارنىڭ مىسۋىكىنى سوراپ ئىشلەتسە ھېچقىسى يوق، دەيدۇ.

ئەگەر ئېغىزى قان دېگەندەك نىجىس نەرسىلەر بىلەن بۇلغانغان بولسا ئۇنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى قۇرئان ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ھارام دېيىشكە بولامدۇ؟ شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن رويانىي دادىسىدىن بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل ئېھتىماللىق قاراش (يەنى ھارام بولۇش ياكى بولماسلىق) بارلىقىنى رىۋايەت قىلغان[4].



## تاھارەتسىز قۇرئان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

تاھارەت بىلەن قۇرئان ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر تاھارەتسىز ئوقۇسا، پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىردەك جائىز، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ ۋە

(1) ئىمام نەۋەۋىي «ئەلمىنھاج»نىڭ، 74 - بېتىدە: يىرىك بارماقلار بىلەن مىسۋاك قىلىشمۇ مەقسەت ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتنى ئادا قىلغان بولىدۇ، دېگەن قاراشنى تاللىغان.

(2) ئىمام نەۋەۋىي «ئەلمەجمۇ»نىڭ 1 - توم، 350 - بېتىدە: «بەزى شافىئىي ئۆلىمالىرى بۇ دۇئالارنىڭ ھەدىستىن ئاساسى بولمىسىمۇ مەنىسى ياخشى دۇئا بولغانلىقى ئۈچۈن، قىلسا ھېچقىسى يوق دەيدۇ» دېگەن.

(3) «بەھرۇلمەزھەب»، 1 - توم، 97 - بەت.

(4) ئىمام رويانى «بەھرۇلمەزھەب»نىڭ 1 - توم، 138 - بېتىدە: دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «ئېغىزى مەينەت بولسا، ئۇنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى قۇرئان ئوقۇشتا ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، قولى مەينەت ھالدا قۇرئان تۇتۇش دۇرۇس بولمىغاندەك ئېغىزى مەينەت ھالدا قۇرئان ئوقۇشمۇ ھارام بولىدۇ. يەنە بىرى، تاھارەتسىز قۇرئان ئوقۇش دۇرۇس بولغاندەك مەكرۇھلۇق بىلەن دۇرۇس بولىدۇ». ئىمام نەۋەۋىي رويانىنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ھارام بولمايدۇ، بۇنى ئۆلىمالارنىڭ ‹جۇنۇپ، ھەيزاردار ۋە نىپاسدارىدىن باشقىلارنىڭ قۇرئان ئوقۇشى ھارام بولمايدۇ› دېگەن سۆزىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ» دەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇمدۇر[1].

ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى ئەلجۇۋەينىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تاھارەتسىز قۇرئان ئوقۇغان كىشىنى مەكروھ ئىش قىلدى، دېگىلى بولمايدۇ. بەلكى ئۇ ئەۋزەل ئىشنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ. ئەگەر سۇ تاپالمىسا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ. خۇن كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايالنىڭ پاكلىق مۇددىتىدىكى ھۆكمى تاھارەتسىز كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، جۇنۇپ ۋە ھەيزدارنىڭ قۇرئان ئوقۇشى مەيلى بىرلا ئايەت ئوقۇسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ئوقۇسۇن، ئوخشاشلا ھارامدۇر. ئۇ ئىككىيلەن قۇرئاننى ئىچىدە ئاۋاز چىقارماستىن ئوقۇسا، قۇرئانغا قارىسا دۇرۇستۇر. بارلىق مۇسۇلمانلار جۇنۇپ ۋە ھەيزدارنىڭ تەسبىھ - تەھلىل ئېيتىشىنىڭ، ‹ئەلھەمدۇلىللاھ› دېيىشىنىڭ، تەكبىر ئېيتىشىنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئېيتىشى ۋە باشقا زىكىرلەرنى ئوقۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن».

شافىئىي ئۆلىمالىرىمىز: «جۇنۇپ ياكى ھەيزدار ﴿**خُذِ الْكِتَابَ بِقُوَّةٍ**﴾ يەنى ﴿كىتابنى تىرىشىپ ئوقۇغىن﴾(مەريەم: 12) ياكى مۇسىبەت كەلسە ﴿**إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ**﴾ يەنى ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾(بەقەرە: 156) دېگەن ئايەتلەرنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەرنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ» دېگەن.

77

بىزنىڭ خۇراسانلىق شافىئىي ئۆلىمالىرىمىز: «جۇنۇپ ۋە ھەيزدار قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن، ئۇلاغقا مىنگەندە ﴿**سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ**﴾ يەنى ﴿بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا قادىر ئەمەس ئىدۇق﴾(زۇخرۇف: 13) [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا، دۇئادا ﴿**رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ**﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾(بەقەرە: 201) دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ» دېگەن.

ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى ئەلجۇۋەينىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر جۇنۇپ كىشى تىلاۋەت نىيىتىدە ﴿بِسْمِ اللَّهِ﴾ ياكى ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېسە، گۇناھكار بولىدۇ. زىكىر قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، گۇناھكار بولمايدۇ. ﴿الشَّيْخُ وَالشَّيْخَةُ فَارْجُمُوهُمَا الْبَتَّةَ﴾ ﴿ئۆيلەنگەن ئەر چوكان بىلەن زىنا قىلسا، ئۇلارنى چوقۇم تاش بوران قىلىڭلار﴾ دېگەنگە ئوخشاش تىلاۋەت قىلىنىشى ئەمەلدىن قالغان ئايەتلەرنى ئوقۇسا جائىز بولىدۇ»[3].

---

(1) ئىمام نەسائىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت سۇندۇرۇپ بولۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى ۋە بىز بىلەن بىللە گۆش يەيتتى. جۇنۇپلۇقتىن باشقا نەرسە ئۇنى قۇرئان ئوقۇشتىن توسمايتتى» دېگەن ھەدىس ئەنە شۇ ھەدىسلەر جۈملىسىدىندۇر.

(2) بۇ قاتناش ۋاسىتىلىرىغا چىققاندا ئوقۇيدىغان ئايەت.

(3) «ئەلمەجمۇ» 2 - توم، 185 - بەت.

## قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىش

جۇنۇپ ياكى ھەيزدار سۇ تاپالمىغان ۋاقىتتا تەيەممۇم قىلىپ قۇرئان ئوقۇسا، ناماز ئوقۇسا ۋە باشقا ئىشلارنى قىلسا بولىدۇ. تاھارىتى سۇنسا، (تاھارەتسىز) ناماز ئوقۇشى ھارام بولىدۇ. لېكىن، قۇرئان ئوقۇش ۋە مەسجىدتە ئولتۇرۇش قاتارلىق تاھارەتسىز كىشىگە ھارام بولمايدىغان ئىشلار ھارام بولمايدۇ. بۇ خۇددى جۇنۇپ ئادەمنىڭ غۇسلى قىلىپ بولۇپ تاھارەت سۇندۇرغىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ كىشىلەر سەۋەبنى سورىشىدىغان ۋە ھەيران بولغان ھالدا «جۇنۇپ كىشى ناماز ئوقۇسا بولمايدىغان تۇرۇقلۇق، قۇرئان ئوقۇسا ۋە مەسجىدتە زۆرۈرىيەتسىز ئولتۇرسا بولامدۇ؟ بۇ مەسىلىنى قانداق چۈشىنىمىز؟» دەپ سورايدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇلارغا جاۋابىمىز شۇكى، بۇ مەسىلىنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك چۈشىنىمىز.

مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، جۇنۇپ كىشىنىڭ يۇرت ئىچىدە تۇرۇپ تەيەممۇم قىلىشى بىلەن سەپەردە تەيەممۇم قىلىشى ئارىسىدا پەرق يوق. بەزى شافىئىي ئالىملىرى جۇنۇپ كىشى يۇرت ئىچىدە تەيەممۇم قىلسا، ناماز ئوقۇسا بولىدۇ، ئەمما، نامازدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇسا ياكى مەسجىدتە ئولتۇرسا بولمايدۇ، دەيدۇ. توغرىسى، بىز ئىلگىرى دەپ ئۆتكەندەك نامازدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇسا ۋە مەسجىدتە ئولتۇرسا بولىدۇ.

تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇغان ۋە قۇرئان ئوقۇغاندىن كېيىن سۇ تاپالىسا، غۇسلى قىلىشى لازىم. جۇنۇپ ياكى ھەيزدار سۇ تاپالماي تەيەممۇم قىلىپ ناماز ياكى قۇرئان ئوقۇغان بولسا، ئاندىن كېيىن تاھارىتى سۇنغانلىقى ئۈچۈن، ياكى يەنە بىر پەرز ناماز ئوقۇش ئۈچۈن، ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى يەنە تەيەممۇم قىلماقچى بولسا، شافىئىي مەزھەبتىكى كۈچلۈك قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇشى ھارام بولمايدۇ.

78

بەزى شافىئىي ئۆلىمالىرى: «قۇرئان ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ» دېگەن. لېكىن ئاۋۋالقىسى شافىئىي مەزھەبىنىڭ مەشھۇر قارىشىدۇر[1].

ئەمما جۇنۇپ كىشى سۇمۇ، تۇپراقمۇ تاپالمىسا، ناماز ۋاقتىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ئۈچۈن، ھالىغا يارىشا ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ نامازنىڭ سىرتىدا قۇرئان ئوقۇشى ۋە نامازنىڭ ئىچىدە «فاتىھە»دىن ئارتۇق قىرائەت قىلىشى ھارام بولىدۇ.

جۇنۇپقا «فاتىھە» ئوقۇش ھاراممۇ؟ بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت.

كۈچلۈك، توغرا قاراش: ھارام بولمايدۇ، بەلكى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى، «فاتىھە»سىز ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ. جۇنۇپ بولغاندا زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولغاندەك نامازدا «فاتىھە»دىن ئارتۇق قىرائەت قىلىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

---

(1) «ئەلمەجمۇ» 2 - توم، 324 - بەت.

ئىككىنچى خىل قاراش: «فاتىھە»دىن ئارتۇق قىرائەت قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇ قۇرئاندىن ھېچ نەرسىنى يادقا بىلمەيدىغان، نامازدا قىرائەت قىلالمايدىغانلار ئوقۇيدىغان زىكىرلەرنى ئوقۇيدۇ. چۈنكى، غۇسلى قىلىشقا سۇ، تەيەممۇم قىلىشقا تۇپراق تاپالمىغان بۇ جۇنۇپ كىشى شەرئى جەھەتتىن ئاجىز ھېسابلانغاچقا، ھەقىقىي ئاجىز كىشىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. توغرىسى، ئاۋۋالقى قاراشتۇر.

مەن يۇقىرىدا زۆرۈر بولغان فىقھىي مەسىلىلەرگە قىسقىچە ئىشارە قىلىپ ئۆتتۈم. تەپسىلىي بىلمەكچى بولسىڭىز فىقھىي كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

## قۇرئان ئوقۇيدىغان ئورۇنلار توغرىسىدا

قۇرئاننى مەخسۇس تەييارلانغان پاكىزە يەردە ئوقۇش مۇستەھەپ. بىر قىسىم ئۆلىمالار قۇرئاننى مەسجىدتە ئوقۇش مۇستەھەپ، دەپ قارىغان. چۈنكى، مەسجىد پاكىزە ھەم ئۇلۇغ يەر بولۇپلا قالماي، مەسجىدتە قۇرئان ئوقۇغاندا يەنە ئېتىكاپنىڭ پەزىلىتىنىمۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسجىدتە ئولتۇرغان كىشى ئاز ئولتۇرسۇن ياكى كۆپ ئولتۇرسۇن، مەسجىدكە كىرگەن ھامان ئېتىكاپنى نىيەت قىلىشى لازىم.

بۇ كىشىلەر دىققەت قىلمايۋاتقان، ئەھمىيەت بېرىشكە، كىشىلەر ئارىسىغا تارقىتىشقا، كىچىك باللارمۇ، ئاۋام پۇقرالارمۇ بىلىشكە تېگىشلىك ئەدەبتۇر.



مۇنچىدا قۇرئان ئوقۇشنىڭ مەكرۇھ ياكى ئەمەسلىكىدە سەلەف ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت.

بىزنىڭ شافىئىي ئۆلىمالىرىمىز «مەكرۇھ ئەمەس» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى كاتتا ئىمام ئىكەنلىكىدە ھەممە بىرلىككە كەلگەن ئىمام ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇنزىر «ئەلئىشراف» ناملىق كىتابىدا ئىبراھىم نەخەئىي ۋە ئىمام مالىكتىن نەقىل قىلغان. بۇ ھەم كاتتا تابىئىن ئەتانىڭمۇ قارىشىدۇر.

يەنە بىر قىسىم سەلەف ئالىملىرى «مەكرۇھ» دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار. بۇ قاراشنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. ئىبنى مۇنزىر، ئەبۇ ۋائىل شەقىق ئىبنى سەلەمە، شەئبىي، ھەسەن ئەلبەسرىي، مەكھۇل، قەبىيسە ئىبنى زۇۋەيب قاتارلىق تابىئىنلارنىڭمۇ «مەكرۇھ» دەپ قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. بىز ئىبراھىم نەخەئىيدىن شۇنداق رىۋايەت قىلغان[1]. شافىئىي ئۆلىمالىرى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفىنىڭمۇ «مەكرۇھ» دەپ

(1) دارىمىي «مۇسنەد» 1038 - نومۇردا رىۋايەت قىلىشىچە ئەبۇ ۋائىل: «جۇنۇپ ۋە ھەيزدار قۇرئان ئوقۇمايدۇ. مۇنچىدىمۇ ئوقۇمايدۇ، دېيىلەتتى» دېگەن. 1033 - نومۇردا رىۋايەت قىلىشىچە ئىبراھىم نەخەئىي: «تۆت يەردە قۇرئان ئوقۇلمايدۇ: خالادا، مۇنچىدا، جۇنۇپ ۋە ھەيزدار ۋاقتىدا، لېكىن جۇنۇپ ۋە ھەيزدار ۋاقتىدا ئايەت چاغلىقنى ئوقۇسا مەيلى» دېگەن.

قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[1]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!

شەئبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ ئورۇندا قۇرئان ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئۇلار: مۇنچا، خالا، مېڭىۋاتقان تۈگمەن»[2].

ئەبۇ مەيسەرە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پاك ئورۇندىلا ياد ئېتىلىدۇ»[3]. ئاللاھ توغرىسىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

يولدا قۇرئان ئوقۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، دىققىتى بۆلۈنۈپ كەتمىسە جائىز، مەكرۇھ ئەمەس. ئەگەر دىققىتى بۆلۈنۈپ كەتسە مەكرۇھتۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆگدەك باسقان كىشىنى خاتا ئوقۇپ سېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇشتىن توسقانلىقىغا ئوخشايدۇ[4].

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا كېتىۋېتىپ قۇرئان ئوقۇيتتى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھنىڭمۇ يولدا قۇرئان ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدنىڭ سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىشىچە، ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىمام مالىكتىن: «بىر ئادەم كېچىنىڭ ئاخىرىدا ناماز ئوقۇپ، ئوقۇۋاتقان سۈرە ئاياغلاشىشقا ئاز قالغاندا (نامازنى ئاخىرلاشتۇرۇپ) مەسجىدكە ماڭغان بولسا (قانداق قىلىدۇ؟ سۈرىنىڭ قالغىنىنى يولدا ئوقۇسا بولامدۇ)؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «يولدا قۇرئان ئوقۇشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى ۋە

80

(1) ھەنەفىي ئالىملاردىن ئىمام كاسانىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇنچىدا قۇرئان ئوقۇش ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەبۇ يۈسۈف (ئاللاھ ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن!) لارنىڭ قارىشىدا مەكرۇھتۇر. ئىمام مۇھەممەد رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا پاكىزە مۇنچىدا قۇرئان ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەس. ھەنەفىي ئۆلىمالىرىدىن ئىمام ئىبنى نۇجەيم مۇنداق دەيدۇ: ‹ئەلخۇلاسە› ناملىق كىتابتا مۇنچىدا ئۈنلۈك ئاۋازدا قۇرئان ئوقۇش، تەسبىھ ئېيتىش، ‹ئەلھەمدۇلىللاھ› دېيىش مەكرۇھ. ئەگەر ئىچىدە مەخپىي ئوقۇسا ھېچقىسى يوق. بۇ، ئۆلىمالار تەرىپىدىن تاللانغان قاراشتۇر. ئەگەر ئەۋرىتى ئوچۇق بولسا ياكى مۇنچىدا ئايالى يالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتقان بولسا ياكى بىرەر يالىڭاچ ئادەم بولسا، مۇنچىدا قۇرئان ئوقۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇسا ھېچقىسى يوق». «ئەلبەھرۇررائىق»، 1 - توم، 139 - بەت.

(2) ئىبنى دەرىس: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 41 - بەت.

(3) ئىبنى ئەبى شەيبە: «ئەلمۇسەننەف»، 1 - توم، 139 - بەت؛ ئىبنى سەئد: «ئەتتەبەقاتۇل كۇبرا»، 6 - توم، 107 - بەت.

(4) «بۇخارىي»، 212 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 791 - ھەدىس؛ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر بىرىڭلارنى ناماز ئوقۇۋېتىپ مۆگدەك باسسا، بىرىپ ئۇيقۇسى تۈگىگۈچە ئۇخلىسۇن، چۈنكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار مۆگدەۋېتىپ ناماز ئوقۇسا ‹ئىستىغپار› ئوقۇدۇم دەپ ئۆزىنى تىللاپ سېلىشى مۇمكىن»

يولدا قۇرئان ئوقۇشنى يامان كۆردى[1]. مانا بۇ ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن سەھىھ سەنەدلىك رىۋايەت.

## قۇرئان ئوقۇغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش ۋە ئولتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى

نامازنىڭ سىرتىدا قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ قۇرئان ئوقۇش مۇستەھەپ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «سورۇنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇلغان سورۇندۇر»[2].

قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى كەمتەرلىك، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، يەرگە قاراپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندەك تەۋازۇ، ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇيدۇ. بۇ ئەڭ مۇكەممەل ئولتۇرۇش شەكلىدۇر. ئۆرە تۇرۇپ، يېتىپ تۇرۇپ ۋە باشقا ھالەتلەردە تۇرۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ ۋە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. لېكىن، ئاۋۋالقىسىغا يەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ ۞ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِهِمْ**﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنلارنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ﴾(ئال ئىمران: 190 - 191).



ئىمام بۇخارىي بىلەن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ھەيزىم كېلىپ تۇرغان چاغلاردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيدەمگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى»[3].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «بېشىنى قۇچىقىمغا قويۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى» دېگەن[4].

---

(1) شەيخ ئەھمەد ئىبنى غۇنەيم ئەل نەفراۋىي مالىكىي رەھمەھۇللاھ «ئەلفەۋاكىھۇددەۋانى» 2 - توم، 366 - بەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلاغقا مىنىپ، يېنىچە يېتىپ، بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا، باغ ياكى ئېتىزلىققا كېتىۋېتىپ قۇرئان ئوقۇسا بولىدۇ. چۈنكى، قۇرئان ئەڭ ئۇلۇغ زىكىردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار﴾ («نىسا سۈرىسى»، 103 - ئايەت). بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا ماڭغان كىشى قۇرئان ئوقۇش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ ۋە قورقۇنچلاردىن ئەمىن بولىدۇ. پايتەخت بازارلىرىنىڭ يوللىرىدەك مەينەت، يولۇچىلار كۆپ يولدا مېڭىۋاتقان بولسا، ئاشكارا ئوقۇسۇن ياكى مەخپىي ئوقۇسۇن، قۇرئان يادلاۋاتقان ئوقۇغۇچى بولسۇن ياكى باشقا ئادەم بولسۇن، كۆچلۈك قاراشقا ئاساسلانغاندا، قۇرئان ئوقۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ زېھنى يولۇچىلار بىلەن بولۇپ كېتىپ قۇرئان ئايەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشنى قولدىن بېرىپ قويۇشى، ياكى باشقىلار تەرىپىدىن رىياكار دەپ قارىلىپ قېلىشى، مەكرۇھلۇققا سەۋەب بولىدىغان ياكى باشقا ئىشلارغا دۇچار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن»

(2) تەبەرىي: «تەھزىبۇل ئاسار»، 776 - نومۇر. ئىبنى ئەساكىر: «تارىخىي ئىبنى ئەساكىر» 25 - توم، 29 - بەتتە، ئەبۇ نۇئەيم: «ئەسباھان تارىخىي» 1001 - نومۇردا ۋە دەيلەمىي: «فىردەۋس» 2901 - نومۇردا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان.

(3) «بۇخارىي»، 297 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 301 - ھەدىس.

(4) «بۇخارىي»، 7549 - ھەدىس.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن نامازدىمۇ، كۆرپىدە يېتىۋېتىپمۇ قۇرئان ئوقۇيمەن». يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن قۇرئاندىن كۈندىلىك ئوقۇيدىغان ۋەزىپەمنى كارىۋاتتا يېتىپمۇ ئوقۇۋېرىمەن»[1].

## قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن شەيتاندىن پاناھ تىلەشنىڭ مۇستەھەپلىكى

قۇرئان ئوقۇماقچى بولغان كىشى قۇرئان ئوقۇشنى باشلاشتىن بۇرۇن «أَعوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطانِ الرَّجيمِ» دەپ شەيتاندىن پاناھلىق تىلەيدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. بەزى سەلەف ئالىملىرى بۇنى تىلاۋەتتىن كېيىن دەيدۇ، دېگەن ۋە بۇ سۆزىگە ﴿**فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ**﴾ يەنى ﴿سەن قۇرئان ئوقۇساڭ قوغلاندى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئالLAھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن﴾(نەھل: 98) دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلغان.

لېكىن، كۆپىنچە ئۆلىمالار «قۇرئان ئوقۇساڭ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى «قۇرئان ئوقۇماقچى بولساڭ» دېگەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شەيتاندىن پاناھ تىلەشنىڭ شەكلى بولسا بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك «أَعوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطانِ الرَّجيمِ» دەپ پاناھلىق تىلەشتۇر. بىر قىسىم سەلەف ئۆلىمالىرى «أَعُوذُ بِاللَّهِ السَّمِيعِ الْعَلِيمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» دەپ شەيتاندىن پاناھلىق تىلەيتتى. بۇنداق دېيىشمۇ بولىدۇ، لېكىن ئاۋۋالقىسى ئەۋزەلدۇر.



ھەربىر قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىنىڭ نامازدا بولسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا بولسۇن، «أَعوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطانِ الرَّجيمِ»نى ئوقۇشى مۇستەھەپ، ۋاجىپ ئەمەس.

شافىئىي مەزھىبىدىكى كۈچلۈك قاراشقا ئاساسلانغاندا، نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە «أَعوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطانِ الرَّجيمِ» دېيىش مۇستەھەپتۇر. يەنە بىر قاراش بولسا بىرىنچى رەكئەتتە مۇستەھەپ، ئەگەر بىرىنچى رەكئەتتە دېمىگەن بولسا ئىككىنچى رەكئەتتە دەيدۇ. كۈچلۈك قاراش جىنازا نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «أَعوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطانِ الرَّجيمِ» دېيىش مۇستەھەپتۇر.

## ھەرسۈرىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ﴿بىسمىللاھىرراھمانىررەھىيم﴾ دېيىش توغرىسىدا

قۇرئان ئوقۇغۇچى «تەۋبە» سۈرىسىدىن باشقا ھەرسۈرىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾ (بىسمىللاھىرراھمانىررەھىيم) دېيىشكە ئادەتلىنىش كېرەك. چۈنكى، كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: ﴿بىسمىللاھ﴾ قۇرئاننىڭ بىر ئايىتى،

---

(1) ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 186 - بەت. ئىبنى ئەبى شەيبە: «ئەلمۇسەننەف»، 2 - توم، 384 - بەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن «تەۋبە» سۈرىسىدىن باشقا سۈرىلەرنىڭ ئالدىغا يېزىلغان[1]. ھەرسۈرىنىڭ ئەۋۋىلىدە ﴿بىسمىللاھ﴾نى ئوقۇسا قۇرئاننى ياكى سۈرىنى شەكسىز تامام قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئوقۇمىسا، قۇرئاننىڭ بىر قىسمىنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ. ئەگەر قۇرئاننى مەلۇم سۈرە ياكى پارىلەرنى ئوقۇپ بولسا مەلۇم مىقداردا ماددىي مۇكاپات بېرىلىدىغان ۋەزىيە شەكلىدە ئوقۇغان بولسا، مۇكاپاتنىڭ ئۆزىگە ھالال بولۇشى ئۈچۈن، ﴿بىسمىللاھ﴾نى دېيىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنى تەرك ئەتسە ﴿بىسمىللاھ﴾ ھەرسۈرىنىڭ تۇنجى ئايىتى دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مۇكاپاتنى ئېلىشقا ھەقلىق بولالمايدۇ، بۇ دىققەت قىلىشقا ۋە باشقىلارغىمۇ تارقىتىپ قويۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋە نازۇك مەسىلىدۇر.

## قۇرئان ئوقۇغاندا مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ خۇشۇ بىلەن ئوقۇش

قۇرئان ئوقۇغان كىشى خۇشۇ (ئاللاھتىن ئەيمىنىش) ۋە تەپەككۇر بىلەن ئوقۇسۇن. قۇرئاننى خۇشۇ ۋە تەپەككۇر بىلەن ئوقۇش كېرەكلىكىنىڭ دەلىللىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ دەلىللەر مەشھۇر بولغانلىقى ئۈچۈن سۆزلەپ يۈرۈش ھاجەتسىز. تەپەككۇر ۋە خۇشۇ قۇرئان ئوقۇشنىڭ مەقسىتى ۋە قۇرئان ئوقۇغۇچىغا قويۇلغان تەلەپتۇر. قەلبلەر ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالىدۇ ۋە يورۇيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار قۇرئاننى تەپەككۇر قىلمامدۇ؟﴾(مۇھەممەد: 24). ﴿**كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِّيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ**﴾ يەنى ﴿بۇ (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾(ساد: 29). بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ۋە سەلەفلەرنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە مەشھۇردۇر.

83

سەلەفلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېچىلەرنى بىر ئايەتنى تەپەككۇر قىلغان ھالدا تەكرار ئوقۇپ ئۆتكۈزەتتى. ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى قۇرئان ئوقۇسا ھوشىدىن كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئان ئوقۇۋېتىپ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىرىمۇ بار.

بەھز ئىبنى ھەكىم مۇنداق دەيدۇ: كاتتا تابىئىن زۇرارە ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە بامدات نامىزىدا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپ ﴿**فَإِذَا نُقِرَ فِي النَّاقُورِ، فَذَلِكَ يَوْمَئِذٍ يَوْمٌ عَسِيرٌ**﴾ يەنى ﴿سۇر چېلىنغان ۋاقىت – ئۇ قىيىن كۈندۇر﴾(مۇددەسسىر: 8 - 9) دېگەن ئايەتكە كەلگەندە ۋاپات بولۇپ يىقىلىپ چۈشكەن. مەن ئۇنى كۆتۈرگەن كىشىلەر قاتارىدا بار ئىدىم[2].

(1) ئىمام ئىبنى ھەجەر «تەۋبە» سۈرىسىنى باشلىغاندا ﴿بِسْمِ اللَّهِ﴾ دېيىش ھارام. ئەگەر ئارىلىقىدىن باشلاپ ئوقۇغان بولسا ﴿بِسْمِ اللَّهِ﴾ دېيىش مەكرۇھ، دەپ قارايدۇ. جامال رەملىي: (سۈرىنى) باشلىغاندا دېيىش مەكرۇھ، ئارىلىقىدا دېيىش سۈننەت، دەپ قارايدۇ.

(2) ھاكىم 2 - توم، 506 - بەت؛ «تىرمىزىي»، 445 - ھەدىس؛ بەيھەقىي: «ئىمان شاخلىرى»، 911 - ھەدىس.

ئەبۇلقاسىم جۇنەيد رەھمەھۇللاھنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شامنىڭ تۇتىياسى ھېسابلىنىدىغان ئەھمەد ئىبنى ئەبۇلھەۋارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدا قۇرئان ئوقۇلسا ئىڭراپ ھوشىدىن كېتەتتى.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: «قاسىم ئىبنى ئوسمان ئەلجۇۋئىي رەھمەھۇللاھ ئەھمەد ئىبنى ئەبۇلھەۋارىينىڭ بۇ ئىشىنى ئەيىبلەيتتى». ئەلجۇۋئىي بولسا دىمەشقنىڭ پەزىلەتلىك مۇھەددىسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەھمەد ئىبنى ئەبۇلھەۋارىيدىن پەزىلەت جەھەتتە ئۈستۈن ئىدى.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد: «ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ئەبۇلجەۋزا، قەيس ئىبنى ھەبتەر قاتارلىقلارمۇ توغرا كۆرمىگەن» دېگەن.

مېنىڭچە، توغرىسى، ياسالمىلىق قىلىپ شۇنداق قىلغان كىشىلەردىن باشقىلارنى ئەيىبلىمەسلىك لازىم. ئاللاھ ئەڭ ياخشىسىنى بىلگۈچىدۇر.

مەرىپەت ۋە قابىلىيەت ساھىبى بولغان سەييىد ئىبراھىم ئەلخەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «قەلبنىڭ داۋاسى بەشتۇر: بىرىنچىسى، مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ قۇرئان ئوقۇش. ئىككىنچىسى، قورساقنى بوش قويۇش (يەنى ئاچ تۇتۇش). ئۈچىنچىسى، كېچىدە قىيامدا تۇرۇش، تۆتىنچىسى، سەھەرلەردە ئاللاھقا يالۋۇرۇش، بەشىنچىسى، سالىھلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش»[1].



## مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن بىر ئايەتنى تەكرارلاشنىڭ مۇستەھەپلىكى

بىز ئىلگىرىكى پاراگرافتا قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، تەپەككۇر قىلىدىغان ئورۇنلار ۋە سەلەفلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

بىز ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلىمىزكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى ﴿**إِن تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ**﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر﴾(مائىدە: 118) دېگەن ئايەتنى تاڭ ئاتقۇچە تەكرارلاپ چىققان ئىدى»[2].

تەمىم ئەددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿**أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ اجْتَرَحُوا السَّيِّئَاتِ أَن نَّجْعَلَهُمْ كَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ...**﴾ يەنى ﴿يامان ئىش قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) بىزنى ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلىدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟...﴾(جاسىيە: 21) دېگەن ئايەتنى تاڭ ئاتقۇچە تەكرارلىغان ئىدى.

ئەبباد ئىبنى ھەمزە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ

(1) ئەبۇ نۇئەيم: «ئەۋلىيالار زىننىتى» 10 - توم، 328 - بەت؛ «قۇشەيرىي رىسالىسى»، 40 - بەت.
(2) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

يېنىغا كىرسەم: ﴿فَمَنَّ اللَّهُ عَلَيْنَا وَوَقَانَا عَذَابَ السَّمُومِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى﴾(تۇر: 27) دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن، ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ توختاپ ئۇ ئايەتنى تەكرارلاشقا ۋە دۇئا قىلىشقا باشلىدى، مەن ساقلاپ بولالماي بازارغا بېرىپ ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلسەم، ئۇ يەنە شۇ ئايەتنى تەكرارلاۋاتقان ۋە دۇئا قىلىۋاتقان ئىكەن»[1]. بۇ ۋەقەلىك ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا﴾ يەنى ﴿ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!﴾(تاھا: 114) دېگەن ئايەتنى قايتا - قايتا ئوقۇغان ئىدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿وَاتَّقُوا يَوْمًا تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى اللَّهِ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴾(بەقەرە: 281). ﴿فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ إِذِ الْأَغْلَالُ فِي أَعْنَاقِهِمْ وَالسَّلَاسِلُ يُسْحَبُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي ئىنكار قىلغانلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا يەنى دوزاخقا كىرگەندە ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ﴾(غافىر: 70 - 71) ۋە ﴿مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ الْكَرِيمِ﴾ يەنى ﴿سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى﴾(ئىنفىتار: 6) دېگەن ئايەتلەرنى تەكرار ئوقۇيتتى[3].

دەھھاك ﴿لَهُم مِّن فَوْقِهِمْ ظُلَلٌ مِّنَ النَّارِ وَمِن تَحْتِهِمْ ظُلَلٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ﴾(زۇمەر: 16) دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ تاڭ سەھەرگە قەدەر توختىماي تەكرارلايتتى.



### قۇرئاننى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇش توغرىسىدا

ئىلگىرىكى ئىككى پاراگرافتا سەلەف - سالىھلارنىڭ قۇرئان ئوقۇغاندا يىغلاشقا سەۋەب بولىدىغان بەزى ۋەقەلىكلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. قۇرئان ئوقۇغاندا يىغلاش ئارىف(ئاللاھنى ھەقىقي تونۇغۇچى) لارنىڭ سۈپىتى ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَخِرُّونَ لِلْأَذْقَانِ يَبْكُونَ وَيَزِيدُهُمْ خُشُوعًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار يىغلىغان ھالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ (قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن ئۇلار ئاللاھقا) تېخىمۇ يېلىنىدۇ﴾(ئىسرا: 109).

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىس ۋە سەلەف - سالىھلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ. بىز مىسال سۈپىتىدە ئاز بىر قىسمىغىلا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق كەلگەن: «قۇرئاننى

---

(1) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە» 2 - توم، 115 - بەت.

(2) ئەبۇ نۇئەيم: «ئەۋلىيالار زىننىتى» 2 - توم، 55 - بەت؛ ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 145 - بەت.

(3) ئەبۇ نۇئەيم: «ئەۋلىيالار زىننىتى» 4 - توم، 272 - بەت؛ ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى» 148 - بەت.

يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئەگەر يىغا كەلمىسە، زورمۇزور يىغلاڭلار»[1].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە بامدات نامىزى ئوقۇپ بەردى، نامازدا«يۇسۇف» سۈرىسىنى ئوقۇپ ياشلىرى ئوقۇرەك سۆڭىكىگە ئېقىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە يىغلاپ كەتتى[2].

يەنە بىر رىۋايەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇپتەن نامىزىدا شۇنداق قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[3]. بۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قايتا - قايتا شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلىدى، ئۇنىڭ يىغىسىنى ھەتتا ئاخىرقى سەپتىكىلەرمۇ ئاڭلىدى» دېيىلگەن[4].

ئەبۇ رەجا رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يىغلىغىنىدىن كۆزلىرىنىڭ ئاستىدا قۇرۇپ كەتكەن بوغقۇچتەك ئىز قالغانلىقىنى كۆرگەنمەن»[5].

يەنە ئەبۇ سالىھ رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «يەمەنلىك بىر توپ كىشىلەر ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى، ساھابىلەر ئۇلارغا قۇرئان ئۆگەتسە ئۇلار يىغلاشقا باشلىۋىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىزمۇ شۇنداق يىغلايتتۇق، دېدى»[6].



ھىشام رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇھەممەد ئىبنى سىيرىيننىڭ نامازدا تۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتىم[7].

سەلەف - سالىھلارنىڭ بۇ مەزمۇندىكى ئىش - ئىزلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مۇشۇنچىلىك كۆرسىتىش ۋە ۋاقىپلاندۇرۇش بىلەن بولدى قىلىمىز.

ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەلغەززالىي مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ئوقۇۋېتىپ ياكى ئاڭلاۋېتىپ يىغلاش مۇستەھەپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ يولى قۇرئاندىكى كۈچلۈك تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى، ۋەدە - مەجبۇرىيەتلەرنى، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەمچىلىكلىرىنى ئويلاپ قەلبتە غەم - قايغۇ پەيدا قىلىشتۇر، بۇلارنى ئويلاپمۇ ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرىدە

(1) «مۇسنەدۇل بەززار»، 1235 - ھەدىس؛ «مۇسنەدۇل شىھاب»، 1198 - ھەدىس ۋە دەۋرەقىينىڭ «مۇسنەد سەئىد» ناملىق كىتابى 129 - ھەدىس.
(2) «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 137 - بەت.
(3) ئىبنى ئەبى شەيبە: «ئەلمۇسەننەف» 8 - توم، 297 - بەت؛ ئىبنۇل جەۋزىي: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تارىخى» 191 - بەت.
(4) «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 137 - بەت؛ «ئەلمۇسەننەف» 8 - توم، 297 - بەت.
(5) ئىمام ئەھمەدنىڭ «ئەززۇھد»، 784 - نومۇر؛ «ئەلمۇسەننەف» 8 - توم، 296 - بەت.
(6) «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 135 - بەت؛ «ئەۋلىيالار زىننىتى»، 33 - بەت.
(7) «ئىمان شاخلىرى»، 2904 - نومۇر؛ «تارىخى ئىبنى ئەساكىر» 35 - توم، 209 - بەت.

پەيدا بولغاندەك غەم - قايغۇ ۋە يىغا پەيدا بولمىسا، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغانلىقىغا يىغلىسۇن. چۈنكى، بۇ (قايغۇرالماسلىق ۋە يىغلىيالماسلىق) ئەڭ چوڭ مۇسىبەتتۇر»[1].

## قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى

قۇرئان ئوقۇغۇچى قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە - دانە، ئوچۇق) ئوقۇشى لازىم. ئۆلىمالار قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلًا﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە - دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن﴾(مۇززەممىل: 4).

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتىنى «دانە - دانە، ئوچۇق قىرائەت ئىدى» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي ۋە نەسەئىيلار رىۋايەت قىلغان. تىرمىزىي «ھەسەن، سەھىھ» دېگەن[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ‹فەتھى› سۈرىسىنى ئۈنلۈك قىرائەت قىلىپ ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن»[3]. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي ۋە مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان.



ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى تەرتىلسىز تولۇق بىر تامام قىلغىنىمدىن بىر سۈرىنى تەرتىل بىلەن ئوقۇغىنىم ماڭا سۆيۈملۈكرەكتۇر»[4].

مۇجاھىدتىن:

– بىرەيلەن نامازدا «بەقەرە» ۋە «ئال ئىمران» سۈرىلىرىنى ئوقۇدى، يەنە بىرى «بەقەرە» سۈرىسىنىلا ئوقۇدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشقا كەتكەن ۋاقتى ئوخشاش، رۇكۇ - سەجدىلىرى ۋە ئولتۇرۇشلىرىمۇ ئوخشاش. بۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ قىلغىنى ئەۋزەل؟ – دەپ سورالغاندا، ئۇ:

– «بەقەرە» سۈرىسىنىلا ئوقۇغاننىڭ ئەۋزەل، – دەپ جاۋاب بەرگەن[5].

قۇرئاننى ھەددىدىن زىيادە تېز ئوقۇشمۇ چەكلەنگەن.

---

(1) «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» 1 - توم، 277 - بەت.
(2) «ئەبۇ داۋۇد»، 1466 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2923 - ھەدىس.
(3) «بۇخارىي»، 4281 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 794 - ھەدىس.
(4) «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 157 - بەت؛ ئاجۇررى: «قارىيلارنىڭ ئەدەبلىرى» 82 - بەت. ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئەلئىستىزكار»، 10383 - نومۇر.
(5) «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 158 - بەت؛ ئابدۇررازاق: «ئەلمۇسەننەف»، 4188 - نومۇر. «مۇسەننەف ئىبنى ئەبى شەيبە»، 2 - توم، 403 - بەت.

سەھىھ خەۋەردە، بىر كىشى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

– مەن مۇفەسسەل بولغان سۈرىلەرنىڭ («ھۇجۇرات» سۈرىسىدىن باشلاپ قۇرئاننىڭ ئاخىرىغىچە) ھەممىسىنى بىر رەكئەتتە ئوقۇيمەن، – دېگەن ئىدى، ئىبنى مەسئۇد ئۇنىڭغا:

– شېئىر ئوقۇغاندەك ئوقۇيدىكەنسەن - دە، شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ بوغۇزلىرىدىن ئۆتمەيدۇ (يەنى دىللىرىغا تەسىر قىلمايدۇ)، قۇرئان قەلبكە تەسىر قىلسا ۋە دىلغا ئورنىسا ئاندىن مەنپەئەت قىلىدۇ، – دېدى[1]. بۇنى بۇخارىي ۋە مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان. بۇ مۇسلىمنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ بىرى.

ئۆلىمالار: «مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇش مۇستەھەپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان ئەجەملەرنىڭ (غەيرى ئەرەبلەرنىڭ) مۇ قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇشى مۇستەھەپتۇر، چۈنكى تەرتىل بىلەن ئوقۇش قۇرئاننى ئۇلۇغلىغانلىق ۋە ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر، قەلبكە تېخىمۇ تەسىر قىلغۇچىدۇر» دېگەن.

## 88 مەزمۇنىغا قاراپ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا تەسبىھ ئېيتىش، پاناھلىق تىلەش ۋە دۇئا قىلىشنىڭ مۇستەھەپلىكى

قۇرئان ئوقۇغۇچى رەھمەت ئايىتىنى ئوقۇسا ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تىلىشى، ئازاب ئايەتلىرىنى ئوقۇسا: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْعَافِيَةَ (ئى ئاللاھ! ئامان - ئېسەنلىك تىلەيمەن)» ياكى «أَسْأَلُكَ مِنْ كُلِّ مَكْرُوهٍ (جىمى يامانلىقلاردىن ئامان قىلىشىڭنى تىلەيمەن)» دەپ يامانلىقلاردىن ياكى ئازابتىن پاناھ تىلىشى، ئاللاھنى پاكلاش ئايەتلىرىدىن ئۆتسە: «سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى» (ئاللاھ ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكتۇر ۋە بۈيۈكتۇر)» دەپ ياكى «تَبَارَكَ وَتَعَالَى (ئاللاھ ئۇلۇغ ۋە بۈيۈكتۇر)» دەپ، ياكى «جَلَّتْ عَظَمَةُ رَبِّنَا (پەرۋەردىگارىمىز بەك بۈيۈكتۇر)» دەپ ئاللاھنى ئۇلۇغلىشى مۇستەھەپتۇر.

سەھىھ ھەدىستە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم. ئۇ ‹بەقەرە› سۈرىسىنى باشلىدى، رەسۇلۇللاھ يۈز ئايەت ئوقۇپ رۇكۇ قىلىدۇ دەپ ئويلىدىم، ئەمما رۇكۇ قىلمىدى. ‹بەقەرە›نى تۈگىتىپ بولغاندا مەن ئەمدى رۇكۇ قىلىدۇ دەپ ئويلىسام، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ «نىسا» سۈرىسىنى ئوقۇپ تۈگەتتى، ئاندىن كېيىن «ئال ئىمران» سۈرىسىنىمۇ ئوقۇپ تۈگەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتلەرنى ئالدىرىماي تەرتىل

(1) «بۇخارىي»، 775 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 822 - ھەدىس.

بىلەن ئوقۇۋىتى، تەسبىھكە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۆتسە تەسبىھ ئېيتاتتى، تىلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۆتسە ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تىلەيتتى، پاناھلىق تىلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۆتسە پاناھ تىلەيتتى»[1]. بۇنى ئىمام مۇسلىم «سەھىھ»تە رىۋايەت قىلغان. ئۇ ۋاقىتلاردا «نىسا» سۈرىسى رەت تەرتىپتە «ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ ئالدىدا ئىدى.

شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: «ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش، پاناھ تىلەش ۋە تەسبىھ ئېيتىشلار نامازنىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى سىرتىدا بولسۇن، ئىمام بولسۇن ياكى ئىقتىدا قىلغۇچى بولسۇن ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى بولسۇن، ھەربىر قۇرئان ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇستەھەپتۇر، چۈنكى بۇلار دۇئادۇر، بارلىق كىشىلەرنىڭ ‹فاتىھە›دىن كېيىن ‹ئامىن› دېيىشى مۇستەھەپ بولغاندەك بۇ ئىشلارمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇستەھەپتۇر» دەيدۇ.

بىز سۆزلەپ ئۆتكەن «قۇرئان ئوقۇغاندا ئىلتىجا قىلىش، پاناھ تىلەش مۇستەھەپ» دېگەن قاراش بولسا، ئىمام شافىئىي ۋە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر[2]. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ:«مۇستەھەپ ئەمەس، بەلكى (نامازدا) مەكرۇھ» دەپ قارايدۇ[3]. توغرىسى، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر، ئىلگىرى بايان قىلغان دەلىللىرىمىز بۇنىڭغا شاھىتتۇر.



## بېپەرۋا قارىيلاردىن سادىر بولىدىغان بەزى سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىش

ئەھمىيەت بېرىشكە، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى، بەزى بېپەرۋا قارىيلار سەل قاراۋاتقان ئىشلاردىن ساقلىنىش قۇرئاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشتۇر. مىسال سۈپىتىدە بۇلاردىن بىرقانچىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

1. قۇرئان ئوقۇۋېتىپ كۈلۈش، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىش ۋە زۆرۈرىيەتسىز گەپ

(1) «مۇسلىم»، 772 - ھەدىس.

(2) «ئەلمەجمۇ»، 4 - توم، 75 - بەت.

(3) ھەنەفىي ئالىملىرىدىن ئىمام مەرغىنانىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام قورقۇتۇش ياكى قىزىقتۇرۇش ئايەتلىرىنى ئوقۇسا جامائەت شۈك تۇرۇپ تىڭشايدۇ» («ئەلھىدايە»، 1 - توم، 145 - بەت). ئىمام كامال ئىبنى ھۇمام مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى ئاللاھ قۇرئاننى تىڭشىغان كىشىگە رەھمەت قىلىشنى ۋەدە قىلدى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئاللاھ ‹قۇرئان كەرىم›دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇلسا دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار﴾ (ئەئراف: 204). قۇرئان ئوقۇلسا قۇلاق سالماي دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى جەزمەن ئىجابەت بولىدۇ دېگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئىماممۇ پەرز نامازدا بولسۇن ياكى نەپلە نامازدا بولسۇن، قىرائەتتىن باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولسا بولمايدۇ. يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىمۇ پەرز نامازدا شۇنداق قىلىدۇ، ئەمما نەپلە نامازدا جەننەت تىلىغا ئېلىنسا جەننەتنى تىلىسە، دوزاخ تىلغا ئېلىنسا دوزاختىن پاناھ تىلىسە بولىدۇ».

قىلىشتىن ساقلىنىش.

قۇرئان ئوقۇغۇچى ئاللاھنىڭ: ﴿**وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُوا لَهُ وَأَنصِتُوا لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)﴾(ئەئراف: 204) دېگەن بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلسۇن ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ئۆزىگە ئۈلگە قىلسۇن. «ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇرئان ئوقۇلسا ياكى ئۆزى ئوقۇسا سۈرىلەرنى ئوقۇپ تۈگەتمىگۈچە گەپ قىلمايتتى». بۇ ھەدىسنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىي بۇ ھەدىسنى ئۆزىنىڭ «سەھىھۇل بۇخارىي» ناملىق كىتابىنىڭ «تەپسىر» بۆلۈمىدە رىۋايەت قىلىپ، ئاخىرىدا: «ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇرئان ئوقۇشتىن پارىغ بولمىغۇچە گەپ قىلمايتتى» دېگەن[1].

2. قول ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئويناشتىن ساقلىنىش. چۈنكى، ئۇ رەببى بىلەن سىردىشىۋاتقاندۇر، ئۇنداق بولغانىكەن، رەببىنىڭ ئالدىدا بىھۇدە ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم.

3. زېھنىنى چاچىدىغان نەرسىلەرگە قارىماسلىق. بولۇپمۇ نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق. ئاللاھ تائالا: ﴿**قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ**﴾ يەنى ﴿مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمسۇن﴾(نۇر: 30) دېگەن. ھەتتاكى شافىئىي ئۆلىمالىرى: «قىزى، ئانىسى دېگەندەك مەھرەملىرىگىمۇ شەھۋەت نەزىرى بىلەن قاراش ھارام» دېگەن.



ئەمما، سودا - سېتىق، ئىلىم - بېرىم، داۋالاش ۋە تەلىم - تەربىيە دېگەندەك ئېھتىياجلىق ئىشلاردا قاراش جائىز. لېكىن، قاراش ئېھتىياجغا قاراپ بولۇشى، زۆرۈرىيەتسىز داۋاملىق قاراۋەرمەسلىك لازىم. شۇنىڭدەك مۇئەللىممۇ تالىپلىرىغا زۆرۈر بولسا قارىسا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشىسىنى بىلگۈچىدۇر.

قىرائەت سورۇنىغا ھازىر بولغان كىشىلەر شۇنىڭغا ئوخشاش يامان ئىشلارنى كۆرسە قولىدىن كېلىشىچە توسۇشى، قولى بىلەن تۈزىتىشكە قادىر بولالىسا قولى بىلەن، قولى بىلەن تۈزىتىشكە قادىر بولالمىسا ئېغىزى بىلەن توسۇشى، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا كۆڭلىدە بولسىمۇ نارازى بولۇشى لازىم.

---

(1) «بۇخارىي»، 4527 - ھەدىس.

## قۇرئاننى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، نامازدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، قۇرئاننى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇش جائىز بولمايدۇ[1]. ئەگەر نامازدا باشقا تىلدا ئوقۇغان بولسا نامىزى ئادا بولمايدۇ. بۇ بىزنىڭ شافىئىيلارنىڭ ۋە ئىمام مالىك، ئەھمەد، داۋۇد، ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇنزىر قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر[2].

ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھ: «ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇش جائىز، ئۇنىڭ بىلەن نامىزىمۇ ئادا بولىدۇ» دەيدۇ. ئەبۇ يۈسۈف ۋە ئىمام مۇھەممەد رەھمەھۇللاھلار: «باشقا تىلدا ئوقۇش ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان كىشى ئۈچۈن دۇرۇس، ياخشى بىلىدىغان كىشى ئۈچۈن دۇرۇس ئەمەس» دەپ قارايدۇ[3].

## مۇتەۋاتىر ۋە شاز (مەشھۇر بولمىغان) قىرائەتلەر بىلەن قۇرئان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

قۇرئاننى بىرلىككە كېلىنگەن يەتتە خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇش دۇرۇس. يەتتە خىل قىرائەتتىن باشقا قىرائەتلەر ۋە يەتتە قارىي[4]دىن نەقىل قىلىنغان شاز رىۋايەتلەر بويىچە



(1) چۈنكى، قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىگە تەرجىماننىڭ ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ قاراشلىرى سىڭىدىغان بولغاچقا، ئۇنى مۆجىزىلىك خۇسۇسىيىتى بولغان ئاللاھنىڭ ئەرەبچە كالامىنىڭ دەل ئۆزى دېگىلى بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، گەرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇش قۇرئاننىڭ مەزمۇننى ئۆگىنىش، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش جەھەتتىن ساۋابلىق ئىش ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغاننىڭ ئورنىدا تۇرمايدۇ، دېمەكچى.

(2) شافىئىي مەزھىبىنىڭ قاراشلىرىنى بىلىش ئۈچۈن «ئەلمەجمۇ» 3 - توم، 330 - بەت. مالىكىي مەزھىبى ئۈچۈن «ئەلمۇدەۋۋەنەتۇل كۇبرا» 1 - توم، 62 - بەت. ھەنبەلىي مەزھىبى ئۈچۈن «مەتالىبۇ ئۇلىننۇھا» 1 - توم، 433 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(3) ئىمام مەرغىنانىي «ئەلھىدايە» 1 - توم، 117 - بەتتە، ئەبۇ ھەنىفە ۋە شاگىرتلىرى ئارىسىدىكى قاراش پەرقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ئۇلار ئارىسىدا ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇش بىلەن نامازنىڭ بۇزۇلمايدىغانلىقىدا ئىختىلاپ يوق. ئىختىلاپ بولسا ‹ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن قىرائەت قىلسا نامازدىكى پەرز قىرائەتكە ھېساب بولامدۇ ياكى بولامدۇ؟› دېگەن مەسىلىدىدۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئىككى شاگىرتىنىڭ پىكرىگە قايتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ ۋە شۇ قاراشقا تايىنىلىدۇ» دەيدۇ. دېمەك، ھەنەفىي مەزھەب قارىشى بويىچە، ئايەتلەرنى ئەرەبچە ئوقۇيالمايدىغان كىشى نامىزىدا ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇغان بولسا نامىزى ئادا بولغان بولىدۇ.

(4) ئۇلار: مەدىنىلىك نافىئ ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەللەيسىي (ھ. 70 – 169 / م. 689 – 785)؛ مەككىلىك ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىر ئەددارىي (ھ. 45 – 120 / م. 665 – 738)؛ بەسرەلىك ئەبۇ ئەمر ئەلمازىنىي (ھ. 70 – 154 / م. 689 – 771)؛ شاملىق ئەبۇ ئىمران ئەليەھسۇبىي (ھ. 21 – 118 / م. 641 – 736)؛ كۇفەلىك ئاسىم ئەلئەسەدىي (ھ. ؟ – 128 / م. ؟ – 745)؛ كۇفەلىك ھەمزە ئىبنى ھەبىب (ھ. 80 – 156 / م. 699 – 772)؛ كۇفەلىك ئەلى ئىبنى ھەمزە ئەلكىسائىي (ھ. 119 – 189 / م. 737 – 805) – ت.

ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس. ئاللاھ خالىسا، يەتتىنچى بابتا قۇرئاننى شاز قىرائەتلەر بىلەن ئوقۇغان ۋە ئوقۇتقان كىشىنى فەقىھلەرنىڭ تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇشتا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلىمىز.

بەزىنىڭ شافىئىي ئۇستازلىرىمىز ۋە باشقا ئالىملار:«بىلىپ تۇرۇپ نامازنى شاز قىرائەت بىلەن ئوقۇغان بولسا نامىزى ناماز بولمايدۇ، ئەگەر بىلمەي ئوقۇغان بولسا نامىزى بۇزۇلمايدۇ، لېكىن قىرائىتى قىرائەت ھېسابلانمايدۇ» دەيدۇ.

ئىمام ئىبنى ئابدۇلبەر شاز قىرائەت بىلەن قۇرئان ئوقۇشنىڭ ۋە شاز قىرائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىدە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى نەقىل قىلغان[1].

ئۆلىمالار:«شاز قىرائەت ئىكەنلىكىنى ياكى شاز قىرائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بىلمەي ئوقۇپ سالغان كىشىگە بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكى تەلىم بېرىلىدۇ، ئەگەر قايتا ئوقۇغان بولسا ياكى بىلىپ تۇرۇپ ئوقۇغان بولسا، بۇنداق ئوقۇشتىن يانغانغا قەدەر قاتتىق جازالىنىدۇ ۋە ئۇنى توسۇشقا قادىر بولغان ھەرقانداق كىشىنىڭ توسۇشى، چەكلىشى ۋاجىپ بولىدۇ» دەيدۇ.

## بىر قىرائەتتىن يەنە بىر قىرائەتكە يۆتكىلىشنىڭ ھۆكمى



قارىي قىرائەتنى مەشھۇر بىر قىرائەت بىلەن باشلىغان بولسا، ئايەتلەر مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان تەقدىردە، باشلىغان قىرائەت بىلەن ئوقۇۋېرىشى لازىم. مەنە جەھەتتىن باغلىنىشلىق ئايەتلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن يەتتە خىل قىرائەتتىن خالىغان بىرىگە يۆتكىلىپ ئوقۇسا مەيلى، ئەمما، شۇ سورۇندا دەسلەپ باشلىغان قىرائەت بىلەن ئوقۇۋەرگىنى ياخشى.

## قۇرئاننى سۈرىلەرنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە ئوقۇش

ئۆلىمالار:«تاللانغان قاراش شۇكى، قۇرئاننى نامازدا بولسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا بولسۇن، سۈرىلەرنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە ئاۋۋال ‹فاتىھە›، ئاندىن ‹بەقەرە›، ئاندىن ‹ئال ئىمران›... بويىچە ئوقۇش كېرەك» دەيدۇ. ھەتتا بەزى شافىئىي ئۆلىمالىرى:«ئەگەر بىرىنچى رەكئەتتە ﴿**قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ**﴾نى ئوقۇغان بولسا، ئىككىنچى رەكئەتتە ‹فاتىھە›دىن كېيىن ‹بەقەرە›نى باشلايدۇ» دەيدۇ.

يەنە بەزى شافىئىي ئۆلىمالىرى:«بىر سۈرىنى ئوقۇپ تۈگەتسە ئۇنىڭ كەينىدىن

(1) ئىمام ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئەتتەمھىد»، 4 - توم، 278 - بەت.

كېلىدىغان سۈرىنى ئوقۇش مۇستەھەپ» دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھازىرقىدەك تەرتىپتە رەتلىنىشىدە مەلۇم ھېكمەت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۈمە كۈنى بامدات نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «سەجدە» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە «ئىنسان» سۈرىسىنى، ھېيت نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «قاف» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە «قەمەر» سۈرىسىنى، بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «كافىرۇن» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە «ئىخلاس» سۈرىسىنى، ۋىتىرنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «ئەئلا» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە «كافىرۇن» سۈرىسىنى، ئۈچىنچى رەكئىتىدە «ئىخلاس»، «فەلەق» ۋە «ناس» سۈرىسىنى ئوقۇش دېگەندەك ئايرىم دەلىل كەلگەنلىرىدىن باشقا سۈرىلەردە شۇ ھېكمەتكە رىئايە قىلىپ تەرتىپ بىلەن ئوقۇش لازىم. ناۋادا تەرتىپكە خىلاپلىق قىلىپ بىرەر سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان سۈرىنى ئوقۇماي باشقا سۈرە ئوقۇغان بولسا، ياكى بىر سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپ رەت تەرتىپتە ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېلىدىغان سۈرىلەرنى ئوقۇغان بولسا، بۇمۇ دۇرۇس. بۇ ھەقتىمۇ نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «كەھف» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە «يۇسۇف» سۈرىسىنى ئوقۇغان[1].

بىر بۆلۈك ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرتىپىگە خىلاپ ھالدا ئوقۇشنى مەكرۇھ دەپ قارىغان. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى رەت تەرتىپكە خىلاپ ھالدا ئوقۇشنى مەكرۇھ دەپ قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئۇ يەنە سەھىھ سەنەد بىلەن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

– پالانى كىشى قۇرئاننى سۈرىنىڭ رەت تەرتىپىگە رىئايە قىلماي تەتۈر ئوقۇيدىكەن، – دېيىلگەندە، ئۇ:

– ئۇ قەلبى تەتۈر كىشى ئىكەن، – دېگەن[2].

ئەمما، بىر سۈرىنى ئاخىرىدىن بېشىغا قاراپ ئوقۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئوقۇغاندا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى مۆجىزىلىك ئۇسلۇبلىرى ۋە ئايەتلەرنىڭ رەت تەرتىپىدىكى ھېكمەتلەر يوقاپ كېتىپ قالىدۇ. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد كاتتا تابىئىن ئىبراھىم نەخەئىي ۋە ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھلارنىڭ ئۇنداق ئوقۇشنى يامان كۆرىدىغانلىقى ۋە ئىمام مالىكنىڭ ئۇنداق ئوقۇشنى ئەيىبلەپ: «بۇ چوڭ خاتالىق» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

كىچىك بالىلارغا قۇرئاننىڭ ئاخىرىدىكى سۈرىلەردىن بېشىغا قاراپ ئۆگىتىش ياخشى

(1) ئابدۇررازاق: «ئەلمۇسەننەف»، 2710 - ھەدىستە رىۋايەت قىلغان.

(2) ئابدۇررازاق: «ئەلمۇسەننەف»، 7947 - نومۇر؛ ئىبنى ئەبى شەيبە «مۇسەننەف»، 7 - توم، 206 - بەت؛ بەيھەقى: «ئىمان شاخلىرى»، 2111 - نومۇر.

ئىش، ئۇ قۇرئاننى ئەتىۋار ئوقۇتۇش قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ باشقا - باشقا كۈنلەردە ئايرىم - ئايرىم ئوقۇلىدىغان قىرائەتلەردۇر. شۇنداقلا بۇ خىل ئۆگىتىش بالىلارنىڭ قۇرئاننى يادلىشىنى قولايلاشتۇرىدۇ[1]. ئاللاھ ئەڭ ياخشىسىنى بىلگۈچىدۇر.

## «قۇرئان»غا قاراپ ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكى

«قۇرئان»غا قاراپ ئوقۇش يادقا ئوقۇغاندىن ئەۋزەل. چۈنكى، «قۇرئان»غا قاراشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت. قۇرئانغا قاراپ ئوقۇغاندا قۇرئان ئوقۇش ۋە قۇرئانغا قاراشتىن ئىبارەت ئىككى ئىبادەت بىرلەشكەن بولىدۇ. بۇ قازى ھۈسەيىن ۋە ئەبۇ ھامىد ئەلغەززالىي قاتارلىق شافىئىي ئۇستازلىرىمىزنىڭ ۋە كۆپلىگەن سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام ئەلغەززالىي «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» ناملىق كىتابىدا كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ قۇرئانغا قاراپ ئوقۇيدىغانلىقى، بىر كۈنىنىڭمۇ قۇرئانغا قارىماستىن ئۆتۈپ كېتىشىنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى نەقىل قىلغان[2].

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد نۇرغۇنلىغان سەلەفلەرنىڭ «قۇرئان»غا قاراپ ئوقۇشنى ئەۋزەل دەپ قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. مەنمۇ بۇ ھەقتە باشقىچە قاراش بارلىقىنى بىلمەيمەن.

ناۋادا «قۇرئان ئوقۇش شەخسلەرگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. ‹قۇرئان›غا قاراپ ئوقۇسىمۇ، يادقا ئوقۇسىمۇ خۇشۇ ۋە تەپەككۇرى ئوخشاش بولغان كىشى ئۈچۈن قۇرئانغا قاراپ ئوقۇش ئەۋزەل. يادقا ئوقۇسا قاراپ ئوقۇغاندىن تېخىمۇ ياخشى تەپەككۇر قىلىپ خۇشۇ بىلەن ئوقۇيالايدىغان كىشى ئۈچۈن يادقا ئوقۇش ئەۋزەل» دېيىلسە، بۇمۇ ياخشى قاراش بولاتتى. سەلەفلەرنىڭ سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنىش مۇۋاپىقتەك كۆرۈنىدۇ.



(1) «ئەلمەجمۇ»، 2 - توم، 189 - بەت.

(2) «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 1 - توم، 279 - بەت. قۇرئانغا قاراپ ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن. بەيھەقىي «ئىمان شاخلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 2025 - ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «قۇرئانغا قارىماي ئوقۇغان كىشىگە مىڭ ھەسسە ساۋاب بولىدۇ، قۇرئانغا قاراپ ئوقۇغان كىشىگە بولسا يەنە بىر قاتلىنىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى ‹قۇرئان›غا قاراپ ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنىڭ قارىماي يادقا ئوقۇشتىن يۇقىرى بولۇشى پەرز نامازنىڭ پەزىلىتىنىڭ نەپلە نامازنىڭكىدىن يۇقىرى بولغىنىغا ئوخشايدۇ». «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 104 - بەت. ئەبۇ ئۇبەيد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «قۇرئانغا قاراشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. يۇقىرىقى كىتاب، 104 - بەت.

## توپلىشىپ قۇرئان ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى، جامائەت ئىچىدىكى قۇرئان ئوقۇغۇچىلارنىڭ، تىڭشىغۇچىلارنىڭ، ئۇلارنى قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن توپلىغان، قۇرئان ئوقۇشقا قىزىقتۇرغان ۋە تەكلىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى

شۇنى بىلىڭكى، توپلىشىپ جامائەت بولۇپ قۇرئان ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. ئوچۇق دەلىللەر، سەلەف ۋە خەلەفلەر (ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلەر) نىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى بۇنىڭغا شاھىتتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر قەۋم ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىپ (ياد ئېتىپ) ئولتۇرىدىكەن، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا جەم بولىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئورايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۆز ھۇزۇرىدىكى پەرىشتىلەرگە ئۇلاردىن مەمنۇن بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ»[1]. بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي: «ھەسەن، سەھىھ» دېگەن.

يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر قەۋم ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرىدىن (مەسجىدلەردىن) بىرىگە يىغىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشسا ۋە (قۇرئان ئۈستىدە توختىلىپ) ئۇنى ئۆزئارا ئۆگەنسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئورايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا جەم بولىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدىكى پەرىشتىلەرگە ئۇلاردىن مەمنۇن بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ»[2]. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ داۋۇدمۇ بۇخارىي بىلەن مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

يەنە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى جەم بولغان بىر سورۇنغا كېلىپ:

– ئولتۇرۇپسىلەرغۇ؟ – دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

– بىز ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقى ۋە بىزگە قىلغان ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ ۋە ھەمد ئېيتىپ ئولتۇرۇپتىمىز، – دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

– جىبرىل كېلىپ ماڭا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەر بىلەن پەرىشتىلەرگە پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى



(1)«مۇسلىم»، 2700 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 3378 - ھەدىس.
(2) «مۇسلىم»، 2699 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 1455 - ھەدىس.

يەتكۈزدى، - دېدى»[1]. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزىي ۋە نەسەئىي رىۋايەت قىلغان. تىرمىزىي «ھەسەن» دېگەن.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ.

دارىمىي سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىرەر ئايەت ئاڭلىسا، ئۇ ئايەت ئۇ كىشى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ»[2].

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر توپ كىشىلەرگە قۇرئاندىن دەرس بېرەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭ ئوقۇيتتى».

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد يەنە يىغىلىپ قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە سەلەف ۋە خەلەفلەرنىڭ پەزىلەتلىك كىشىلىرىدىن ۋە ئىلگىرىكى قازىلاردىن نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى كەلتۈرگەن.

ھەسسان ئىبنى ئەتىيە بىلەن ئىمام ئەۋزائىي ئىككەيلەن مۇنداق دەيدۇ: دىمەشىق مەسجىدىدە تۇنجى بولۇپ توپلۇشۇپ قۇرئان ئوقۇشنى پەيدا قىلغان كىشى ھىشام ئىبنى ئىسمائىلدۇر، ئۇ دىمەشىققە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى[3].



ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد رىۋايەت قىلغان دەھھاك ئىبنى ئابدۇرراھماننىڭ يىغىلىپ قۇرئان ئوقۇشنى ئىنكار قىلىپ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپمۇ، كۆرۈپمۇ باقمىغان»[4] دېگەنلىكى ۋە ئىبنى ۋەھبىنىڭ: «مەن مالىكقا: تابىئىنلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بىر سۈرىنى ئوقۇپ تاماملىغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ دېسەم، ئۇ ئۇنداق ئوقۇشنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنداق ئوقۇشنى ئەيىبلەپ: ‹ئۇلار ئۇنداق قىلمايتتى، پەقەت بىرى يەنە بىرىگە ئوقۇپ بېرىپ تىڭشىتاتتى› دېدى» دېگەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكارى سەلەف ۋە خەلەفلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا ۋە دەلىللەرنىڭ تەقەززاسىغا زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بىز ئىلگىرى بايان قىلغان يىغىلىپ قۇرئان ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى كۈچلۈك قاراشتۇر. لېكىن، يىغىلىپ قۇرئان ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى بار، بىز بۇ شەرتلەرنى ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتتۇق[5]. شۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلىش لازىم. ئاللاھ ئەڭ ياخشىسىنى بىلگۈچىدۇر.

---

(1) «مۇسلىم»، 2701 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 3379 - ھەدىس.

(2) «دارىمىي»، 3410 - ھەدىس.

(3) «تارىخىي ئىبنى ئەساكىر»، 2 - توم، 282 - بەت.

(4) «تارىخىي ئىبنى ئەساكىر»، 2 - توم، 284 - بەت

(5) بۇ كىتابتا يۇقىرىدا ئۆتكەن «بېيەرۋا قارىيلار سادىر قىلىدىغان بەزى سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىش توغرىسىدا» دېگەن بابقا قاراڭ.

ئەمما، كىشىلەرنى قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن توپلىغانلارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا باشلاپ قويغۇچىغا شۇ ياخشىلىقنى قىلغان كىشىگە ئوخشاش ساۋاب بولىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ سەن ئارقىلىق بىرەر كىشىنى ھىدايەت قىلىشى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىلەردىنمۇ ياخشىدۇر»[2]. ئاللاھ تائالامۇ مۇنداق دېگەن: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ﴾ يەنى ﴿ئۆزئارا ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار﴾(مائىدە: 2). شەكسىزكى، بۇنىڭغا كۆپ چىقارغان كىشىلەرنىڭ ئەجرى ھەققەتەن چوڭدۇر.

## قۇرئاننى ئايلاندۇرۇپ ئوقۇش

ئايلاندۇرۇپ ئوقۇش دېگىنىمىز: بىر توپ كىشىلەرنىڭ يىغىلىپ بىر كىشى قۇرئاننىڭ ئوندىن بىرى ياكى بىر پارە دېگەندەك مەلۇم بۆلىكنى ئوقۇپ توختىسا، يەنە بىر كىشىنىڭ توختىغان يەردىن داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇشى، كېيىنكىسىنىڭ يەنە ئالدىدىكى كىشى توختىغان يەردىن داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دۇرۇس، ياخشى ئىشتۇر. ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە سورالغاندا، مەيلى، دەپ جاۋاب بەرگەن.



## قۇرئاننى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇش

بۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم تېمىدۇر.

مەلۇم بولغايكى، قۇرئاننى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى ھەققىدە «سەھىھۇل بۇخارىي» ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن. ئىچىدە، پەس ئاۋازدا ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن دەلىللەر كەلگەن. بىز بۇ دەلىللەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئەسلى مەنبەسىنى كۆرسەتكەن ئاساستا سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئىمام ئەلغەززالىي قاتارلىق ئۆلىمالار ئېيتىدۇ: «بۇ ھەقتىكى خىلمۇخىل ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى جەملەشنىڭ يولى شۇكى، پەس ئاۋازدا ئوقۇش رىيادىن يىراق، شۇنىڭ ئۈچۈن، رىيادىن ئەنسىرىگەن كىشى پەس ئاۋازدا ئوقۇغىنى ياخشى، ئەگەر رىيادىن ئەنسىرىمىسە ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشى ئەۋزەل. چۈنكى، ئۇنى باشقىلار ئاڭلاش ئارقىلىق ئەمەلمۇ كۆپرەك بولىدۇ، باشقىلارغىمۇ ھەم پايدىسى يېتىدۇ، ئۆتۈملۈك مەنپەئەت ئۆتۈمسىز مەنپەئەتتىن ئەۋزەلدۇر. ئۈنلۈك ئوقۇش ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىنى ئويغىتىدۇ، زېھنىنى ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىشقا مەركەزلەشتۈرىدۇ. قۇرئاننى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشايدۇ، ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، تېخىمۇ تېتىكلەشتۈرىدۇ. باشقا بىخۇد

(1) مەقدىسىي: «تاللانما ھەدىسلەر»، 219 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2670 - ھەدىس.
(2) «بۇخارىي»، 2942 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2406 - ھەدىس.

ۋە ئۇخلاۋاتقان كىشىلەرنى ئويغىتىدۇ ۋە روھلاندۇرىدۇ. مۇشۇ نىيەتلەردىن بىرەرسىنى كۆڭلىگە پۈكسە ئۈنلۈك ئوقۇش ئەۋزەل، ئەگەر ھەممىسىنى نىيەت قىلسا ھەسسىلەپ ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى قاراپ ئوقۇش ئەۋزەل دەيمىز»[1]. مانا بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىدۇر.

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەن بىر قىسمىغا ئىشارە قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

سەھىھ ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ ھېچ نەرسىگە قۇرئاننى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇغان پەيغەمبەرگە قۇلاق سالغاندەك قۇلاق سېلىپ باقمىدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[2]. بۇنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان.

«ئاللاھ قۇلاق سالدى» دېگەنلىك ئاللاھنىڭ رازى بولغانلىقى ۋە قوبۇل قىلغانلىقىغا ئىشارەتتۇر.

يەنە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ساڭىمۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن چىرايلىق ئاۋازلاردىن بىر ئاۋاز بېرىلگەن ئىكەن» دېگەن. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناۋادا تۈنۈگۈن كەچ سېنىڭ قىرائىتىڭنى ئاڭلاۋاتقان چېغىمدا مېنى كۆرگەن بولساڭ...» دېگەن[3]. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم يەنە بۇرەيدە ئىبنى ئەلھۇسەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ رىۋايەت قىلغان.



فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇغان كىشىگە خوجايىن نەغمىچى دېدەكىگە قۇلاق سالغاندىنمۇ بەكرەك قۇلاق سالىدۇ»[4]. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئەشئەرىيلەرنىڭ كېچىدىكى ئاۋازىنى تونۇۋالالايمەن، گەرچە مەن ئۇلارنىڭ كۈندۈزى چۈشكەن ئورۇنلىرىنى كۆرمىسەممۇ، كېچىسى قۇرئان ئوقۇشلىرىدىن تۇرۇۋاتقان جايىنى بىلىۋالىمەن» دېگەن[5]، دەيدۇ. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى ئاۋازىڭلار بىلەن

---

(1) «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 1 - توم، 279 - بەت.

(2) «بۇخارىي»، 7544 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 792 - ھەدىس.

(3) «بۇخارىي»، 5048 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 793 - ھەدىس.

(4) «ئىبنى ماجە»، 1340 - ھەدىس.

(5) «بۇخارىي»، 4232 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2499 - ھەدىس.

زىننەتلەڭلار»[1]. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىي ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتە قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ: «ئۇلارغا خۇشاللىق يار بولسۇن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئىدى» دېگەن[2].

قۇرئاننى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. بۇ ھەقتىكى ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇنى دەپ يۈرمىسەكمۇ ھەممە كىشىگە مەشھۇردۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى رىيا ۋە مەغرۇرلۇق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر بىلەن سۆپەتلىنىپ قېلىشتىن، رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن خاتىرجەم بولالايدىغان، باشقىلارنىڭ نامىزىغا دەخلى قىلمايدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان.

بۇ ھەقتە بىر قىسىم سەلەفلەرنىڭ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىچىدە ئوقۇشنى تاللىغانلىقىمۇ نەقىل قىلىنغان. مىسالغا ئالساق، ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىمنىڭ (نەخەئىي) يېنىغا كىرسەم، ئۇ قۇرئان ئوقۇۋاتقانىكەن. بىر كىشى كىرىشكە رۇخسەت سورىۋىدى، ئۇ قۇرئاننى يۆگەپ قويدى ۋە: ‹مېنى داۋاملىق قۇرئان ئوقۇيدىكەن دەپ ئويلاپ قالمىسۇن› دېدى»[3].

ئەبۇلئالىيە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرغانىدىم، بىر كىشى:‹مەن بۈگۈن كېچە مۇنچىلىك قۇرئان ئوقۇدۇم› دېگەن ئىدى، ئۇلار: ‹بۇ سېنىڭ ئوقۇغان قۇرئانىڭدىن ئالغان نېسىۋەڭدۇر› دېدى».

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسى ئۇلار ئۈچۈن دەلىل بولالايدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇغان كىشى ئاشكارا سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ، پەس ئاۋازدا ئوقۇغان كىشى بولسا يوشۇرۇن سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ». بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىي ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان، تىرمىزىي «ھەسەن ھەدىس» دېگەن[4].

تىرمىزىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دېگەنلىك قۇرئاننى پەس ئاۋازدا ئوقۇش ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشتىن ئەۋزەل دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، يوشۇرۇن سەدىقە ئاشكارا سەدىقىدىن ئەۋزەل». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى ئىلىملەر بۇنى:‹كىشى مەخپىي ئەمەل

(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 1468 - ھەدىس؛ «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 4 - توم، 283 - ھەدىس.
(2) تەبەرانىي «ئەلئەۋسەت»، 7304 - ھەدىس.
(3) ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، 212 - ھەدىس؛ «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 380 - ھەدىس.
(4) «ئەبۇ داۋۇد»، 1333 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 291 - ھەدىس.

قىلغاندا مەغرۇرلۇقتىن ئەمىن بولالايدۇ. چۈنكى ئەمەل - ئىبادەتنى مەخپىي قىلغان كىشىنىڭ مەغرۇرلۇققا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئاشكارا قىلغان كىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ».

مېنىڭچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ پاراگرافنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان تەپسىلات بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بىز بۇ پاراگرافنىڭ بېشىدا «قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇغانلىق سەۋەبلىك بەزى يامان ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرىسە، مەخپىي ئوقۇيدۇ، ئەگەر ئەنسىرىمىسە، ئۈنلۈك ئوقۇش مۇستەھەپ» دېگەندۇق. ئەگەر توپلۇشۇپ جامائەت بىلەن قۇرئان ئوقۇغان بولسا باشقىلارغىمۇ نەپ يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۈنلۈك ئوقۇش تېخىمۇ مۇستەھەپ بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىلگىرى بايان قىلغان دەلىللىرىمىز ھەم شاھىتتۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشىسىنى بىلگۈچىدۇر.

## قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى

ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن باشلاپ ئۇلاردىن كېيىنكى ھەرقايسى يۇرت ئۆلىمالىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرى قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن مەشھۇر، بۇنى ئايرىم نەقىل قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. 

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرمۇ ھەممىگە مەلۇم. بىز ئالدىنقى پاراگرافتا «قۇرئاننى ئاۋازىڭلار بىلەن زىننەتلەڭلار»، «ساڭىمۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن چىرايلىق ئاۋازلاردىن بىر ئاۋاز بېرىلگەن ئىكەن» ۋە «ئاللاھ قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇغان كىشىگە خوجايىن نەغمىچى دېدەكنىگە قۇلاق سالغاندىنمۇ بەكرەك قۇلاق سالىدۇ» دېگەن ھەدىسلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

بىز «قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇش» توغرىسىدا دېگەن پاراگرافتا ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىرىماي، ئۈنلۈك قىرائەت قىلدى» دېگەن ھەدىسىنى ھەم سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ۋە ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس»[1]. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ئىككى ھەسەن دەرىجىسىدىكى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەنەدىدە ھەدىسنىڭ ھەسەنلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان دەرىجىدە ئازراق قاراش ئوخشاشماسلىقى بار.

(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 1469 -، 1470 - ھەدىسلەر.

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇپتەن نامىزىدا ‹تىن› سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان، مەن رەسۇلۇللاھتىنمۇ ئاۋازى چىرايلىق بىرەر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم»[1]. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۆلىمالار:«ئوقۇش بەك سوزۇلۇپ قىرائەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىسىلا قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇش مۇستەھەپ بولىدۇ، ئەگەر بەك سوزۇپ ھەرپ قوشۇپ قويسا ياكى ھەرپ چۈشۈرۈپ قويسا ھارام بولىدۇ» دېگەن.

ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش مەسىلىسىدە ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ بىر ئورۇندا:«مەكرۇھ» دېسە، يەنە بىر ئورۇندا:«مەكرۇھ ئەمەس» دېگەن.

شافىئىي ئۇستازلىرىمىز:«بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش يوق، بەلكى بۇ مەسىلە ئىزاھلاشقا موھتاج، ئەگەر بەك سوزۇپ ئوقۇپ چەكتىن ئېشىپ كەتسە مەكرۇھ، ئۇنداق بولمىسا مەكرۇھ ئەمەس» دېگەن.

قازىكالان[2] ماۋەردىي ئۆزىنىڭ «ئەلھاۋىي» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ناخشا ئاھاڭىدا قىرائەت قىلىش، قۇرئان كەلىمىلىرىگە خالىغان نەرسە (زىر - زەۋەر دېگەندەك) لەرنى كىرگۈزۈش ياكى چىقىرىۋېتىش، سوزۇپ ئوقۇلىدىغان جايلارنى سوزماسلىق ياكى سوزمايدىغان ئورۇنلارنى سوزۇش، بەزى كەلىمىلەر چىقماي قالىدىغان ياكى مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان دەرىجىدە بەك سوزۇپ ئوقۇشلار ئارقىلىق قۇرئان كەلىمىلىرىنى ئۆز قۇرۇلمىسىدىن چىقىرىۋېتىش قاتارلىقلار ھارام، بۇنداق ئوقۇغۇچى توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ گۇناھكار بولىدۇ، چۈنكى ئۇ قۇرئاننىڭ تۈز، داغدام يولىدىن چىقىپ ئەگرى - بۈگرى يوللارغا كىرىپ كەتكەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُرْآناً عَرَبِياًّ غَيْرَ ذِي عِوَجٍ﴾ يەنى ﴿قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئەگرىلىكتىن خالىيدۇر﴾(زۇمەر: 28). ئەگەر ئاھاڭ قۇرئان كەلىمىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمىسە ۋە تەرتىل بىلەن دانىمۇدانە ئوقۇشقا دەخلى يەتكۈزمىسە مۇباھتۇر. چۈنكى، قارى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش ئارقىلىق قۇرئاننى تېخىمۇ چىرايلىق ئوقۇغان بولىدۇ». مانا بۇ قازىكالاننىڭ سۆزى[3].

ھارام قىلىنغان ئاھاڭ بىلەن قۇرئان ئوقۇش بەزى نادان، جاھىل شۇنداقلا يىغىلىشلاردا ۋە ئۆلۈم پەتلىرىدە قۇرئان ئوقۇيدىغان، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئەخمەق كىشىلەر گىرىپتار بولۇۋاتقان چوڭ مۇسىبەتتۇر. بۇ ئوچۇق ھارام قىلىنغان بىدئەتتۇر. ئىمام ماۋەردىي دېگەندەك بۇنى ئاڭلىغۇچىمۇ، يوقىتىشقا ۋە توسۇشقا قادىر تۇرۇپ يوقاتمىغان ۋە توسمىغان كىشىمۇ گۇناھكار بولىدۇ. مەن بۇ بىدئەتنى يوقىتىشقا خېلى تىرىشىپ باقتىم. ئاللاھ بۇ بىدئەتنى يوقىتىش قولىدىن كېلىدىغان كىشىلەرنى بۇ بىدئەتنى

(1) «بۇخارىي»، 769 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 177 - ۋە 464 - ھەدىسلەر.
(2) باش قازى.
(3) «ئەلھاۋىي»، 21 - توم، 213 -، 214 - بەتلەر.

يوقىتىشقا مۇۋەپپەق قىلغاي ۋە ئۇ كىشىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

ئىمام شافىئىي «مۇختەسەرۇل مۇزەنىي» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەيدۇ: «قايسى شەكىلدە بولسۇن، ئاۋازنى گۈزەللەشتۈرسە بولىدۇ. مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىرائەت نورمال سۈرئەتتە، غەمكىن ئاۋازدا ئوقۇلغان قىرائەتتۇر»[1].

بۇ يەردىكى «نورمال سۈرئەت» بەك سوزماستىن، تېز ئوقۇشتۇر. غەمكىن ئاۋازدا ئوقۇش دېگەنلىك تەسىرلىك ئوقۇش دېگەنلىكتۇر. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئۆز سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلىشىچە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿**إِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ**﴾نى مەرسىيە ئوقۇغاندەك غەمكىن ئاۋازدا ئوقۇغان[2].

«سۈنەنى ئەبى داۋۇد»تا مۇنداق كەلگەن: ئىبنى ئەبى مۇلەيكە رەھىمەھۇللاھقا: «ئەگەر ئاۋازى چىرايلىق بولمىسا قانداق قىلىدۇ؟» دېيىلگەن ئىدى، ئۇ: «قولىدىن كېلىشىچە چىرايلىق ئوقۇشقا تىرىشىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى[3].

## ئاۋازى چىرايلىق كىشىلەرنى قىرائەت قىلدۇرۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى

102

سەلەف - سالىھلار ئاۋازى چىرايلىق قارىيلارغا قۇرئان ئوقۇتۇپ تىڭشايتتى. بۇ بىرلىككە كېلىنگەن مۇستەھەپ ئىشتۇر. شۇنداقلا ئىبادەتگۇيلار ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭ ئادىتىدۇر. ۋە يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سەھىھ ھالەتتە كەلگەن سۈننەتتۇر.

مەسىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بەرگىن، – دېدى. مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرئان سىلىگە چۈشكەن تۇرسا يەنە سىلىگە ئوقۇپ بېرەمدىمەن؟! – دېدىم. رەسۇلۇللاھ:

– مەن قۇرئاننى باشقىلاردىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن، – دېدى. مەن ئۇنىڭغا ‹نىسا› سۈرىسىنى ئوقۇپ بېرىپ ﴿**فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَىٰ هَـٰؤُلَاءِ شَهِيدًا**﴾ يەنى ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر پەيغەمبەرنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن ۋە سېنىمۇ ئۈممىتىڭگە گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا، ئەھۋال قانداق بولار؟﴾(نىسا: 41) دېگەن ئايەتكە

---

(1) «مۇختەسەرۇل مۇزەنىي»، 311 - بەت.

(2) ھافىز ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇل بارىي»، 9 - توم، 70 - بەتتە ئەبۇ داۋۇدقا مەنسۇپ قىلغان ۋە ھەسەن دەپ باھا بەرگەن.

(3) «ئەبۇ داۋۇد»، 1471 - ھەدىس.

كەلگەندە، ئۇ:

– توختا! – دېدى. قارىسام، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋېتىپتۇ»[1].

بۇ ھەدىسنى بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام دارىمىي ۋە باشقىلار ئۆز سەنەدلىرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغانكى، ئۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «بىزگە رەببىمىزنى ئەسلەتكىن» دېسە، ئەبۇ مۇسا ئۇنىڭغا قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى[2].

بۇ ھەقتىكى سەلەفلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە مەشھۇردۇر. نۇرغۇن سالىھ كىشىلەر ئۆزلىرى قۇرئان ئوقۇتقان كىشىلەرنىڭ قىرائىتىدىن تەسىرلىنىپ قازا قىلغان. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

بەزى ئۆلىمالار ھەدىس ئۆگىنىش سورۇنىنىڭ ئاۋازى چىرايلىق قارىنىڭ مەلۇم مىقداردىكى قىرائىتى بىلەن باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششىنى مۇستەھەپ دەپ قارىغان.

قارىي كىشى بۇنداق سورۇنلاردا سورۇنغا ماس، مۇۋاپىق قىرائەت قىلىشى، ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىش، دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ئاخىرەتكە تەرغىب قىلىش، ئاخىرەتكە تەييار تۇرۇش ۋە ئېسىل ئەخلاقتا ئۈندەش قاتارلىق ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەرنى قىرائەت قىلىشى لازىم.



## قىرائەتنى باشلىغان ۋە توختاتقاندا مەنىسىنى ئاساس قىلىش

قۇرئان ئوقۇغۇچى قىرائەتنى سۈرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلىغاندا ياكى سۈرە ئاخىرلاشماستىن توختاتقاندا، مەنە جەھەتتىن باغلىنىشلىق ئايەتلەرنىڭ بېشىدىن باشلىشى ھەم باغلىنىشلىق ئايەتلەر ئاخىرلاشقاندا ئاندىن توختىشى ۋە بەت، پارىلارغا ئېسىلىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى، بەت، پارىلار مەنە جەھەتتىن باغلىنىشلىق ئايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىدا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ﴿**وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ النِّسَاءِ**﴾(نىسا: 24، 5- پارە)، ﴿**وَمَا أُبَرِّئُ نَفْسِي**﴾(يۇسۇف: 53، 13- پارە)، ﴿**فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِ**﴾(نەمل: 56، 20- پارە)، ﴿**وَمَن يَقْنُتْ مِنكُنَّ لِلَّهِ وَرَسُولِهِ**﴾(ئەھزاب: 31، 22- پارە)، ﴿**وَمَا أَنزَلْنَا عَلَىٰ قَوْمِهِ مِن بَعْدِهِ مِن جُندٍ مِّنَ السَّمَاءِ**﴾(ياسىن: 28، 23- پارە)، ﴿**إِلَيْهِ يُرَدُّ عِلْمُ السَّاعَةِ**﴾(فۇسسىلەت: 47، 25- پارە)، ﴿**وَبَدَا لَهُمْ سَيِّئَاتُ مَا عَمِلُوا**﴾(جاسىيە: 33، 26 - پارە)، ﴿**قَالَ فَمَا خَطْبُكُمْ أَيُّهَا الْمُرْسَلُونَ**﴾(زارىئات: 31، 27- پارە) دېگەن پارىلەر مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ئايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ھىزبلەر[3]مۇ مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ئايەتلەرنىڭ

(1) «بۇخارىي»، 4582 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 800 - ھەدىس.
(2) «دارىمىي»، 3536 - ھەدىس؛ «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 163 - بەت. ئابدۇرراززاق: «ئەلمۇسەننەف»، 4180 - نومۇر.
(3) قۇرئان جەمئىي 60 ھىزبقا بۆلۈنىدۇ، يەنى ھەربىر پارە ئىككى ھىزبقا، ھەربىر ھىزب تۆت رۇبئىغا بۆلۈنىدۇ – ت.

ئوتتۇرىسىدىن باشلىنىدۇ. مەسىلەن، ﴿وَاذْكُرُوا اللَّهَ فِي أَيَّامٍ مَّعْدُودَاتٍ﴾(بەقەرە:203)، ﴿قُلْ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيْرٍ مِّن ذَٰلِكُمْ﴾(ئال ئىمران:15) (1) دېگەن ھىزبلەرگە ئوخشاش.

قىرائەتنى بۇنداق ئورۇنلاردىن باشلىماسلىق ۋە بۇنداق ئورۇنلاردا توختاتماسلىق لازىم. چۈنكى، بۇلار ئىلگىرىكى ئايەتلەرگە باغلىنىشلىقتۇر. ئى قارىي! سىز بۇ ئەدەب - قائىدىلەرگە رىئايە قىلمايدىغان، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلمايدىغان قارىيلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئالدانماڭ. كاتتا زات فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھمەھۇللاھنىڭ ھاكىم ئەبۇ ئابدۇللاھ سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ سۆزىگە ئەمەل قىلىڭ: «ماڭغۇچىلارنىڭ ئازلىقىدىن ھىدايەت يولىدا يالغۇزلۇق ھېس قىلما، ھالاك بولغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئالدانما»(2).

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلىمالار: «قىسقا سۈرىدىن بىرنى پۈتۈن ئوقۇش ئۇزۇن سۈرىدىن شۇ قىسقا سۈرىچىلىك مىقداردا ئوقۇغاندىن ئەۋزەل»، دەيدۇ. چۈنكى، ئايەتلەر ئارىسىدىكى مەنە جەھەتتىكى باغلىنىش بەزى كىشىلەرگە ئېنىق بولماي قېلىشى مۇمكىن.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلىدۇكى، مەشھۇر تابىئىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ھۇزەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ساھابىلەر ئايەتنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ، يەنە بىر قىسمىنى ئوقۇماسلىقنى يامان كۆرەتتى» دېگەن(3).



## قۇرئان ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ئەھۋاللار

قۇرئان ئوقۇش شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەڭ ياخشى ئىشتۇر. مەن بۇ ھالەتلەردىن ئېسىمگە كەلگەنلىرىنى دەلىللىرىنى بايان قىلماستىن قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمەن. چۈنكى، بۇنىڭ دەلىللىرى ناھايىتى مەشھۇردۇر.

ناماز ئىچىدە پەقەت قىيامدىلا قۇرئان ئوقۇشقا بولىدۇ. رۇكۇ، سەجدە، تەشەھھۇدلاردا قۇرئان ئوقۇش مەكرۇھتۇر(4).

---

(1) ئىمام نەۋەۋىينىڭ: «يىگىرمە ئالتىنچى پارە ﴿وَبَدَا لَهُمْ سَيِّئَاتُ مَا عَمِلُوا﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلىنىدۇ» دېگەن بۇ قارىشى بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، بۇ قاراش يىگىرمە ئالتىنچى پارە «ئەھقاف» سۈرىسىدىن يەنى ﴿حم تَنزِيلُ الْكِتَابِ مِنَ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلىنىدۇ دېگەن ئىمام ئەبۇ ئەمر ئەددانىي رەھمەھۇللاھنىڭ ۋە كۈنىمىزدىكى كۆپ قىسىم «قۇرئان»لارنىڭ تەرتىپىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ قاراشلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى ئىمام سەخاۋىي «جەمالۇلقۇررائى ۋەكامالۇل ئىقرائى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 - توم 148 - بېتىدە بايان قىلغان.

(2) بەيھەقى: «ئەززۇھدۇل كەبىر»، 24 - نومۇر.

(3) «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 189 - بەت؛ «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 7 - توم، 200 - بەت.

(4) ئىمام مۇسلىم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس بۇنىڭغا دەلىلدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ بىلەن سەجدىدە قۇرئان ئوقۇشۇمدىن توسقان». «مۇسلىم»، 480 - ھەدىس.

ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ «فاتىھە»دىن باشقا ئايەت ئوقۇشى مەكروھ بولىدۇ[1].

ھاجەتكە ئولتۇرغاندا، مۇگدەك باسقاندا ياكى قۇرئان ئوقۇشقا ئېغىزى قولاشماي قالغاندا، قۇرئان ئوقۇش مەكروھتۇر. ئىمامنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاۋاتقان كىشىنىڭ قۇرئان ئوقۇشىمۇ مەكروھتۇر، ئىمامنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلىيالمىسا مەكروھ ئەمەس، بەلكى مۇستەھەپتۇر. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالار تاللىغان توغرا قاراشتۇر[2]. تاۋۇسنىڭ مەكروھ دەپ قارايدىغانلىقى[3]، ئىبراھىم نەخەئىينىڭ بولسا مەكروھ ئەمەس دەپ قارايدىغانلىقى[4] رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ ئىككى زاتنىڭ سۆزىنى ئۇستازلىرىمىز بايان قىلغان شەكىلدە يۇقىرىقىدەك بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

تاۋاپ قىلىۋاتقاندا قۇرئان ئوقۇش مەكروھ ئەمەس. بۇ بىزنىڭ (يەنى شافىئىيلارنىڭ) ۋە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. ئىبنى مۇنزىر، ئەتا، مۇجاھىد، ئىبنى مۇبارەك، ئەبۇ سەۋر ۋە ھەنەفى مەزھىبى قاتارلىقلارنىڭمۇ مۇشۇ قاراشتا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[5].

ھەسەن ئەلبەسرىي، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير[6] ۋە ئىمام مالىكلارنىڭ تاۋاپ قىلىۋاتقاندا قۇرئان ئوقۇشنى مەكروھ دەيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. توغرىسى، ئاۋۋالقى قاراشتۇر. مۇنچىدا، يولدا ۋە ئېغىزدا مەينەت نەرسە بار تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش مەسىلىسىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.



---

(1) يۇقىرىقى ھۆكۈم شافىئىي مەزھەب بويىچە بولۇپ، ھەنەفىي مەزھەبتە ئىقتىدا قىلغۇچى ئۈنلۈك ۋە ئۈنسىز بارلىق نامازلاردا قۇرئان ئوقۇمايدۇ. بەدرۇددىن ئەلئەينىي، «ئەلبىنايە»، 2 - توم، 313 -، 314 - بەت – ت.

(2) ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس بۇنىڭغا دەلىلدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىرىڭلار كېچىسى نامازغا تۇرغاندا، ئېغىزى قىرائەتكە كەلمەي نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالسا ياتسۇن». «مۇسلىم»، 487 - ھەدىس.

(3) ئابدۇرراززاق: «ئەلمۇسەننەف»، 5378 - نومۇر.

(4) يۇقىرىقى كىتاب، 5374 - نومۇر.

(5) ئىمام شافىئىي «ئەلئۇم»، 115 - نومۇردا ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھتىن تاۋاپتا قۇرئان ئوقۇشنىڭ مەكروھ ئەمەسلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئوسمان ئىبنى ئەسۋەد مۇنداق دەيدۇ: «مەن شافىئىي ئۇستازلىرىمىزنىڭ تاۋاپتا مۇجاھىدقا قۇرئان ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمەن». بۇ ۋەقەلىكنى ئىبنى ئەبى شەيبە رىۋايەت قىلغان، «ئەلمۇسەننەف»، 4 - توم، 480 - بەت.

(6) ئىبنى ئەبى شەيبە «مۇسەننەف»نىڭ 4 - توم، 480 - بېتىدە: ھەسەن ئەلبەسرىي ۋە ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن تاۋاپتا قۇرئان ئوقۇشنىڭ مەكروھلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئىبنى قاسىم «ئەلمۇدەۋۋەنەتۇل كۇبرا»نىڭ 2 - توم، 47 - بېتىدە:«ئىمام مالىك : ‹تاۋاپتا قۇرئان ئوقۇش سۈننەتكە ئۇيغۇن ئەمەس› دېگەن» دەيدۇ.

## تىلاۋەت ئىشىدا چەكلىنىدىغان بىر قىسىم بىدئەتلەر

بەزى بىلىمسىز ئىماملار رامىزاننىڭ يەتتىنچى كېچىسى تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدە «ئەنئام» سۈرىسىنى ئوقۇيدۇ ۋە شۇنداق قىلىشنى «مۇستەھەپ» دەپ قارايدۇ. بۇ ئىش ئۇلارنى شەرىئەتتە بولمىغان مۇنداق بىرنەچچە ئىشنى تەڭ قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ:

1. شۇنداق قىلىشنى مۇستەھەپ دەپ ئېتىقاد قىلىش.

2. كۆپچىلىك كىشىلەرگە شۇنداق تۇيغۇ بېرىپ قويۇش.

3. ئىككىنچى رەكئەتنى بىرىنچى رەكئەتتىن ئۇزۇن ئوقۇش، چۈنكى، سۈننەت ئەسلىدە بىرىنچى رەكئەتنى ئۇزۇن ئوقۇشتۇر.

4. جامائەتلەرگە نامازنى بەك ئۇزۇن ئوقۇپ بېرىش.

بەزى بىلىمسىز ئىماملارنىڭ جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا مەقسەتلىك ھالدا «سەجدە» سۈرىسىدىكىدىن باشقا سەجدە ئايەتلىرى بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشىمۇ بىدئەتلەر جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، سۈننەت جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا بىرىنچى رەكئەتتە «سەجدە» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە «ئىنسان» سۈرىسىنى ئوقۇشتۇر[1]. 106

## دۇچ كېلىپ قالىدىغان بىر قىسىم ئالاھىدە مەسىلىلەر

1. قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا يەل قىستىسا، تولۇق چىقىرىۋېتىپ بولغانغا قەدەر قىرائەتنى توختىتىپ ئاندىن داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. بۇ گۈزەل ئەدەبتۇر. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ۋە باشقىلار ئەتادىن شۇنداق رىۋايەت قىلغان[2].

2. قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا ئەسنەك تۇتسا قىرائەتنى توختىتىپ ئەسنەپ بولغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. مۇجاھىد شۇنداق دېگەن ئىدى[3]. بۇمۇ ھەم گۈزەل ئەدەبتۇر. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىيدىن سەھىھ رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ بۇنىڭغا دەلىل

(1) ئىمام بۇخارىي بىلەن مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس بۇنىڭغا دەلىلدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا ‹سەجدە› سۈرىسى بىلەن ‹ئىنسان› سۈرىسىنى ئوقۇيتتى». «بۇخارىي»، 891 - ھەدىس. «مۇسلىم»، 880 - ھەدىس.

(2) فاكىھى: «ئەخبارۇمەككە»، 2021 - نومۇر؛ ئاجۇررىي: «قارىيلارنىڭ ئەدەبلىرى»، 75 - بەت.

(3) «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 118 - بەت؛ ئاجۇررىي: «قارىيلارنىڭ ئەدەبلىرى»، 75 - بەت.

بولالايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنى ئەسنەك تۇتسا قولى بىلەن ئېغىزىنى ئېتىۋالسۇن، بولمىسا، ئېغىزىغا شەيتان كىرىۋالىدۇ»[1]. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

3. ﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرٌ ابْنُ اللَّهِ﴾(تەۋبە: 30)، ﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ يَدُ اللَّهِ مَغْلُولَةٌ﴾(مائىدە: 64)، ﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَـٰنُ وَلَدًا﴾(مەريەم: 88) ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا ئاۋازنى پەسەيتىش لازىم. ئىبراھىم نەخەئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق قىلاتتى.

4. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد شەئبىيدىن زەئىپ سەنەد بىلەن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: شەئبىيدىن: ﴿إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ...﴾(ئەھزاب: 56) دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتامدۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

5. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىستە كەلگەندەك دېيىش مۇستەھەپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ‹تىين› سۈرىسىنى ئوقۇپ ﴿أَلَيْسَ اللَّهُ بِأَحْكَمِ الْحَاكِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھاكىملارنىڭ ھاكىمى ئەمەسمۇ؟﴾(تىن: 8) دېگەن ئايەتكە كەلگەندە ‹بَلَى وَأَنَا عَلَى ذَلِكَ مِنَ الشَّاهِدِينَ› (شۇنداق، مەن شۇنداق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن) دېسۇن». بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي زەئىپ سەنەد بىلەن بىر ئەئرابىي (يەنى سەھرالىق ئەرەب) دىن، ئەئرابىي ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان[3].



ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ۋە باشقىلار بۇ ھەدىستە ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىينىڭ رىۋايىتىگە قوشۇپ: «كىمكى ‹قىيامەت› سۈرىسىنى ئوقۇپ ﴿أَلَيْسَ ذَٰلِكَ بِقَادِرٍ عَلَىٰ أَن يُحْيِيَ الْمَوْتَىٰ﴾ ﴿ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان ئاللاھ) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟﴾(قىيامەت: 40) دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە: ‹شۇنداق، مەن شۇنداق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن› دېسۇن. ‹مۇرسەلات› سۈرىسىنى ئوقۇپ ﴿فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ﴾ يەنى ﴿(ئۇلار قۇرئانغا ئىشەنمىسە) باشقا قانداق سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴾(مۇرسەلات: 50) دېگەن ئايەتكە كەلگەندە: ‹ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم› دېسۇن» دەپ رىۋايەت قىلغان[4].

ئىبنى ئابباس، ئىبنى زۇبەير ۋە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ

---

(1) «مۇسلىم»، 2995 - ھەدىس.

(2) ئىبنى ئەبى شەيبە ئىبراھىم نەخەئىيدىنمۇ شۇنداقراق رىۋايەت قىلغان. «ئەلمۇسەننەف»، 2 - توم، 115 - بەت.

(3) «ئەبۇ داۋۇد»، 887 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 3347 - ھەدىس.

(4) بۇ رىۋايەت «سۈنەن ئەبى داۋۇد»نىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىلىرىدىمۇ مەۋجۇت، بۇ ھەدىسنى يەنە ئىمام ئەھمەد («ئەلمۇسنەد»، 2 - توم، 249 - ھەدىس)؛ ئابدۇررازاق («ئەلمۇسەننەف»، 4052 - ھەدىس) قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿الْأَعْلَى﴾ يەنى ﴿ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن﴾(ئەئلا: 1) ئايىتىنى ئوقۇسا، «سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى» (ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكتۇر) دەيتتى[1].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى ئوقۇسا ئۈچ قېتىم «سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى» دەيتتى[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازدا «بەنى ئىسرائىل» سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتىنى ئوقۇپ بولۇپ: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي لَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا﴾ يەنى ﴿جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان ئاللاھقا خاستۇر﴾(ئىسرا: 111) دېگەن ئىدى[3].

شافىئىي ئۇستازلىرىمىز ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى ئۈچ سۈرىنى نامازدا ئوقۇغان ۋاقىتتىمۇ شۇ سۆزلەرنى دېيىشنىڭ مۇستەھەپلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغان. بىز بايان قىلغان باشقا سۆزلەرنى قىلىش، شۇنداقلا شۇنىڭغا ئوخشىغان مەزمۇندىكى باشقا ئايەتلەردىمۇ ئۆز لايىقىدا شۇنداق سۆز قىلىش مۇستەھەپ بولىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## قۇرئان ئايەتلىرىنى ئادەتتىكى گەپ - سۆز قاتارىدا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى



ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد بۇ مەسىلىدە قاراش ئوخشاشماسلىقى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئىبراھىم نەخەئىينىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئادەتتىكى گەپ - سۆز قاتارىدا بىرەر ئىشقا قارىتىپ ئوقۇشنى مەكروھ، دەپ قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[4].
ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدە ناماز شامدا «تىين» سۈرىسىنى ئوقۇۋېتىپ ﴿وَهَـٰذَا الْبَلَدِ الْأَمِينِ﴾ يەنى ﴿ۋە بۇ تىنچ شەھەر (مەككە مۇكەررەمە) بىلەن قەسەمكى﴾(تىن: 3) دېگەن ئايەتكە كەلگەندە ئاۋازىنى كۆتۈردى[5].

ھۇكەيم ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزى ئوقۇۋاتاتتى، ھۆكۈم چىقارغۇچى (يەنى ئەلى ۋە مۇئاۋىيەلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچىلار)نىڭ بىرى كېلىپ: ﴿لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر شېرىك كەلتۈرسەڭ ئەمەللىرىڭ بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن

(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 883 - ھەدىس؛ «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 154 - بەت؛ «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 2 - توم، 391 -، 392 - بەتلەر.
(2) ئىمام سۇيۇتىي «چېچىلغان ئۈنچە - مارجانلار»، 8 - توم، 482 - بەتتە ئىبنى ئەبى شەيبەگە مەنسۇپ قىلغان.
(3) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 1 - توم، 403 - بەت.
(4) «سۈنەن بەيھەقىي»، 2 - توم، 245 - نومۇر؛ شافىئىي: «ئەلئۇم»، 3281 - نومۇر.
(5) ئىمام سۇيۇتىي «چېچىلغان ئۈنچە - مارجانلار»، 8 - توم، 482 - بەتتە ئەبد ئىبنى ھۇمەيدكە مەنسۇپ قىلغان.

ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن﴾(زۇمەر: 65) دېگەن ئىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازدا تۇرۇپ: ﴿**فَاصْبِرْ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ وَلَا يَسْتَخِفَّنَّكَ الَّذِينَ لَا يُوقِنُونَ**﴾ يەنى ﴿سەۋر قىل، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، (ئاخىرەتكە) ئىشەنمەيدىغانلار سېنى بىخۇد قىلىپ قويمىسۇن﴾(رۇم: 60) دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ جاۋاب قايتۇردى.

شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: بىرەرسى ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىسا، ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى: ﴿**ادْخُلُوهَا بِسَلَامٍ آمِنِينَ**﴾ يەنى ﴿ئامان - ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار!﴾(ھىجر: 46) دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ جاۋاب بەرگەن بولسا، ئەگەر شۇ ئايەت ئارقىلىق تىلاۋەتنى ياكى تىلاۋەت بىلەن بىرگە كىرىشكە رۇخسەت قىلغانلىقنى بىلدۈرۈشنى نىيەت قىلغان بولسا، نامىزى بۇزۇلمايدۇ. ئەگەر كىرىشكە رۇخسەت قىلغانلىقنىلا بىلدۈرمەكچى بولسا ياكى ھېچ نەرسىنى نىيەت قىلمىغان بولسا، نامىزى بۇزۇلىدۇ، دەيدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## قىرائەتنى ئۈزۈپ، توختاشقا بولىدىغان ئىشلار

مېڭىپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋېتىپ بىرەر جامائەتنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن بولسا، قىرائەتنى توختىتىپ ئۇلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن قايتىدىن باشلىشى مۇستەھەپتۇر. «أَعوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطانِ الرَّجيمِ»نى قايتىدىن ئوقۇپ باشلىسا تېخىمۇ ياخشىدۇر.

ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا يېنىدىن بىرى ئۆتكەن بولسا، ئىمام ئەبۇل ھەسەن ئەلۋاھىدى: «قارىي كىشى تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سالام قىلمىغان ياخشى، ئەگەر قارىيغا سالام قىلسا قارىي ئىشارەت بىلەن سالام قايتۇرسا بولىدۇ، ئەگەر سۆز ئارقىلىق قايتۇرماقچى بولسا، ئۇمۇ مەيلى، ئەمما، سالامنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تىلاۋەتنى ‹أَعوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطانِ الرَّجيمِ›دىن باشلاپ ئوقۇيدۇ»، دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئاجىز قاراشتۇر.

ئېنىقكى، سالامغا سۆز ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىپتۇر. شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: بىراۋ جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا كىرىپ سالام بەرسە، خۇتبىنى قۇلاق سېلىپ تىڭشاش سۈننەت دېگەن قاراش بويىچە ئېيتساق، بىزدىكى ئىككى قاراشنىڭ كۈچلۈكرەكىگە ئاساسەن، سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىپ، دەيدۇ. ئۇستازلىرىمىز جىم ئولتۇرۇشنىڭ ۋاجىپلىقىدا، گەپ قىلىشنىڭ ھاراملىقىدا ئىختىلاپ بولغان خۇتبە ھالىتىدە سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشتا شۇنداق دېگەن تۇرسا، گەپ قىلىش بىردەك ھارام بولمىغان قىرائەت ھالىتىدە سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئەلۋەتتە ۋاجىپ دەيدۇ، بولۇپمۇ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش ئومۇمەن ۋاجىپ ئىش. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر[1].

(1) «ئەلمەجمۇ»، 4 - توم، 441 - بەت.

قۇرئان ئوقۇۋېتىپ چۈشكۈرسە «اَلْحَمْدُ لِلَّهِ (ئەلھەمدۇلىللاھ)» دېيىش مۇستەھەپ. نامازدىمۇ ھەم شۇنداق. ناۋادا نامازنىڭ سىرتىدا قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا باشقىلار چۈشكۈرۈپ «اَلْحَمْدُ لِلَّهِ (ئەلھەمدۇلىللاھ)»، دېسە، «يَرْحَمُكَ اللّٰهُ (يەرھەمۇكەللاھ)» دېيىش مۇستەھەپتۇر. ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، قىرائەتنى توختىتىپ مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئەزان ۋە تەكبىر كەلىمىلىرىنى تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن قىرائەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ شافىئىي ئۇستازلىرىمىز ئارىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىدۇر.

قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا گەپ سورالسا، ئىشارەت ئارقىلىق چۈشىنىشلىك جاۋاب بېرىش مۇمكىن بولسا، ئىشارەت ئارقىلىق جاۋاب بەرسىمۇ سورىغۇچىنىڭ كۆڭلىگە كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئارىسىدىكى ئۈلپەتچىلىككە تەسىر يەتمەيدىغانلىقىنى بىلسە، قىرائەتنى ئۈزمەستىن ئىشارەت ئارقىلىق جاۋاب بېرىش ئەۋزەل. ئەمما، قىرائەتنى ئۈزۈپ سۆز ئارقىلىق جاۋاب بەرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## ئۆلىمالارغا، پەزىلەتلىك، سالىھ كىشىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى

قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا ئىلىملىك، سالىھ، يۈز - ئابرۇيلۇق، مويسىپىت، ئەمەل - مەنسىپى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقى سەۋەبىدىن ھۆرمىتىنى قىلىشقا لايىق پەزىلەتلىك كىشىلەر يېتىپ كەلسە، رىيا قىلىش ياكى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئەمەس، ھۆرمەتلەش، ئىززەتلەش يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ ھېچ خاتاسى يوق، بەلكى ئورنىدىن تۇرۇش مۇستەھەپتۇر. ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياكى سۈكۈت قىلىشى بىلەن ئىلىپ بېرىلغان ساھابىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، تابىئىنلارنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئۆلىمالار ۋە سالىھلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. 110

مەن «باشقىلارغا ئورنىدىن تۇرۇش» تېمىسىدا مەخسۇس بىر رىسالە يازدىم. بۇ رىسالىدە ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ مۇستەھەپلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ھەدىسلەرنىمۇ، چەكلەيدىغان ھەدىسلەرنىمۇ كەلتۈردۈم. ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ، زەئىپلىرىنى بايان قىلدىم. ئورنىدىن تۇرۇشنى ئەمەلىيەتتە چەكلىمەيدىغان، لېكىن چەكلىگەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدىغان ھەدىسلەرگە جاۋاب بېرىپ ئۆتتۈم. ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، مەن بۇ تېمىلارنى مەزكۇر رىسالىدە ئېنىق بايان قىلدىم. كىمكى بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەردىن بىرەرسىدە ئىككىلىنىپ قالسا مەزكۇر رىسالىگە مۇراجىئەت قىلسۇن! ئاللاھ خالىسا ئىككىلىنىشلەرنى يوقىتىدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى تاپالايدۇ[1].

(1) ئىمام نەۋەۋىينىڭ «مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى پەزىلەتلىك، يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇش رۇخسەت» ناملىق رىسالىسىنىڭ 34 – 54 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

## نامازدىكى قىرائەتكە ئالاقىدار مۇھىم مەسىلىلەر

مەن بۇ مەسىلىلەرنى ئىنتايىن قىسقا بايان قىلىپ ئۆتىمەن. چۈنكى، بۇ مەسىلىلەر فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

1. پەرز نامازلاردا قىرائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپ[1] ئىكەنلىكىدە بارلىق ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. ئىمام مالىك، شافىئىي، ئەھمەد ۋە كۆپچىلىك ئۆلىمالار ھەررەكئەتتە (يەنى پەرز نامازنىڭ – ت) «فاتىھە»نى ئوقۇش پەرز دېسە[2]، ئەبۇ ھەنىفە ۋە بىر قىسىم ئۆلىمالار «فاتىھە»نىڭ ئۆزىنى ئوقۇش پەرز ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەبۇ ھەنىفە يەنە (تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ – ت) كېيىنكى ئىككى رەكئەتتە قىرائەت قىلىش (يەنى ئايەت ئوقۇش – ت)ۋاجىپ ئەمەس، دەپ قارايدۇ[3].

توغرىسى، ئاۋۋالقى قاراشتۇر. بۇنىڭ دەلىللىرى ھەدىسلەردە ناھايىتى كۆپ. بىز سەھىھ ھەدىستە كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىش بىلەن بولدى قىلىمىز. ئۇ مۇنداق دېگەن: «‹فاتىھە› ئوقۇلمىغان ناماز ئادا تاپىقان بولمايدۇ»[4].

بارلىق ئۆلىمالار بامدات نامىزىنىڭ ئىككىلا رەكئىتىدە ۋە باشقا نامازلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە «فاتىھە»گە سۈرە قوشۇپ ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتتە سۈرە قوشۇپ ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكىدە بولسا ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھتىن ئىككى خىل قاراش كەلگەن: يېڭى قارىشى: سۈرە قوشۇش مۇستەھەپ. كونا قارىشى: مۇستەھەپ ئەمەس[5]. 

شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتتە سۈرە قوشۇپ ئوقۇش مۇستەھەپ دەپ قارىغىنىمىزدا، بۇ رەكئەتلەردە ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىكىدىن قىسقىراق سۈرە ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكىدە ئىختىلاپ يوق، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتتىكى قىرائەتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى تەڭ بولسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بىرىنچى رەكئەت ئىككىنچى رەكئەتتىن ئۇزۇنراق ئوقۇلامدۇ؟ بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل

---

(1) شافىئىي مەزھەبتە «ۋاجىپ» ئاتالغۇسى پەرزنىمۇ، ۋاجىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ – ت.

(2) ئىمام مالىكنىڭ مەزھەبى ئۈچۈن «شەرھۇ مۇختەسەرى خەلىل»، 1 - توم، 269 - بەت. ئىمام شافىئىينىڭ مەزھەبى ئۈچۈن «ئەلمەجمۇ»، 3 - توم، 306 - بەت. ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھەبى ئۈچۈن «ئەلمۇغنىي»، 1 - توم، 146 - بەتلەرگە قاراڭ.

(3) ئىمام مەرغىنانىي: «ئەلھىدايە»، 1 - توم، 173 – 175 - بەتلەر.

(4) «سەھىھۇ ئىبنى خۇزەيمە»، 490 - ھەدىس؛ «سەھىھۇ ئىبنى ھىببان»، 1789 - ھەدىس.

(5) ئىمام نەۋەۋىينىڭ «ئەلمىنھاج» ناملىق كىتابىنىڭ 98 - بېتىگە قارالسۇن .

قاراش بار. كۆپچىلىك شافىئىي ئۇستازلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە «ئۇزۇن ئوقۇلمايدۇ» دېگەن قاراش توغرىراق. مۇھەققىق ئالىملار نەزەرىدە، توغرىسى «ئۇزۇن ئوقۇلىدۇ» دېگەن قاراشتۇر. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى رەكئەتتە ئىككىنچى رەكئەتتىكىدىن ئۇزۇنراق قىرائەت قىلاتتى»[1] دېگەن سەھىھ ھەدىسكە ئاساسەن مۇشۇ قاراش تاللىنىدۇ.

بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى شۇكى، نامازغا سەل كېيىن قالغان كىشى بىرىنچى رەكئەتكە ئۈلگۈرۈۋالالايدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر[2].

ئىمام شافىئىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «نامازغا كېچىكىپ ئۈلگۈرگەن كىشى ئىمام بىلەن بىرگە پېشىن ياكى باشقا نامازلارنىڭ كېيىنكى ئىككى رەكئىتىنى ئوقۇپ بولۇپ، قېپقالغان رەكئىتىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، ‹فاتىھە›گە سۈرە قوشۇپ ئوقۇشى مۇستەھەپتۇر»[3].

كۆپچىلىك شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: بۇ ئىمام شافىئىي رەھمەھۇللاھنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتتە سۈرە قوشۇپ ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكىدىكى ئىككى خىل قارىشىغا ئاساسەن دېيىلگەن ھۆكۈم، دېسە، يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار: بۇ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتتە سۈرە قوشۇش مۇستەھەپ دېگەن يېڭى قارىشىغا ئاساسەن دېيىلگەن. سۈرە قوشۇش مۇستەھەپ ئەمەس دېگەن كونا قارىشىغا ئاساسەن نامازغا كېچىكىپ ئۈلگۈرگەن كىشى سۈرە قوشمايدۇ، دەيدۇ. توغرىسى، نامىزى سۈرە قوشۇلماي ئوقۇلغان بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سۈرە قوشۇپ ئوقۇيدۇ دېگەن بىرىنچى قاراشتۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. بۇلار ئىمام ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ «فاتىھە» ئوقۇش ۋە سۈرە قوشۇشتىكى ھۆكۈملىرىدۇر[4]. 112

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىغا كەلسەك، ئەگەر ئۈنسىز قىرائەت قىلىنىدىغان ناماز بولسا «فاتىھە» ئوقۇشى ۋاجىپ، سۈرە قوشۇشى بولسا مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان ناماز بولۇپ ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىسا، سۈرە قوشۇپ ئوقۇشى مەكرۇھتۇر[5]. «فاتىھە» ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقىدا ئىككى خىل كۆزقاراش بار: بىرى، ۋاجىپ[6]. بۇ ئەڭ توغرا قاراشتۇر. يەنە بىرى، ۋاجىپ ئەمەس.

ئەگەر ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىمىسا، توغرا قاراش شۇكى، «فاتىھە» ئوقۇش ۋاجىپ، سۈرە قوشۇش مۇستەھەپ. بەزىلەر «فاتىھە» ئوقۇش ۋاجىپ ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

---

(1) «بۇخارىي»، 759 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 451 - ھەدىس.
(2) «ئەلۋەسىيت»، 2 - توم، 122 - بەت؛ «ئەلمەجمۇ»، 3 - توم، 341 - بەت .
(3) «ئەلئۇم»، 178 - بەت.
(4) «ئەلمەجمۇ»، 3 - توم، 342 - بەت؛ «تۇھفەتۇل موھتاج»، 1 - توم، 53 - بەت.
(5) ئىمام ئىبنى ھەجەر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھارام بولىدۇ دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈلگەن ئەھۋالدا، دېگەن قاراش تاللىنىدۇ» («تۇھفەتۇل موھتاج»، 2 - توم، 54 - بەت).
(6) شافىئىي مەزھەبتە «ۋاجىپ» ئاتالغۇسى پەرزنىمۇ، ۋاجىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەنە بەزىلەر «فاتىھە»نى ئوقۇش ۋاجىپ، سۈرە قوشۇپ ئوقۇش مۇستەھەپ ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر[1].

جىنازا نامىزىنىڭ بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن «فاتىھە» ئوقۇش ۋاجىپ[2].

نەپلە نامازدا «فاتىھە»نى ئوقۇش زۆرۈر، ھۆكمدە شافىئىي ئۇستازلىرىمىز ئارىسىدا قاراش ئوخشاشماسلىقى بار. قەففال: ۋاجىپ، دېسە، شاگىرتى قازى ھۈسەيىن: شەرت، دەيدۇ. باشقىلار بولسا: «بِسْمِ اللَّهِ» رۇكن (ئاساس)، دەيدۇ. بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر[3].

يۇقىرىقى ئورۇنلاردا «فاتىھە» ئوقۇيالمايدىغان كىشى ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئايەتلەرنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىمۇ ئوقۇيالمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ مىقداردا زىكىر، تەسبىھ ۋە تەھلىل ئېيتىدۇ. بۇنىمۇ ئېيتالمايدىغان بولسا، «فاتىھە» ئوقۇغانچىلىك مىقداردا جىم تۇرۇۋېتىپ ئاندىن رۇكۇغا بارىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر[4].

## بىر رەكئەتتە بىر قانچە سۈرە ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

113 بىر رەكئەتتە بىر قانچە سۈرە ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ. «سەھىھەين»دە رىۋايەت قىلىنىدىكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەملەپ ئوقۇيدىغان تەڭ ھەجىملىك سۈرىلەرنى بىلىمەن» دېدى ۋە قىسقا سۈرىلەردىن ھەربىر رەكئەتكە ئىككىدىن جەمئىي يىگىرمە سۈرىنى تىلغا ئالدى[5].

بىز ئىلگىرى سەلەفلەردىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى بىر رەكئەتتە تامام قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق[6].

(1) «ئەلمەجمۇ»، 3 - توم، 311 - بەت؛ «تۇھفەتۇل موھتاج»، 2 - توم، 54 - بەت.

(2) ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھىبىدە، جىنازا نامىزىدا «فاتىھە» ئوقۇش ۋاجىپ ئەمەس. ھەنەفىي مەزھىبىدە، دۇئا نىيىتىدە ئوقۇسا بولىدۇ. مالىكىي مەزھىبىدە، مەكروھ ياكى ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بار. ئىككىلا مەزھەبتە، بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىلىدۇ. ئىمام مالىك نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىنازا نامىزىدا قۇرئان ئوقۇمايتتى» («مۇۋەتتا مالىك»، 19 - نومۇر). ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «جىنازا نامىزى دۇئادۇر. جىنازا نامىزىدا ‹فاتىھە› ئوقۇش بىزنىڭ شەھىرىمىز (مەدىنە مۇنەۋۋەر) دە يوق ئىدى» («مەۋاھىبۇل جەلىل»، 2 - توم، 215 - بەت. «بەدائىئۇسسەنائى»، 1 - توم، 314 - بەت) — ت.

(3) «ئەلمەجمۇ»، 3 - توم، 273 - بەت.

(4) «ئەلمەجمۇ»، 3 - توم، 330 - بەت؛ «تۇھفەتۇل موھتاج»، 2 - توم، 45 — 49 - بەتلەر.

(5) «بۇخارىي»، 4996 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 822 - ھەدىس. بۇ سۈرىلەرنىڭ ئىسىملىرى «ئەبۇ داۋۇد»، 1396 - ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان.

(6) مەزكۇر كىتاب، 79 - بەتكە قاراڭ.

## نامازدا ئۈنلۈك ۋە ئۈنسىز قىرائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

مۇسۇلمانلار بامدات، جۈمە، ئىككى ھېيت، تەراۋىھ، تەراۋىھتىن كېيىنكى ۋىتىر قاتارلىق نامازلاردا ۋە شام، خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشنىڭ مۇستەھەپلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. بۇ نامازلاردا ئۈنلۈك قىرائەت قىلىش ئىمام ئۈچۈنمۇ ۋە يالغۇز ئوقۇشقا بولىدىغانلىرىدا يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇستەھەپتۇر. ئەمما، ئىقتىدا قىلغۇچى ئۈنلۈك قىرائەت قىلمايدۇ. بۇ مەسىلىدە بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن.

ئاي تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان نامازدا ئۈنلۈك قىرائەت قىلىش سۈننەت. سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىدا ئۈنلۈك قىرائەت قىلسا بولىدۇ.

كۈن تۇتۇلۇش نامىزى، كۈندۈزى ئوقۇلىدىغان جىنازا نامىزى ۋە كۆچلۈك قاراشقا ئاساسلانغاندا، كېچىدە ئوقۇلىدىغان جىنازا نامىزى قاتارلىقلاردا ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنمايدۇ.

بىر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ھېيت نامىزى ۋە سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىدىن باشقا كۈندۈزدە ئوقۇلىدىغان نەپلە نامازلاردىمۇ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنمايدۇ.

كېچىنىڭ نەپلە نامازلىرىدا ئۈنلۈك قىرائەت قىلىش ياكى قىلماسلىقتا شافىئىي ئۆلىمالىرى ئارىسىدا قاراش ئوخشاش ئەمەس:

1. ئۈنلۈك قىرائەت قىلمايدۇ. بۇ ئەڭ كۈچلۈك قاراشتۇر.

2. ئۈنلۈك قىرائەت قىلىدۇ.

3. ئۈنلۈكمۇ ئەمەس، ئۈنسىزمۇ ئەمەس، نورمال ئاۋازدا قىرائەت قىلىدۇ[1]. بۇ ئىمام بەغەۋىي توغرا تاپقان قاراشتۇر.

مۇبادا كېچە نامازلىرىدىن بىرەرسىنى ئوقۇيالماي قېلىپ كۈندۈزى ئۇنىڭ قازاسىنى قىلماقچى بولسا ياكى كۈندۈز نامازلىرىدىن بىرەرسىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ كېچىسى قازاسىنى قىلماقچى بولسا، ئۈنلۈك ۋە ئۈنسىز قىرائەت قىلىش مەسىلىسىدە قولدىن

(1) ئەزرەئىي مۇنداق دەيدۇ: «‹ئوتتۇرھال ئوقۇش›تىن يېنىدىكى كىشى ئاڭلىغۇدەكلا ئاۋازدا ئوقۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئىسرا» سۈرىسى، 110 - ئايەتتىكى ﴿وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا﴾ يەنى ﴿نامىزىڭدا قىرائەتنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ، پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن﴾ دېگەن كۆرسەتمىمۇ بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ» دەيدۇ. ئىمام نەۋەۋىي «پەتىۋالار» ناملىق كىتابىنىڭ 46 - بېتىدە: «تەھەججۇد نامىزىدا ئەڭ ياخشىسى يۇقىرىمۇ ئەمەس، پەسمۇ ئەمەس، ئوتتۇرھال ئاۋازدا قىرائەت قىلغان ياخشى. بۇ ئەڭ توغرا قاراشتۇر. يەنە بىر قاراشتا: يۇقىرىقى شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئۈنلۈك ئوقۇش ئەۋزەل، دېيىلگەن» دېگەن ۋە كېچىدىكى نامازدا ئوتتۇرھال ئاۋازدا ئوقۇشنى تاللىغان.

كەتكەن ۋاقىت ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ ياكى قازاسىنى قىلغان ۋاقىتمۇ؟

بۇ مەسىلىدە شافىئىي ئۇستازلىرىمىزنىڭ قارىشى ئىككى خىل. كۈچلۈك قاراش بولسا «قازاسىنى قىلغان ۋاقىت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دېگەن قاراشتۇر.

ناۋادا ئۈنسىز ئوقۇيدىغان يەردە ئۈنلۈك ياكى ئۈنلۈك ئەكسىچە ئوقۇغان بولسىمۇ نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن مەكروھ ئىش قىلغان بولىدۇ. بىراق، سەھۋ سەجدىسى كېرەك بولمايدۇ[1].

ئېنىق بولۇشى كېرەككى، قىرائەت، تەكبىر، زىكىر - تەسبىھ قاتارلىقلارنى ئۈنسىز ئوقۇش دېگەنلىك ئۆزى ئاڭلىغۇدەك ئوقۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇلىقى ساغلام، توسالغۇ بولمىغان ئەھۋالدا ئۆزى ئاڭلىغۇدەك تەلەپپۇز قىلىش زۆرۈر. ئەگەر ئۆزى ئاڭلىمىسا قىرائىتىمۇ، زىكىر - تەسبىھلىرىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئىختىلاپ يوقتۇر.

## ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمام يەككىل توختايدىغان ئورۇنلار



شافىئىي ئۇستازلىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمامنىڭ قىيامدا تۇرغاندا تۆت ئورۇندا يەككىل توختىشى مۇستەھەپتۇر:

1. «قىبلىگە يۈزلىنىش دۇئاسى[2]»نى ئوقۇۋېلىشى ۋە ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ نامازغا كىرىش تەكبىرىنى ئېيتىۋېلىشى ئۈچۈن، نامازغا كىرىش تەكبىرىدىن كېيىن بىر توختاش[3].

2. كىشىلەرنىڭ «ئامىن»نى «فاتىھە»گە تەۋە ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن «فاتىھە» بىلەن «ئامىن»نىڭ ئارىسىدا يەككىل بىر توختاش.

3. «ئامىن»دىن كېيىن جامائەت «فاتىھە»نى ئوقۇۋالغۇدەك ئۇزۇنراق بىر

---

(1) يۇقىرىقى ھۆكۈم شافىئىي مەزھەب بويىچە بولۇپ، ھەنەفىي مەزھەبتە ئىمامنىڭ ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلارنى ئۈنلۈك، ئۈنسىز ئوقۇلىدىغان نامازلارنى ئۈنسىز ئوقۇشى ۋاجىپ. ئەكسىچە ئوقۇغان ئەھۋالدا سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىشى لازىم بولىدۇ. (ئىمام مەرغىينانىي، «ئەلھىدايە»، 1 - توم، 74 - بەتكە قاراڭ) – ت.

(2) شافىئىي مەزھەبتە «قىبلىگە يۈزلىنىش دۇئاسى (دعاء التوجه)» مۇنداق: «وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا وما أنا من الْمُشْرِكِينَ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لَا شَرِيكَ له وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وأنا من الْمُسْلِمِينَ (مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن. نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن شۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسى مەن)» («مۇسلىم»، 771 - ھەدىس).

(3) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تەكبىر ئېيتىپ بولۇپ يەككىل توختايتتى» («بۇخارىي»، 744 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 598 - ھەدىس).

توختاش[1].

4. «فاتىھە»دىن كېيىنكى سۈرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر توختاپ، قىرائەت بىلەن رۇكۇغا بېرىش تەكبىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش.

## «آمين»نىڭ مەنىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

ھەربىر قۇرئان ئوقۇغۇچىنىڭ نامازدا بولسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا بولسۇن، «فاتىھە»نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «ئامىن» دېيىشى مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ ۋە مەشھۇردۇر[2].

بىز ئىلگىرىكى پاراگرافتا «فاتىھە» بىلەن «ئامىن»نىڭ ئارىسىنى يەڭگىل بىر توختاش ئارقىلىق ئايرىشنىڭ مۇستەھەپلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەندۇق.

«ئامىن»نىڭ مەنىسى «ئى ئاللاھ! ئىجابەت قىلغىن» دېگەنلىك بولىدۇ. بەزىلەر: «شۇنداق بولغاي» دېگەنلىك بولىدۇ، دېسە، بەزىلەر: «شۇنداق قىلغىن» دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدۇ، يەنە بەزىلەر: «بۇنىڭغا سەندىن باشقىسى قادىر بولالمايدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ، دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۈمىدلىرىمىزنى يوققا چىقارمىغايسەن» دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «بىزگە تىنچ - ئامانلىق ئاتا قىلغىن» دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «ئامىن» ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە باسىدىغان مۆھۈرى بولۇپ، ئاللاھ بۇ مۆھۈر بېسىلغان بەندىلىرىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «ئامىن» شۇ كەلىمىنى دېگەنلەر ئېرىشىدىغان جەننەتتىكى بىر مەرتىۋە، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: ئۇ ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى، دەيدۇ. لېكىن، بۇ قاراشنى مۇھەققىقلار ۋە كۆپچىلىك ئۆلىمالار رەت قىلىدۇ.

يەنە بەزىلەر بولسا: «ئامىن» ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن ئىبرانىيچە سۆزدۇر، دەيدۇ.

ئەبۇبەكرى ئەلۋەرراق: «ئامىن» دۇئانىڭ ۋە رەھمەت تىلەپ ئېرىشىشنىڭ ئېنېرگىيىسىدۇر، دەيدۇ.

«ئامىن» سۆزى بىرنەچچە خىل شەكىلدە ئوقۇلىدۇ. ئۆلىمالار تۆۋەندىكى تۆت خىل

116

(1) ئەبۇ داۋۇد (779 - ھەدىس)، تىرمىزىي (251 - ھەدىس) ۋە باشقىلارنىڭ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قېتىم – بىر قېتىم نامازغا كىرىش تەكبىرىنى ئېيتقاندا، يەنە بىر قېتىم «فاتىھە»نى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن – توختىغانلىقىنى ئېسىدە ساقلىۋالغان.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمام: ﴿غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾، دېسە، ‹ئامىن› دەڭلار، كىمنىڭ ‹ئامىن› دېيىشى پەرىشتىلەرنىڭ ‹ئامىن› دېيىشىگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ» («بۇخارىي»، 782 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 410 - ھەدىس).

شەكلنى بايان قىلغان.

1. «ئامىن»دىكى «ئەلىف»نى سوزۇپ «مىيم»نى يېنىك ئوقۇش. بۇ ئەڭ توغرا ئوقۇش شەكلىدۇر.

2. «ئەلىف»نى سوزۇماستىن ئوقۇش. بۇ ئىككىنچى مەشھۇر بولغان ئوقۇش شەكلىدۇر.

3. زەۋەرنى زىرغا مايىللاشتۇرۇپ سوزۇپ ئوقۇش. بۇنى ۋاھىدىي ھەمزە بىلەن كىسائىيدىن رىۋايەت قىلغان.

4. «ئەلىف»نى سوزۇپ «مىيم»نى تەشدىدلىك قىلىپ «ئاممىين» دەپ ئوقۇش. بۇنى ۋاھىدىي ھەسەن (ئەلبەسرىي) بىلەن ھۈسەيىن ئىبنى فەزلدىن رىۋايەت قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بۇ رىۋايەتنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندا، ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ «ئاممىين»نىڭ مەنىسى «ئۈمىدلىرىمىزنى ساڭا باغلىدۇق، سەن ئۈلۈغدۇرسەن، ئۈمىدلىرىمىزنى يوققا چىقارمىغىن» دېگەن بولىدۇ، دېگەن سۆزىگە بارىدۇ.

بۇ تۆتىنچىسى تولىمۇ غەيرىي بولۇپ، كۆپچىلىك تىلشۇناسلار بۇنداق ئوقۇشنى ئاۋام خەلقنىڭ خاتالىقلىرى جۈملىسىدىن، دەپ قارايدۇ. بەزى شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: «ئامىين»نى مۇشۇ تۆتىنچى خىل شەكىلدە دېسە، نامىزى بۇزۇلىدۇ، دەيدۇ [1].

117

تىلشۇناسلار: ئەرەب تىلى قائىدىسى بويىچە «ئامىن» دەپ توختاش لازىم. چۈنكى «آمين» دېگەن بۇ كەلىمە ئىملىق سۆزلەر ئورنىدىدۇر. ئەگەر توختىماي قوشۇپ ئوقۇسا ئىككى ساكىن بىر ئورۇندا كېلىپ قالىدىغان بولغانلىقتىن «أيْنَ»، «كَيْفَ» كەلىمىلىرىگە ئوخشاش «نۇن»نى زەۋەر ئوقۇيدۇ. «يا» ھەرپىدىن كېيىن زىر ئوقۇش تىلغا ئېغىر بولغاچقا زىر ئوقۇمايدۇ، دەيدۇ.

بۇلار «ئامىن» دېگەن سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ خۇلاسىسىدۇر. «تەھزىبۇلئەسمائى ۋەللۇغات (ئىسىم ۋە سۆزلۈكلەرنى تۈزىتىش)» ناملىق كىتابىمدا بۇ ھەقتىكى كۆپلىگەن قاراشلارنى دەلىل - ئىسپاتلىرى بىلەن ئەكىلىپ تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتۈم[2].

ئۆلىمالار: نامازدا ئىمامىنىڭمۇ، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭمۇ ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭمۇ «ئامىن» دېيىشى مۇستەھەپ. ئىمام ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا «ئامىن»نى ئۈنلۈك دەيدۇ، دېگەن.

---

(1) شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن ھافىز ئىبنى ھەجەر بىلەن قەليۇبىي قاتارلىقلار: نامىزى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا دۇئا مەنىسى بار، دەيدۇ.

(2) «تەھزىبۇلئەسمائى ۋەللۇغات (ئىسىم ۋە سۆزلۈكلەرنى تۈزىتىش)»، 3 - توم، 12 – 14 - بەتلەر.

ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئۈنلۈك دېيىشىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار:

1. ئۈنلۈك دەيدۇ. بۇ توغرا بولغان قاراشتۇر.

2. ئۈنلۈك دېمەيدۇ.

3. جامائەت كۆپ بولسا، ئۈنلۈك دەيدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئۈنلۈك دېمەيدۇ.

ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامدىن بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئىمام بىلەن تەڭ «ئامىن» دەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىستىكى مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئىمام ﴿وَلَا الضَّالِّينَ﴾، دېسە، ‹ئامىن› دەڭلار، بىر كىشىنىڭ ‹ئامىن› دېيىشى پەرىشتىلەرنىڭ ‹ئامىن› دېيىشىگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ»[1].

ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىستىكى: «ئىمام ‹ئامىن› دېسە، سىلەرمۇ ‹ئامىن› دەڭلار» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى بولسا «ئىمام ‹ئامىن› دېيىشكە تەمشەلگىنىدە» دېگەنلىك بولىدۇ[2].

شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: نامازدا ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمام بىلەن تەڭ دېيىشى مۇستەھەپ بولغان «ئامىن»دىن باشقا سۆز يوقتۇر. «ئامىن»دىن باشقا سۆزلەرنى ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامدىن كېيىن دەيدۇ، دېگەن.



## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ھۆكمى

تىلاۋەت سەجدىسى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئەمەللەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئۆلىمالار تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەن. ئەمما، بۇ يەردىكى بۇيرۇق مۇستەھەپلىكنى بىلدۈرەمدۇ ياكى ۋاجىپلىقنىمۇ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار: ۋاجىپ ئەمەس، بەلكى مۇستەھەپ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئىبنى ئابباس، سالمان فارسىي، ئىمران ئىبنى ھۇساين، مالىك، ئەۋزائىي، شافىئىي، ئەھمەد، ئىسھاق، ئەبۇ سەۋر، داۋۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قارىشىدۇر.

ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ: «ۋاجىپ» دەيدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ يېنىدا قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟﴾(ئىنشىقاق: 20 ـ 21) دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىدۇ.

---

(1) «بۇخارىي»، 782 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 410 - ھەدىس.

(2) «بۇخارىي»، 780 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 410 - ھەدىس.

كۆپچىلىك ئالىملار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەھىھ رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ۋەقەلىكنى دەلىل قىلىدۇ: «بىر جۈمە كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە تۇرۇپ ‹نەھل› سۈرىسىنى ئوقۇپ سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە، مۇنبەردىن چۈشۈپ سەجدە قىلىشۇدى، كىشىلەرمۇ بىللە سەجدە قىلدى. كېيىنكى جۈمە كۈنى يەنە شۇ سۈرىنى ئوقۇپ سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە: ‹ئى خالايىق! بىز سەجدە ئايىتىنى ئوقۇساق سەجدە قىلغان كىشى توغرا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر سەجدە قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ› دېدى ۋە ئۆزى سەجدە قىلمىدى»[1]. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزى ۋە ھەرىكىتى تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر.

ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ دەلىل قىلغان ئايەتكە بېرىدىغان جاۋابىمىز بولسا ئېنىقتۇر. بۇ ئايەتتە كافىرلارنىڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلىپ سەجدە قىلمىغانلىقى ئەيىبلەنگەن. بۇنى ئاللاھنىڭ سەجدە ئايىتىدىن كېيىنكى: ﴿**بَلِ الَّذِينَ كَفَرُوا يُكَذِّبُونَ**﴾ ﴿بەلكى كافىرلار (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىدۇ﴾ (ئىنشىقاق:22) دېگەن سۆزىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

«سەھىھەين»دە زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «نەجم» سۈرىسىنى ئوقۇپ بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلمىغان[2].



يەنە «سەھىھەين»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «نەجم» سۈرىسىدە سەجدە قىلغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنغان[3]. بۇ تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## سەجدە ئايەتلىرىنىڭ سانى ۋە ئورۇنلىرى

سەجدە ئايەتلىرىنىڭ سانى ئىمام شافىئىي ۋە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ بىز تاللىغان قارىشىچە ئون تۆت بولۇپ، ئۇلار: «ئەئراف»، «رەئد»، «نەھل»، «ئىسرا»، «مەريەم» سۈرىلىرىدە، «ھەج» سۈرىسىدە ئىككى ئورۇندا، يەنە «فۇرقان»، «نەمل»، «سەجدە»، «فۇسسىلەت»، «نەجم»، «ئىنشىقاق»، «ئەلەق» قاتارلىق سۈرىلەردىدۇر.

«ساد» سۈرىسىدىكى سەجدە ئايىتىدە سەجدە قىلىش مۇستەھەپ بولۇپ، ئۇ سەجدە قىلىش كەسكىن بۇيرۇلغان ئايەتلەردىن ئەمەس. «سەھىھۇل بۇخارىي»دا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ساد» سۈرىسىدىكى سەجدە ئايىتى سەجدە

(1) «بۇخارىي»، 1077 - ھەدىس.

(2) «بۇخارىي»، 1072 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 577 - ھەدىس.

(3) «بۇخارىي»، 1070 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 576 - ھەدىس.

قىلىش ۋاجىپ بولغان ئايەتلەردىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ساد» سۈرىسىنى ئوقۇغاندا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرگەن[1]. بۇ ئىمام شافىئىي قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر[2].

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھمۇ سەجدە ئايەتلىرى ئون تۆت دەيدۇ، لېكىن ئۇ «ھەج» سۈرىسىدىكى ئىككىنچى سەجدە ئايىتىنىڭ ئورنىغا «ساد» سۈرىسىدىكى سەجدە ئايىتىنى ھېسابلايدۇ ۋە ئۇنى سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولغان ئايەتلەر قاتارىغا قوشىدۇ[3].

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھتىن ئىككى خىل رىۋايەت بار: بىرى، ئىمام شافىئىينىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش. يەنە بىرى، «ساد» سۈرىسىدىكى سەجدە ئايىتىنى قوشۇپ، سەجدە ئايەتلىرى ئون بەش دەپ قاراش. بۇ ھەم شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇل ئابباس ئىبنى سۈرەيج ۋە ئەبۇ ئىسھاق ئەلمەرۋەزىيىنىڭمۇ قارىشىدۇر.

ئىمام مالىكتىنمۇ ئىككى خىل رىۋايەت بار بولۇپ، بىرى، ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىغا ئوخشاش، ئەمما، مەشھۇر قارىشىدا بولسا، سەجدە ئايەتلىرى ئون بىر ئايەت، دەيدۇ. ئۇ «ھەج» سۈرىسىنىڭ ئىككىنچى سەجدە ئايىتىنى ۋە «نەجم»، «ئىنشىقاق»، «ئەلەق» سۈرىلىرىدىكى سەجدە ئايەتلىرىنى ھېسابلىمايدۇ. بۇ ھەم ئىمام شافىئىينىڭ ئىلگىرىكى يەنە بىر قارىشىدۇر.

توغرا بولغان قاراش بىز ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدۇر. سەھىھ ھەدىسلەر شۇنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.



سەجدە ئايەتلىرىنىڭ ئورۇنلىرىغا كەلسەك، «ئەئراف» سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى، «رەئد» سۈرىسىنىڭ ﴿بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ﴾ دېگەن ئايىتى، «نەھل» سۈرىسىنىڭ ﴿وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾ دېگەن ئايىتى، «ئىسرا» سۈرىسىنىڭ ﴿وَيَزِيدُهُمْ خُشُوعًا﴾ دېگەن ئايىتى، «مەريەم» سۈرىسىنىڭ ﴿خَرُّوا سُجَّدًا وَبُكِيًّا﴾ دېگەن ئايىتى، «ھەج» سۈرىسىنىڭ بىرىنچى سەجدە ئايىتى ھېسابلانغان ﴿إِنَّ اللَّهَ يَفْعَلُ مَا يَشَاءُ﴾ دېگەن ئايىتى، ئىككىنچى سەجدە ئايىتى ھېسابلانغان ﴿وَافْعَلُوا الْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ دېگەن ئايىتى، «فۇرقان» سۈرىسىنىڭ ﴿وَزَادَهُمْ نُفُورًا﴾ دېگەن ئايىتى، «نەمل» سۈرىسىنىڭ ﴿رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ﴾ دېگەن ئايىتى، «سەجدە» سۈرىسىنىڭ ﴿وَهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ﴾(سەجدە: 15) دېگەن ئايىتى، «فۇسسىلەت» سۈرىسىنىڭ ﴿وَهُمْ لَا يَسْأَمُونَ﴾ دېگەن ئايىتى، «نەجم» سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى، «ئىنشىقاق» سۈرىسىنىڭ ﴿لَا يَسْجُدُونَ﴾ دېگەن ئايىتى ۋە «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدۇر.

سەجدە ئايەتلىرىنىڭ ئورۇنلىرى توغرىسىدا «فۇسسىلەت» سۈرىسىنىڭ ئايىتىدىن

---

(1) «بۇخارىي»، 1069 - ھەدىس.

(2) «ئەلمەجمۇ»، 4 - توم، 66 - بەت.

(3) «ئەلھىدايە»، 1 - توم، 197 - بەت.

باشقىلىرىدا تىلغا ئالغۇدەك ئىختىلاپ يوق. «فۇسسىلەت» سۈرىسىدىكى سەجدە ئايىتىدە ئىمام شافىئىي ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ﴿وَهُمْ لَا يَسْأَمُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىن كېيىن سەجدە قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەم سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن، ئەبۇ ۋائىل شەقىق ئىبنى سەلەمە، سۇفيان سەۋرى، ئەبۇ ھەنىفە، ئەھمەد ۋە ئىسھاق ئىبنى راھەۋەيھ قاتارلىقلارنىڭمۇ قارىشىدۇر[1].

باشقا ئۆلىمالار: ئاللاھ تائالانىڭ ﴿إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾ دېگەن سۆزىدىن كېيىن سەجدە قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى ئىبنى مۇنزىر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەسەن ئەلبەسرىي[2]، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاگىرتلىرى، ئىبراھىم نەخەئىي، ئەبۇ سالىھ، تەلھە ئىبنى مۇسەررىف، زۇبەيد ئىبنى ھارىس، مالىك ئىبنى ئەنەس ۋە لەيس ئىبنى سەئىد[3] قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان، بۇ يەنە بەزى شافىئىي ئۆلىمالىرىنىڭمۇ قارىشىدۇر. بۇنى بەغەۋىي «ئەتتەھزىب» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان[4].

شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى سەئىد ئەلئەبدەرىينىڭ «ئەلكىفايە فى ئىختىلافىل فۇقەھا» ناملىق كىتابىدىكى: «بىزنىڭ قارىشىمىزدا ‹نەمل› سۈرىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَيَعْلَمُ مَا تُخْفُونَ وَمَا تُعْلِنُونَ﴾ دېگەن سۆزىدە سەجدە قىلىنىدۇ. بۇ كۆپچىلىك فەقىھلەرنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام مالىك بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ﴾ دېگەن سۆزىدە سەجدە قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭ بىزنىڭ (شافىئىيلارنىڭ) ۋە كۆپچىلىك فەقىھلەرنىڭ قارىشى دەپ كەلتۈرگەن بۇ نەقلى نامەلۇم ھەمدە مەقبۇل ئەمەس. بەلكى شافىئىي مەزھەبكە بۇنداق بايانلارنى سۆرەپ كىرىش ئوپئوچۇق خاتا. چۈنكى، قولىمىزدىكى شافىئىي ئۇستازلىرىمىزنىڭ كىتابلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ﴿رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ﴾ دېگەن سۆزىدە سەجدە قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇرماقتا.



## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ھۆكمى نەپلە نامازنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا نەپلە نامازغا شەرت قىلىنغاندەك تاھارەت ئېلىش، نىجاسەتلەردىن پاكلىنىش، قىبلىگە يۈزلىنىش، ئەۋرەتنى يېپىش قاتارلىقلار شەرت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەدىنى

(1) شافىئىي مەزھىبىنىڭ قاراشلىرى ئۈچۈن «ئەلمەجمۇ»، 4 - توم، 67 - بەتكە، ھەنەفىي مەزھىبى ئۈچۈن «ئەلھىدايە»، 1 - توم، 197 - بەتكە، ھەنبەلىي مەزھىبى ئۈچۈن «ئەلمۇغنىي»، 2 - توم، 357 - بەتكە قاراڭ.

(2) ئابدۇرراززاق: «ئەلمۇسەننەف»، 5878 - نومۇر.

(3) مالىك ئىبنى ئەنەس ۋە لەيس ئىبنى سەئىدنىڭ قارىشىنى بىلىش ئۈچۈن «ئەلمۇدەۋۋەنەتۇل كۇبرا»، 1 - توم، 110 - بەتكە قاراڭ.

(4) «ئەتتەھزىب فى فىقھىش شافىئىي»، 2 - توم، 179 - بەت

ياكى كىيىمدە پاكىزلىمسا بوپتۇ دەۋېتىلمەيدىغان نىجاسەت بار كىشىنىڭ ۋە تاھارەتسىز كىشىنىڭ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشى ھارامدۇر. پەقەتلا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولىدىغان ئەھۋاللاردا تەيەممۇم قىلىپ تىلاۋەت سەجدىسى قىلسا بولىدۇ.

قىبلىگە يۈزلەنمەستىن تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشمۇ ھارامدۇر. پەقەتلا سەپەردە قىبلىگە يۈزلەنمەستىن، نەپلە ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدىغان ئەھۋاللاردا قىبلىگە يۈزلەنمەستىن تىلاۋەت سەجدىسى قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. بۇ بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىدۇر.

## نامازدا سەجدە قىلىش كەسكىن ۋاجىپ بولمىغان ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا سەجدە قىلىشنىڭ ھۆكمى

«ساد» سۈرىسىدىكى سەجدە ئايىتىنى سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولغان ئايەتلەر جۈملىسىدىن دەپ قارايدىغان ئۆلىمالار:«بۇ ئايەتنى نامازدا ياكى نامازنىڭ سىرتىدا ئوقۇسۇن باشقا سەجدە ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا سەجدە قىلغانغا ئوخشاش سەجدە قىلىشى لازىم» دەيدۇ. ئەمما «ساد» سۈرىسىدىكى سەجدە ئايىتىنى سەجدە قىلىش كەسكىن بۇيرۇلغان ئايەتلەردىن ئەمەس، دەپ قارايدىغان ئىمام شافىئىي قاتارلىق ئۆلىمالار:«بۇ ئايەتنى ناماز سىرتىدا ئوقۇسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغانلىقى ئۈچۈن سەجدە قىلىش مۇستەھەپ بولىدۇ، ئەمما، ناماز ئىچىدە ئوقۇسا، سەجدە قىلسا بولمايدۇ. ئەگەر بىلمەي ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ سەجدە قىلىپ سالسا، نامىزى بۇزۇلمايدۇ» دەيدۇ. ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ سەجدە قىلغان بولسا، نامازغا نامازغا تەۋە بولمىغان بىر ئەمەلنى قوشۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نامىزى خۇددى نامازدا تۇرۇپ شۈكرى سەجدىسى قىلسا نامىزى ئىختىلاپسىز ھالدا بۇزۇلۇپ كەتكەنىدەك بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ شافىئىي مەزھەبتىكى توغرا قاراشتۇر.

يەنە بىر خىل قاراشتا:«تىلاۋەت سەجدىسى نامازغا ئالاقىدار ئەمەل بولغانلىقى ئۈچۈن، نامىزى بۇزۇلمايدۇ» دېيىلگەن.

ناۋادا ئىمام «ساد» سۈرىسىدىكى سەجدە ئايىتىنى سەجدە قىلىش كەسكىن بۇيرۇلغان ئايەتلەردىن دەپ قاراپ سەجدە قىلسا، ئىقتىدا قىلغۇچى ئۇنداق دەپ قارىمىسا، ئىمامغا ئەگەشمەيدۇ، بەلكى ئىمامدىن ئايرىلىپ نامىزىنى يالغۇز داۋاملاشتۇرىدۇ ياكى ئۆرە تۇرۇپ ئىمامنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىمامنى كۈتۈپ تۇرسا، سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلامدۇ؟ بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار. شافىئىي مەزھەبتىكى كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن، سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلمايدۇ.

122

## تىلاۋەت سەجدىسى قىلىدىغان كىشىلەر

نامازدا ياكى نامازنىڭ سىرتىدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان، تىڭشىغان ياكى ئىختىيارسىز ئاڭلاپ قالغان بولسا سۈ ئىشلىتىپ ياكى تەيەممۇم قىلىپ تاھارەت ئالغان كىشى سەجدە قىلىشى كېرەك بولىدۇ. لېكىن، ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ:«ئىختىيارسىز ئاڭلاپ قالغان كىشىنىڭ سەجدە قىلىشىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ سەجدە قىلىشىنى تەكىتلىگىنىمدەك تەكىتلىمەيمەن» دەيدۇ. بۇ شافىئىي مەزھەبتىكى توغرا قاراشتۇر.

شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن ئىمامۇل ھەرەمەين ئەلجۇۋەينىي:«ئىختىيارسىز ئاڭلاپ قالغان كىشى سەجدە قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ. لېكىن، ئاۋۋالقىسى شافىئىي مەزھەبتىكى توغرا قاراشتۇر.

سەجدە ئايىتى نامازدا ئوقۇلسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا ئوقۇلسۇن، ئوقۇغۇچى سەجدە قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، تىڭشىغان ۋە ئىختىيارسىز ئاڭلاپ قالغان كىشىلەر سەجدە قىلىشى لازىم. بۇ شافىئىي ئۆلىمالىرىنىڭ نەزىرىدىكى توغرا، مەشھۇر قاراشتۇر. بۇ ھەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭمۇ قارىشىدۇر.

123

شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن «ئەلبەيان» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى:«سەجدە ئايىتىنى نامازدا ئوقۇغان كىشىنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىغان نامازنىڭ سىرتىدىكى كىشى سەجدە قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ[1].

شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن سەيدەلانىي مۇنداق دەيدۇ:«سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغۇچى سەجدە قىلمىسا، باشقىلار سەجدە قىلمايدۇ» توغرىسى، ئاۋۋالقى قاراشتۇر.

تىلاۋەت قىلغۇچى مۇسۇلمان ياكى كافىر بولسۇن، بالاغەتكە يەتكەن ياكى نارەسىدە بولسۇن، تاھارەتلىك ياكى تاھارەتسىز بولسۇن، ئەر ياكى ئايال بولسۇن ھۆكۈم ئوخشاشتۇر. بۇ ھەم ئەبۇ ھەنىفىنىڭمۇ قارىشىدۇر[2].

بەزى شافىئىي ئۇستازلىرىمىز:«سەجدە ئايىتىنى كافىر، كىچىك بالا، تاھارەتسىز كىشى، مەس قاتارلىقلار ئوقۇسا ئاڭلىغان كىشى سەجدە قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ.

بىر قىسىم سەلەف ئۆلىمالىرى:«سەجدە ئايىتىنى ئايال كىشى ئوقۇسا ئاڭلىغان كىشى سەجدە قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ قاراشنى ئىبنى مۇنزىر قەتادە، مالىك،

---

(1) «ئەلبەيان»، 2 - توم، 288 - بەت.

(2) ھەنەفىي مەزھىبى ئۈچۈن «ئەلھىدايە»، 1 - توم، 197 - بەت؛ «ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن»، 2 - توم، 104 - بەتلەرگە قاراڭ.

ئىسهاقلاردىن رىۋايەت قىلغان[1]. بىز ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، توغرىسى، ئاۋۋالقى قاراشتۇر.

## سەجدە ئايىتى بار جايىنىلا تاللاپ ئوقۇش

بۇ بىر ياكى ئىككى ئايەتنىلا ئوقۇپ سەجدە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى مۇنزىر شەئبىي، ھەسەن ئەلبەسرىي، ئىبنى سىيرىن، نەخەئىي، ئەھمەد، ئىسهاق قاتارلىقلارنىڭ بۇنداق قىلىشنى مەكرۇھ، دەپ قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[2].

ئەبۇ ھەنىفە، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن، ئەبۇ سەۋر قاتارلىقلار ھېچقىسى يوق، دەپ قارايدۇ. بۇ بىزنىڭ مەزھىبىمىزگە ئۇيغۇندۇر[3].

## نامازدىكى تىلاۋەت سەجدىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر

124

يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان بولسا سەجدە قىلىدۇ. مۇبادا تىلاۋەت سەجدىسىنى شۇ ۋاقىتتا قىلماي، رۇكۇ قىلغاندىن كېيىن قىلماقچى بولسا، دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلغان بولسا نامىزى بۇزۇلىدۇ. ئەگەر رۇكۇغا ئېگىلىپتۇ - يۇ، ئەمما، رۇكۇغا تولۇق بېرىپ بولالمىغان بولسا، تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. يالغۇز ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى يەنە بىر نامازدىكى كىشىنىڭ ياكى باشقا بىر كىشىنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ سەجدە قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سەجدە قىلغان بولسا، نامىزى بۇزۇلىدۇ.

نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇغان مەزكۇر كىشى ئىمام بولغان بولسا جامائەت بولۇپ ئوقۇلغان بۇ نامازنىڭ ھۆكمى يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئىمام تىلاۋەت سەجدىسى قىلسا، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭمۇ ئىمام بىلەن بىرگە سەجدە قىلىشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئىقتىدا قىلغۇچى سەجدە قىلمىسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئىمام سەجدە قىلمىسا، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ سەجدە قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئىقتىدا

---

(1) ئىبنى مۇنزىر: «ئەلئەۋسەت»، 5 - توم، 286 - بەت. مالىكىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ ئاڭلىغۇچىغا تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاجىب بولۇشى ئۈچۈن قويىدىغان شەرتلىرى پەرقلىق بولۇپ، بۇنى بىلىش ئۈچۈن «ئەششەرھۇل كەبىر»، 1 - توم، 307 - بەتكە مۇراجىئەت قىلىڭ.

(2) ئىبنى مۇنزىر: «ئەلئەۋسەت»، 5 - توم، 280 - بەت؛ «ئەلمۇغنىي»، 2 - توم، 370 - بەت.

(3) ھەنەفىي مەزھىبى ئۈچۈن «بەدائىئۇسسەنائى»، 1 - توم، 449 - بەت؛ «ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن»، 2 - توم، 119 - بەتكە، شافىئىي مەزھىبى ئۈچۈن «ئەلمەجمۇ»، 4 - توم، 81 - بەتكە مۇراجىئەت قىلىڭ.

قىلغۇچى سەجدە قىلىپ قالسا، نامىزى بۇزۇلىدۇ. لېكىن، ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ سەجدە قىلىۋېتىشى مۇستەھەپ، ئەمما، چوقۇم قىلىشى لازىم ئەمەس.

ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامنىڭ تىلاۋەت سەجدىسى قىلغانلىقىنى بىلمەي قېلىپ، ئىمام سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغان بولسا، ئىقتىدا قىلغۇچى سەجدە قىلماسلىقتا ئۆزرىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ئالدىغا سەجدە قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئىمامنىڭ سەجدىگە بارغانلىقىنى ئىمام تىلاۋەت سەجدىسى قىلىۋاتقاندا بىلگەن بولسا، سەجدە قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. مۇبادا ئىقتىدا قىلغۇچى سەجدىگە ئېگىلىۋاتقاندا، ئىمام سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈۋاتقان بولسا، بېشىنى كۆتۈرمەي ئىمام بىلەن بىللە سەجدە قىلىۋېرىشى دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنداقلا ئىمام بىلەن بىللە سەجدىگە بارغان تېنى ئاجىز كىشىمۇ ئىمامنىڭ ھەرىكىتى چاققان، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولغانلىقتىن سەجدىگە بېرىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئىمام بېشىنى كۆتۈرگەن بولسا، تىلاۋەت سەجدىسى قىلماستىن ئىمام بىلەن بىللە قايتىدۇ.

ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچى سەجدە ئايىتىنى ئۆزى ئوقۇغان ياكى ئىقتىدا قىلىۋاتقان ئىمامدىن باشقا كىشىنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسا، سەجدە قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سەجدە قىلسا نامىزى بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ سەجدە ئايەتلىرىنى ئوقۇشى ياكى ئىمامدىن باشقىلارنىڭ قىرائىتىگە قۇلاق سېلىشى مەكرۇھتۇر.



## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى

ئۆلىمالار: «ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان سەجدە ئايىتى ئاخىرلاشقان ھامان سەجدە قىلىدۇ. ئەگەر سەجدە قىلىشنى كېچىكتۈرگەن، ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كەتمىگەن بولسا، سەجدە قىلىدۇ. ئەگەر ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، سەجدىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. خۇددى ‹كۈن تۇتۇلۇش› نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلمىغاندەك، شافىئىي مەزھىبىدىكى سەھىھ، مەشھۇر قاراشقا ئاساسلانغاندا، قازاسىنى قىلمايدۇ» دەيدۇ. بەزى ئۇستازلىرىمىز:«بۇ مەسىلىدە بامدات، پېشىن قاتارلىق نامازلارنىڭ سۈننىتىنىڭ قازاسىنى قىلغاندەك، بۇ سەجدىنىڭمۇ قازاسىنى قىلىدۇ دەيدىغان ئاجىز بىر قاراشمۇ بار» دېگەن.

سەجدە ئايىتىنى تاھارەتسىز ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي تاھارەت ئالغان بولسا سەجدە قىلىدۇ، ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، شافىئىي مەزھەبتىكى كۆپچىلىك ئالىملار تاللىغان توغرا قاراشتا سەجدىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. «سەجدە قىلىدۇ» دەيدىغان يەنە بىر قاراش بولۇپ، بۇ شافىئىي ئۇستازلىرىمىزدىن ئىمام بەغەۋىينىڭ تاللىشىدۇر.

بەغەۋي رەھىمەھۇللاھ: «ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ مۇئەززىن بىلەن بىللە ئەزان كەلىمىلىرىنى تەكرارلىيالمىغان كىشى نامازدىن كېيىن تەكرارلىغاندەك، تىلاۋەت سەجدىسىنىمۇ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ۋاقت ئۇزىراپ كەتسىمۇ قازاسىنى قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

بۇ يەردىكى ۋاقىتنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى شافىئىي مەزھەبتىكى تاللانغان قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۆرپ - ئادەتكە قاراپ بېكىتىلىدۇ[1]. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## سەجدە ئايەتلىرىنى تەكرار ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر سەجدە ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر نەچچىسىنى بىر ئورۇندا ئوقۇغان بولسا، ھەربىر سەجدە ئايىتى ئۈچۈن بىر سەجدە قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ يوق. بىر سەجدە ئايىتىنى بىرنەچچە ئورۇندا تەكرار ئوقۇغان بولسا، ھەربىر قېتىم ئوقۇغىنى ئۈچۈن بىردىن سەجدە قىلىدۇ. بۇمۇ ھەم ئىختىلاپ يوق مەسىلىدۇر. ئەگەر بىر سەجدە ئايىتىنى بىر ئورۇندا تەكرار ئوقۇغان بولسا ۋە بىرىنچى قېتىم ئوقۇغاندا سەجدە قىلمىغان بولسا، ئاخىرىدا قىلغان بىر سەجدە ھەممىگە كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر تۇنجى قېتىملىقى ئۈچۈن سەجدە قىلغان بولسا، بۇنىڭدا ئۈچ خىل قاراش بار:

1. ئالدىنقىسىنىڭ ھۆكمىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەۋەب يېڭىلانغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر قېتىم سەجدە ئايىتىنى تەكرار ئوقۇسا بىردىن سەجدە قىلىدۇ. بۇ ئەڭ توغرا بولغان قاراشتۇر.

2. بىرىنچى سەجدە ھەممىگە كۇپايە قىلىدۇ. بۇ ئىبنى سۇرەيج ۋە ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھلارنىڭ قارىشىدۇر[2]. شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن «ئەلئۇددە» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى: مۇشۇ قاراش بويىچە پەتىۋا بېرىلىدۇ، دەيدۇ. بۇ ھەم شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن زاھىد شەيخ نەسر ئەلمەقدىسىينىڭمۇ تاللىشىدۇر.

3. ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە سەجدە قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، بىرىنچى سەجدە كۇپايە قىلىدۇ.

بىر سەجدە ئايىتىنى بىر رەكئەتتە تەكرار ئوقۇغان بولسا، بىر سەجدە ئايىتىنى بىر ئورۇندا تەكرار ئوقۇغانغا ئوخشاش بۇ ھەقتە ئۈچ خىل قاراش بار. ئەگەر ئىككى رەكئەتتە تەكرار ئوقۇغان بولسا، ئىككى ئورۇندا تەكرار ئوقۇغانغا ئوخشاش تەكرار سەجدە قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ يوق.



(1) شافىئىي ئالىملار ۋاقىتنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىنى نورمال سۈرئەتتە ئىككى رەكئەتتە ناماز ئوقۇۋالغۇدەك ۋاقت ئۆتۈش، دەپ بېكىتكەن.

(2) «ئەلھىدايە»، 1 - توم، 197 - بەت؛ «ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن»، 2 - توم، 114 - بەت.

## ئۇلاغقا مىنگەن كىشىنىڭ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشىنىڭ ھۆكمى

سەپەردە ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان بولسا، ئىشارەت بىلەن سەجدە قىلسا بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ۋە ئىمام مالىك، ئەبۇ ھەنىفە، ئەبۇ يۈسۈف، مۇھەممەد، ئەھمەد، زۇفەر، داۋۇد – رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىم ئەجمەئىين – قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر[1].

بەزى ھەنەفىي ئۆلىمالىرى سەجدە قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. توغرىسى، كۆپچىلىكنىڭ قارىشىدۇر.

ئەمما، يۇرت ئىچىدە ئۇلاغقا مىنىپ كېتىۋېتىپ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئىشارەت بىلەن سەجدە قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

## سەجدە ئايىتىنى نامازدا ئۆز ئورنىدىن باشقا ئورۇنلاردا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر سەجدە ئايىتىنى نامازدا «فاتىھە» دىن بۇرۇن ئوقۇپ سالغان بولسىمۇ سەجدە قىلىشى لازىم. ئەمما، رۇكۇدا ياكى سەجدىدە ئوقۇغان بولسا، سەجدە قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، قىرائەتنىڭ ئورنى قىيامدۇر.

ناۋادا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدىگە كېتىۋېتىپ «فاتىھە»نى ئوقۇغان - ئوقۇمىغانلىقىدا شەكلىنىپ قالغان بولسا، سەجدە قىلىۋېرىدۇ، كېيىن قىيامغا قايتىپ، «فاتىھە»نى ئوقۇيدۇ. چۈنكى، تىلاۋەت سەجدىسىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

## سەجدە ئايىتىنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

مۇبادا سەجدە ئايىتىنىڭ فارسچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغان بولسا، بىزنىڭ (يەنى شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ) قارىشىمىزدا خۇددى سەجدە ئايىتىنى تەپسىر قىلغانغا ئوخشاش سەجدە قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھ:«سەجدە قىلىش لازىم» دەيدۇ[2].

(1) شافىئىي مەزھىبى ئۈچۈن «ئەلمەجمۇ»، 4 - توم، 81 - بەتكە، ھەنەفىي مەزھىبى ئۈچۈن «ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن»، 2 - توم، 106 - بەتكە، مالىكىي مەزھىبى ئۈچۈن «مەۋاھىبۇل جەلىل»، 2 - توم، 60 - بەتكە، ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىبى ئۈچۈن «كەششافۇل قىنا»، 1 - توم، 304 - بەتكە قاراڭ.

(2) «ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن»، 2 - توم، 105 - بەت.

## سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغۇچىنىڭ سەجدىسى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ سەجدىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يوقلۇقى

سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىغۇچى سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغۇچى بىلەن سەجدە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا باغلانمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىشنى نىيەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرسە بولىدۇ.

## ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇشىنىڭ ھۆكمى

بىزنىڭ (شافىئىيلارنىڭ) قارىشىمىزدا قىرائەت ئۈنلۈك قىلىنىدىغان نامازلاردا بولسۇن ياكى ئۈنسىز قىلىنىدىغان نامازلاردا بولسۇن، ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتى ئوقۇشى مەكرۇھ ئەمەس. ئىمام قاچان سەجدە ئايىتى ئوقۇسا، شۇ چاغدا سەجدە قىلىدۇ. ئىمام مالىك: ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتى ئوقۇشى ئۈنلۈك ياكى ئۈنسىز قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا مەكرۇھ، دەيدۇ[1].

128

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئىمام ئەھمەد: قىرائەت ئۈنسىز قىلىنىدىغان نامازلاردا مەكرۇھ، ئۈنلۈك قىلىنىدىغان نامازلاردا مەكرۇھ ئەمەس، دەيدۇ [2].

## ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنىڭ ھۆكمى

بىز (يەنى شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر) ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش مەكرۇھ ئەمەس، دەپ قارايمىز. بۇ شەئبىي، ھەسەن ئەلبەسرىي، سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ، قاسىم، ئەتا، ئىكرىمە[3]، ئەبۇ ھەنىفە، رەي ئەھلى قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر[4]. بۇ ئىمام مالىكنىڭمۇ بىر قارىشىدۇر[5].

بۇنى يەنە بىر توپ ئۆلىمالار مەكرۇھ، دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ

---

(1) يەنى قىرائەت ئۈنلۈك قىلىنىدىغان نامازلاردا بولسۇن ياكى ئۈنسىز قىلىنىدىغان نامازلاردا بولسۇن ھەممىسىدە مەكرۇھ. بۇ پەرز نامازلارنىڭ گېپى، ئەمما نەپلە نامازلاردا مەكرۇھ ئەمەس. «ئەششەرھۇل كەبىر»، 1 - توم، 310 - بەتكە قاراڭ.

(2) ھەنەفىي مەزھىبى ئۈچۈن «بەدائىئۇسسەنائى»، 1 - توم، 192 - بەت. ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىبى ئۈچۈن «كەششافۇل قىنا»، 1 - توم، 449 - بەتكە قاراڭ.

(3) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 1 - توم، 467 – 468 - بەتلەر.

(4) «ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن»، 1 - توم، 373 - بەت.

(5) ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئەلئىستىزكار»، 8 - توم، 110 - بەت.

ئىبنى ئۆمەر[1]، سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئىسھاق ئىبنى راھەۋەيھـ، ئەبۇ سەۋر قاتارلىقلار بار. بۇ ئىمام مالىكنىڭ يەنە بىر قارىشىدۇر[2].

## رۇكۇنىڭ تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغانلىقى

سەجدە قىلىش ئىمكانىيىتى بار بولغان نورمال ئەھۋالدا، رۇكۇ تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ. بۇ بىزنىڭ ۋە كۆپلىگەن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھـ:«رۇكۇ تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ» دەيدۇ[3].

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى بولسا، تىلاۋەت سەجدىسىنى نامازنىڭ سەجدىسىگە قىلغان قىياس بولۇپ، سەجدە قىلالمايدىغانلار نامازنىڭ سەجدىسىنى بىرئاز ئېگىلىپ قىلغاندەك تىلاۋەت سەجدىسىنىمۇ بىرئاز ئېگىلىپ قىلسا بولىدۇ[4].

## تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ئۇسۇلى



شۇنىسى ئېنىقكى، تىلاۋەت سەجدىسى قىلماقچى بولغان كىشى يا نامازنىڭ ئىچىدە، يا نامازنىڭ سىرتىدا بولىدۇ.

نامازنىڭ سىرتىدا سەجدە ئايىتى ئوقۇغان كىشى سەجدە قىلماقچى بولسا، تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ ۋە سەجدىنى باشلاش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىدۇ. تەكبىر بىلەن تەڭ نامازنىڭ تەكبىر تەھرىيمىسى (باشلاش تەكبىرى) دە كۆتۈرگەندەك قوللىرىنى ئىككى مۈرىسى باراۋىرىدە كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەجدىگە چۈشۈش ئۈچۈن يەنە تەكبىر ئېيتىدۇ. بۇ تەكبىردە قوللىرىنى كۆتۈرمەيدۇ. ئىككىنچى تەكبىر مۇستەھەپ، شەرت ئەمەس، بۇ تەكبىرنىڭ ھۆكمى نامازنىڭ (تەكبىر تەھرىيمىدىن باشقا) تەكبىرلىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئەمما، بىرىنچى تەكبىر (يەنى تەكبىر تەھرىيمە) توغرىسىدا شافىئىي ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ئۈچ خىل قاراش بار:

(1) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 1 - توم، 468 - بەت.

(2) «مۇۋەتتا مالىك»، 1 - توم، 207 - بەت.

(3) «ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن»، 2 - توم، 111 - بەت.

(4) ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبى ئۈچۈن «ئەششەرھۇل كەبىر»، 1 - توم، 312 - بەتكە، ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىبى ئۈچۈن «كەششافۇل قىنا»، 1 - توم، 447 - بەتكە قاراڭ.

بىرىنچىسى: ئۇ رۇكنىدۇر، ئۇنىڭسىز سەجدە توغرا بولمايدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، كۈچلۈك قاراشتۇر.

ئىككىنچىسى: مۇستەھەپ. ناۋادا ئۇ تەكبىر چۈشۈرۈلمەي قالسىمۇ، سەجدە دۇرۇس بولۇۋېرىدۇ. بۇ شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد ئەلجۇۋەينىينىڭ قارىشىدۇر.

ئۈچىنچىسى: مۇستەھەپ ئەمەس. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئەگەر سەجدە قىلماقچى بولغان كىشى ئۆرە تۇرۇۋاتقان كىشى بولسا، ئۆرە تۇرغان ھالىتىدە سەجدىنى باشلاش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەجدىگە چۈشۈۋېتىپ يەنە تەكبىر ئېيتىدۇ. ئەگەر ئولتۇرغان كىشى بولسا، بىر قىسىم شافىئىي ئۇستازلىرىمىز:«ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى مۇستەھەپ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەسلىدە ئۆرە تۇرۇپ تىلاۋەت سەجدىسى قىلماقچى بولغان كىشىگە ئوخشاش تەكبىر ئېيتىپ، سەجدىگە بارىدۇ» دەيدۇ. بۇ قاراشنىڭ دەلىلى: تىلاۋەت سەجدىسىنى نامازنىڭ سەجدىسى ۋە تەكبىر تەھرىيمىسىگە قىلىنغان قىياستۇر[1].

شافىئىي ئۇستازلىرىمىزنىڭ كاتتىلىرىدىن شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد ئەلجۇۋەينىي، قازى ھۈسەين ۋە ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى «ئەتتەتىممە» ۋە «ئەتتەھزىب» ناملىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپلىرى ۋە مۇھەققىق ئىمام ئەبۇل قاسىم رافىئىي قاتارلىقلار بۇنى ئوچۇق سۆزلىگەن ۋە مۇقىملاشتۇرغان، ئىمامۇل ھەرەمەين (ئىككى ھەرەم ئىمامى ئەلجۇۋەينى) دادىسى شەيخ ئەبۇ مۇھەممەدتىن بۇ قىياسنى رىۋايەت قىلىپ بولۇپ، رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ قىياسنىڭ مەنبەسىنىمۇ، كىتابلاردا زىكىر قىلىنغانلىقىنىمۇ كۆرمىدىم». ئىمامۇل ھەرەمەيننىڭ بۇ سۆزى ناھايىتى كۈچلۈك سۆزدۇر. چۈنكى، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ ۋە بىز ئەگەشكەن سەلەفتىنمۇ ھېچقانداق رىۋايەت كەلمىگەن. كۆپچىلىك ئۇستازلىرىمىز ھەم بۇنى تاللىغا ئالمىغان، ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

سەجدە قىلغاندا سەجدىگە بېرىش ۋە تەسبىھ ئېيتىش ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەب - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشى لازىم.

سەجدىگە بېرىش ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەب - قائىدىلەر شۇكى، ئىككى قولنى يەردە ئىككى مۈرىسىنىڭ (يان تەرەپ) ئۇدۇلىدا قويۇش، بارماقلىرىنى جۈپلەپ، قىبلىگە قارىتىش، بارماقلىرىنى (كىيىمىنىڭ) يېڭىدىن چىقىرىش، يەرگە بىۋاستە تەگكۈزۈش، ئەرلەر جەينىكىنى بېقىنىغا، قورسىقىنى يوتىسىغا چاپلىۋالماسلىقى، ئاياللار (ۋە قوش جىنسلىقلار) قورسىقىنى

130

---

(1) ھەنەفىي مەزھىبىدە تىلاۋەت سەجدىسىدە تەكبىر ئېيتىپ قۇلاق قاقىدىغان، سەجدىدىن كېيىن «ئەتتەھىيياتۇ» ئوقۇيدىغان ۋە سالام بېرىدىغان ئىش يوق. سەجدە قىلىشتىن بۇرۇن «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىش ۋە سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىش سۈننەتتۇر – ت.

يوتىسىغا چاپلىشىپلىشى، بېشىنى تۆۋەن، ئۇچىسىنى ئېگىز قىلىپ سەجدە قىلىش، پېشانىسى ۋە بۇرنىنى يەرگە تولۇق تەگكۈزۈش، سەجدىنى ئالدىرىماي تولۇق ئادا قىلىش.

سەجدىدە تەسبىھ ئېيتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: نامازنىڭ سەجدىسىدە ئېيتىلىدىغان «سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى» دېگەن تەسبىھنى ئۈچ قېتىم ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، «اللَّهُمَّ لَكَ سَجَدْتُ وَبِكَ آمَنْتُ وَلَكَ أَسْلَمْتُ سَجَدَ وَجْهِي لِلَّذِي خَلَقَهُ وَصَوَّرَهُ وَشَقَّ سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ تَبَارَكَ اللَّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ (ئى ئاللاھ! ساڭا سەجدە قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا بويسۇندۇم، يۈزۈمنى كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ياراتقان، سۈرەتكە كەلتۈرگەن، ئۇنىڭغا كۆز ۋە قۇلاقلارنى ئورۇنلاشتۇرغان زاتقا سەجدە قىلدىم، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ ئۇلۇغدۇر)» ۋە يەنە: «سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ (ئاللاھ ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكتۇر، مۇقەددەستۇر. مالائىكىلەر ۋە جىبرىلنىڭ رەببىدۇر)» دەيدۇ[1]. بۇلار نامازنىڭ سەجدىلىرىدىمۇ قىلىنىدىغان دۇئالاردۇر.

شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: «اللَّهُمَّ اكْتُبْ لِي بِهَا عِنْدَكَ أَجْرًا، وَضَعْ عَنِّي بِهَا وِزْرًا، وَاجْعَلْهَا لِي عِنْدَكَ ذُخْرًا، وَتَقَبَّلْ مِنِّي كَمَا تَقَبَّلْتَ مِنْ عَبْدِكَ دَاوُدَ (ئى ئاللاھ! مۇشۇ سەجدە سەۋەبلىك ماڭا دەرگاھىڭدا بىر ساۋاب يازغىن، بىر گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇنى مەن ئۈچۈن دەرگاھىڭدا ساقلاپ قويغىن ۋە ئۇنى بەندەڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلغىن!)» دېيىش مۇستەھەپ، دەيدۇ[2]. بۇ تىلاۋەت سەجدىسىگە خاس دۇئا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىش لازىم.



ئۇستاز ئىسمائىل زەرىر ئۆزىنىڭ «ئەتتەفسىر» ناملىق كىتابىدا: ئىمام شافىئىي رەھمەھۇللاھنىڭ تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ دۇئاسىدا: ﴿سُبْحَانَ رَبِّنَا إِن كَانَ وَعْدُ رَبِّنَا لَمَفْعُولًا﴾ يەنى ﴿پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ﴾[ئىسرا: 108] دېيىشنى تاللىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

بۇ نەقىلنى ئىمام شافىئىيدىن ھېچكىم رىۋايەت قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ياخشى قاراشتۇر. چۈنكى، قۇرئاننىڭ سەجدىدە ﴿سُبْحَانَ رَبِّنَا إِن كَانَ وَعْدُ رَبِّنَا لَمَفْعُولًا﴾ دېگەنلەرنى ماختىغانلىقى ئوچۇق - ئاشكارىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەجدىدە بۇ زىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىدىن خالىغان نەرسىلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلىش مۇستەھەپتۇر. بۇ زىكىرلەرنىڭ بەزىسىنى ئوقۇسىمۇ تەسبىھ ئېيتقان بولىدۇ، ناۋادا ئەسلا تەسبىھ ئېيتمىغان بولسىمۇ خۇددى نامازنىڭ سەجدىلىرىدە تەسبىھ ئېيتمىسىمۇ سەجدە ئادا بولغاندەك تىلاۋەت سەجدىسىمۇ ئادا بولۇۋېرىدۇ.

زىكىر - تەسبىھلەرنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، تەكبىر ئېيتىپ بېشىنى كۆتۈرىدۇ.

---

(1) «مۇسلىم»، 771 - ۋە 487 - ھەدىسلەر.

(2) «سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە»، 562 - ھەدىس؛ «سەھىھۇ ئىبنى ھىببان»، 2768 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 579 - ھەدىس.

ئاندىن سالام بېرىش لازىممۇ؟

بۇ مەسىلىدە ئىمام شافىئىيدىن مەشھۇر ئىككى خىل قاراش ئوچۇق رىۋايەت قىلىنغان:

1. شاگىرتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تاللىغان سەھىھ قاراش: تىلاۋەت سەجدىسىنى تەكبىر تەھرىيمە بىلەن باشلىغانلىقى ئۈچۈن سالام بېرىش لازىم. بۇ ۋاقىتتا تىلاۋەت سەجدىسى جىنازا نامىزىغا ئوخشىغان بولىدۇ. بۇنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد سەھىھ سەنەد بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ رىۋايەتمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد سەجدە ئايىتىنى ئوقۇسا، سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن سالام بېرەتتى».

ئىككىنچى خىل قاراش: نامازدا تىلاۋەت سەجدىسى قىلسا سالام بەرمىگەندەك سالام بەرمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سالام بەرگەنلىكى نەقىل قىلىنمىغان.

بىرىنچى قاراش بويىچە، سالام بېرىش لازىم دېسەك، تەشەھھۇدنىمۇ ئوقۇش لازىممۇ؟

بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار. توغرىسى، تىلاۋەت سەجدىسى قىيامغا موھتاج بولمىغاندەك تەشەھھۇدقىمۇ موھتاج ئەمەس.

بەزى شافىئىي ئۇستازلىرىمىز: سالام ۋە تەشەھھۇد مەسىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بۇ ئىككىسىدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل قاراش بار، دېگەن:

1. سەھىھ بولغىنى: تەشەھھۇد ئوقۇش زۆرۈر ئەمەس، سالام بېرىش زۆرۈردۇر.

2. ھېچقايسىسى زۆرۈر ئەمەس.

3. ئىككىلىسىنى قىلىش لازىم.

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن، ئەبۇ ئابدۇرراھمان سۇلەمي، ئەبۇل ئەھۋەس، ئەبۇ قىلابە، ئىسھاق ئىبنى راھەۋەيھ قاتارلىق سەلەفلەر «سالام بېرىش لازىم» دەپ قارايدۇ [1].

ھەسەن ئەلبەسرىي، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىبراھىم نەخەئىي، يەھيا ئىبنى ۋەسساب، ئىمام ئەھمەد قاتارلىق سەلەفلەر بولسا «سالام بەرمەيدۇ» دەپ قارايدۇ [2].

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز ناماز سىرتىدىكى تىلاۋەت سەجدىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەردۇر.

ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا يەنى نامازنىڭ ئىچىدە تىلاۋەت سەجدىسى قىلغاندا،

(1) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 1 - توم، 452 - بەت.

(2) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 1 - توم، 452 - بەت.

تىلاۋەت سەجدىسىگە كىرىش ئۈچۈن (تەكبىر تەھرىمە ئۈچۈن) تەكبىر ئېيتمايدۇ. سەجدە قىلىش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش مۇستەھەپ، لېكىن بۇ تەكبىردە قولنى كۆتۈرمەيدۇ، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يەنە تەكبىر ئېيتىدۇ. بۇ كۆپچىلىك شافىئىي ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدىكى سەھىھ، مەشھۇر قاراشتۇر. شافىئىي ئۇستازلىرىمىزدىن ئەبۇ ئەلى ئىبنى ئەبى ھۇرەيرە: سەجدىگە بېرىش ئۈچۈنمۇ، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنمۇ تەكبىر ئېيتمايدۇ، دەيدۇ. لېكىن، ئاۋۋالقى قاراش مەشھۇردۇر.

نامازنىڭ ئىچىدىكى تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ سەجدىگە بېرىش ۋە تەسبىھ ئېيتىش ئۇسۇللىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەب - قائىدىلىرىنى ناماز سىرتىدىكى سەجدىنىڭ ھۆكۈملىرىنى سۆزلىگەندە بايان قىلىپ بولغانىدۇق. قوشۇپ قويىدىغان يەنە بىر مەسىلە: تىلاۋەت سەجدىسى قىلغۇچىنىڭ ئۆزى ئىمام بولسا، سەجدە قىلغاندا تەسبىھنى بەك كۆپ ئېيتماسلىقى لازىم. ئەگەر ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ كۆپ تەسبىھ ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلسە، كۆپ تەسبىھ ئېيتسا بولىدۇ.

ناماز ئىچىدىكى تىلاۋەت سەجدىسىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئارام ئېلىپ ئولتۇرماستىن تۇرۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا ئىختىلاپ يوق بولۇپ، بۇنى ئوچۇق تىلغا ئالغان ئالىملار ناھايىتى ئاز. بۇنى قازى ھۈسەين، بەغەۋىي، رافىئىي قاتارلىق ئالىملار ئوچۇق تىلغا ئالغان. بۇ مەسىلىدە تىلاۋەت سەجدىسى ناماز سەجدىسىدىن پەرقلىنىدۇ، «سەھىھۇل بۇخارىي» قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىدىكى سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن[1]، ئىمام شافىئىي تاللىغان ۋە ئوچۇق بايان قىلغان سەھىھ قاراش شۇكى، بارلىق نامازلارنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە، تۆت رەكئەتلىك نامازلارنىڭ ئۈچىنچى رەكئەتتە ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن ئارام ئېلىش ئۈچۈن يەڭگىل ئولتۇرۇۋېتىش مۇستەھەپتۇر. 133

نامازدا تىلاۋەت سەجدىسىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ئورنىدىن تۇرۇش لازىم. ئۆرە تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاز - تولا ئايەت ئوقۇپ ئاندىن رۇكۇ قىلىش مۇستەھەپ، ئايەت ئوقۇماستىن رۇكۇ قىلىشمۇ جائىز.

## قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل ۋاقىتلار توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، قىرائەتنىڭ ئەۋزىلى نامازلاردا ئوقۇلغان قىرائەتتۇر. ئىمام شافىئىي قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا، نامازدا قىيامنى ئۇزۇن قىلىش سەجدىنى ئۇزۇن قىلغاندىن ئەۋزەل.

نامازنىڭ سىرتىدىكى قىرائەتنىڭ ئەۋزىلى كېچە قىرائىتىدۇر. كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمى ئاۋۋالقى يېرىمىدىن ئەۋزەل، ناماز شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا قۇرئان ئوقۇش مۇستەھەپتۇر.

---

(1) «بۇخارىي»، 823 - ھەدىس.

ئەمما، كۈندۈزى بامدات نامىزىدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. قۇرئان ئوقۇش تېگى - تەكتىدىن مەكروھ بولىدىغان ھېچبىر ۋاقىت يوق. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد مۇئان ئىبنى رىفائەدىن، ئۇ شەيخلىرىدىن رىۋايەت قىلغان: «ئۇلار ئەسىردىن كېيىن قۇرئان ئوقۇشنى مەكروھ دەپ قارايتتى ۋە ئۇ، يەھۇدىيلارنىڭ دەرس ئوقۇيدىغان ۋاقتى، دەيتتى» دېگەن رىۋايەتكە كەلسەك، ئۇ ئاساسسىز، قوبۇل قىلىنمايدىغان رىۋايەتتۇر.

قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن كۈنلەر ئىچىدىن جۈمە، دۈشەنبە، پەيشەنبە، ئەرەفات كۈنلىرىنى، ئون كۈنلەر ئىچىدىن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى، زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈننى، ئايلار ئىچىدىن رامىزان ئېيىنى تاللاش ياخشىدۇر.

## قىرائەتتە ئاخىرىنى تاپالماي توختاپ قالغان قارىي قانداق قىلىدۇ؟

قارىي ئاخىرىنى تاپالماي توختاپ قېلىپ، باشقىلاردىن سورىسا، سورالغان كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئىبراھىم نەخەئىي، بەشىر ئىبنى ئەبى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ئەدەبلەرگە رىئايە قىلىشى لازىم. ئۇلار مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار قېرىنداشلىرىدىن بىرەر ئايەتنى سورىماقچى بولسا، ‹ماۋۇ قانداق؟ ئاۋۇ قانداق؟› دېمەي، ئۇنىڭ ئالدىدىكىنى ئوقۇپ جىم تۇرسۇن، بولمىسا ئۇنى ئاداشتۇرۇپ قويىدۇ»[1].



## قۇرئان ئايەتلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى

قۇرئان ئايەتلىرىنى بىرەر مەسىلىگە دەلىل قىلماقچى بولسا، «قال الله تعالى كذا (ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى)» دېيىشمۇ، «الله تعالى يقول كذا (ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ)» دېيىشمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق بولمايدىغان يېرى يوق. بۇ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئالىملار ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان سەھىھ ۋە تاللانغان قاراشتۇر.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد مەشھۇر تابىئىن مۇتەررىپ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىخخىرنىڭ: «‹ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ› دېمەڭلار، بەلكى ‹ئاللاھ مۇنداق دېدى› دەڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

مۇتەررىف رەھىمەھۇللاھنىڭ: «ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ» دېيىشتىن توسۇشى ئايەت - ھەدىسلەرگە، ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا خىلاپتۇر. چۈنكى، ئاللاھ: ﴿وَاللَّهُ يَقُولُ الْحَقَّ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەق سۆزنى دەيدۇ﴾(ئەھزاب: 4) دېگەن.

«سەھىھۇ مۇسلىم»دا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا: ﴿بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم

---

(1) ئابدۇررازىزاق: «ئەلمۇسەننەف»، 5988 - نومۇر.

ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ﴾ دەيدۇ»[1].

«سەھىھۇل بۇخارىي»دا[2] ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾(ئال ئىمران: 92). مانا بۇ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى سۆزىدۇر.

يەنە «سەھىھۇ مۇسلىم»دا مەسرۇق رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئاللاھ تائالا: ﴿ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) جىبرىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ شەرقىدە كۆردى﴾(تەكۋىر: 23) دېمىدىمۇ؟» دېسەم، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾(ئەنئام:103) دېگەنلىكىنى ئاڭلىمايۋاتامسەن؟ يەنە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھىي ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا سۆز قىلىدۇ﴾(شۇرا: 51) دېگەنلىكىنى ئاڭلىمايۋاتامسەن؟! دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ھەدىستە يەنە: «ئاللاھ تائالا: ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغاننىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن﴾(مائىدە: 67) دەيدۇ» دېگەن، يەنە ئاللاھ تائالا: ﴿ئاللاھتىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ﴾(نەمل: 65) دەيدۇ» دېگەن[3].



سەلەفلەرنىڭ ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلىرىنى ساناپ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

### قۇرئان خەتمىسىنىڭ ئەدەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا

بۇ پاراگرافتا بىرنەچچە مەسىلىنى بايان قىلىمىز.

بىرىنچى مەسىلە: قۇرئان تاماملاشنىڭ ۋاقتى.

بىز ئىلگىرى يالغۇز ھالدا قۇرئان ئوقۇغان كىشىنىڭ قۇرئاننى نامازدا تاماملىشىنىڭ، بولۇپمۇ بامداتنىڭ سۈننىتىدە ياكى ناماز شامنىڭ سۈننىتىدە تاماملىشىنىڭ مۇستەھەپلىكىنى، بامداتنىڭ سۈننىتىدە تاماملاشنىڭ تېخىمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى، بىر قېتىم كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە، يەنە بىر قېتىم كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە تاماملاشنىڭ

(1) «مۇسلىم»، 2687 - ھەدىس.

(2) «بۇخارىي»، 1461 - ھەدىس.

(3) «مۇسلىم»، 177 - ھەدىس.

مۇستەھەپلىكىنى، ئەمما، نامازنىڭ سىرتىدا تاماملىغان يالغۇز كىشىنىڭ ياكى جامائەت بولۇپ تامام قىلغانلارنىڭ كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە ياكى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە تاماملاشنىڭ مۇستەھەپلىكىنى، بەزى ئۆلىمالارنىڭ كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە تاماملاشنى ئەۋزەل دەپ قارايدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

ئىككىنچى مەسىلە: قۇرئان تامام بولغان كۈن شەرىئەتتە روزا تۇتۇشتىن چەكلەنگەن كۈنگە ئۇدۇل كەلمىسىلا روزا تۇتۇش مۇستەھەپ. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئۆزىنىڭ سەھىھ سەنەدى بىلەن تەلھە ئىبنى مۇسەررىپ، ھەبىب ئىبنى ئەبى سابىت، مۇسەييىپ ئىبنى رافىئ قاتارلىق كۇفەلىك تابىئىنلارنىڭ قۇرئان تامام قىلىدىغان كۈنلىرى روزا تۇتىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[1].

ئۈچىنچى مەسىلە: قۇرئان تامام بولغان سورۇنغا قاتنىشىش كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىنىدۇ. «سەھىھەين»دە كېلىشىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەيزدار ئاياللارنىمۇ ھېيت كۈنى چىقىپ، خەيرلىك ئىشلارغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا داخىل بولۇشقا بۇيرۇغان[2].

دارىمىي ۋە ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئۆز سەنەدلىرى بىلەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشىنى كۆزىتىشكە ئادەم قويىدىغانلىقى، قۇرئان تامام بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئىبنى ئابباسقا خەۋەر قىلسا، ئىبنى ئابباسنىڭ كېلىپ قۇرئان خەتمىسىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[3].

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئىككى سەھىھ سەنەد بىلەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاگىرتى، كاتتا تابىئىن قەتادەنىڭ: «ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى تامام قىلسا، ئائىلىسىدىكىلەرنى يىغىپ دۇئا قىلاتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[4].

ئۇ يەنە سەھىھ سەنەدلەر بىلەن كاتتا تابىئىن ھەكەم ئىبنى ئۇتەيبەنىڭ: «ماڭا مۇجاھىد بىلەن ئەبدە ئىبنى ئەبى لۇبابە ئىككىيلەن ئادەم ئەۋەتىپ: ‹بىز ھازىر قۇرئاننى تامام قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، قۇرئان تامام بولغاندا دۇئا ئىجابەت بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئادەم ئەۋەتتۇق› دېدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[5].

بەزى سەھىھ رىۋايەتلەردە: «قۇرئان تامام بولغان يەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى



(1) ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»نىڭ 3 - توم، 170 - بەتتە ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدنىڭ سەنەدىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: بۇ سەنەد سەھىھلىك شەرتىگە چۈشىدۇ، دېگەن.

(2) «بۇخارىي»، 324 - ھەدىس؛«مۇسلىم»، 890 - ھەدىس.

(3) «دارىمىي»، 3515 - ھەدىس؛ ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 108 - بەت.

(4) «دارىمىي»، 3517 - ھەدىس؛ بەيھەقىي: «ئىمان شاخلىرى»، 1907 - نومۇر.

(5) «دارىمىي»، 3525 - ھەدىس؛ بەيھەقىي: «ئىمان شاخلىرى»، 1909 - نومۇر.

چۈشىدۇ، دېيىلەتتى» دەپ كەلگەن[1].

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئۆزىنىڭ سەھىھ سەنەدى بىلەن مۇجاھىدنىڭ: «ئۇلار (يەنى ساھابىلەر) قۇرئان تامام بولغاندا يىغىلاتتى ۋە ‹قۇرئان تامام بولغاندا ئاللاھنىڭ رەھمىتى چۈشىدۇ› دەيتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[2].

تۆتىنچى مەسىلە: قۇرئان تامام بولغاندىن كېيىن، دۇئا قىلىش كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىللىرىنى بىز ئىلگىرىكى مەسىلىدە بايان قىلىپ بولدۇق. يەنە دارىمىي ئۆز سەنەدى بىلەن ھۇمەيد ئەلئەئرەجنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «كىمكى قۇرئان ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلسا ئۇنىڭ دۇئاسىغا تۆت پەرىشتە ‹ئامىن› دەيدۇ»[3].

دۇئادا يىلىنىش، مۇھىم ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ دۇئا قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ۋە باشلىقلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە كۆپرەك دۇئا قىلىش لازىم. ھاكىم ئەبۇ ئابدۇللاھ نىسابۇرىي ئۆز سەنەدى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئان تامام قىلغان چېغىدا مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئايالالار، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىنە ئايالالار ھەققىدە كۆپ دۇئا قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[4]. ھاكىمدىن باشقىلارمۇ شۇنداقراق رىۋايەت قىلغان.



دۇئا قىلغۇچى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنى مول دۇئالارنى تاللىشى لازىم:

«اَللّٰهُمَّ أَصْلِحْ قُلُوْبَنَا وَأَزِلْ عُيُوْبَنَا وَتَوَلَّنَا بِالْحُسْنَى وَزَيِّنَّا بِالتَّقْوَى وَاجْمَعْ لَنَا خَيْرَ الْآخِرَةِ وَالْأُوْلَى وَارْزُقْنَا طَاعَتَكَ مَا أَبْقَيْتَنَا (ئى ئاللاھ! قەلبلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن، ئەيىبلىرىمىزنى يوقاتقىن. بىزنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن. بىزلەرنى تەقۋادارلىق بىلەن بېزىگىن. بىزلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تەڭ بەرگىن. بىزنى ھاياتلا قالدۇرساڭ ساڭا تائەت - ئىبادەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن)».

«اَللّٰهُمَّ يَسِّرْنَا لِلْيُسْرَى وَجَنِّبْنَا الْعُسْرَى وَأَعِذْنَا مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا وَسَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا وَأَعِذْنَا مِنْ عَذَابِ النَّارِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ وَفِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَفِتْنَةِ الْمَسِيْحِ الدَّجَّالِ (ئى ئاللاھ! بىزنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن، يامان ئەمەللەردىن يىراق قىلغىن. نەپسلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە يامان ئەمەللىرىمىزنىڭ شۇملۇقلىرىدىن بىزگە پاناھ بەرگىن. بىزنى دوزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھايات - مامات پىتنىلىرىدىن ۋە دەججالنىڭ پىتنىلىرىدىن ساقلاپ قالغىن)».

(1) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 7 - توم، 169 - بەت؛ «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 107 - بەت.
(2) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 7 - توم، 169 - بەت؛ ھافىز ئىبنى ھەجەرنىڭ «نەتائىجۇل ئەفكار»، 3 - توم، 177 - بەتتىكى سۆزلىرىگە قاراڭ.
(3) «دارىمىي»، 3524 - نومۇر؛ «نەتائىجۇل ئەفكار»، 3 - توم، 177 - بەتكە قاراڭ.
(4) بەيھەقىي: «ئىمان شاخلىرى»، 2046 - نومۇر.

«اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالتَّقْوَى وَالْعَفَافَ وَالْغِنَى (ئى ئاللاھ! سەندىن ھىدايەت، تەقۋادارلىق، پاكلىق ۋە بىھاجەتلىك تىلەيمىز)».

«اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْتَوْدِعُكَ أَدْيَانَنَا وَأَبْدَانَنَا وَخَوَاتِيْمَ أَعْمَالِنَا وَأَنْفُسَنَا وَأَهْلِيْنَا وَأَحْبَابَنَا وَسَائِرَ الْمُسْلِمِيْنَ وَجَمِيْعَ مَا أَنْعَمْتَ عَلَيْنَا وَعَلَيْهِمْ مِنْ أُمُوْرِ الآخِرَةِ وَالدُّنْيَا (ئى ئاللاھ! دىنىمىزنى، تېنىمىزنى، ئەمەللىرىمىزنىڭ تۈگەنچىسىنى، ئۆزىمىزنى، بالا - چاقىلىرىمىزنى، ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىمىزنى، بارلىق مۇسۇلمانلارنى، سەن بىزگە ۋە ئۇلارغا ئىنئام قىلغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىنى ساڭا ئامانەت قويىمىز)».

«اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فِي الدِّيْنِ وَالدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَاجْمَعْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ أَحْبَابِنَا فِي دَارِ كَرَامَتِكَ بِفَضْلِكَ وَرَحْمَتِكَ (ئى ئاللاھ! سەندىن دىنىمىزدا ۋە دۇنيا - ئاخىرەتتە ئامان - ئېسەنلىك، ئەپۇ تىلەيمەن. پەزلىڭ ۋە رەھمىتىڭ بىلەن بىز ۋە دوست - يارەنلىرىمىزنى ئېسىل جەننەتلەردە جەم قىلىشىڭنى تىلەيمەن)».

«اَللّٰهُمَّ أَصْلِحْ وُلَاةَ الْمُسْلِمِيْنَ وَوَفِّقْهُمْ لِلْعَدْلِ فِي رِعَايَاهُمْ وَالْإِحْسَانِ إِلَيْهِمْ وَالشَّفَقَةِ عَلَيْهِمْ وَالرِّفْقِ بِهِمْ وَالْإِعْتِنَاءِ بِمَصَالِحِهِمْ وَحَبِّبْهُمْ إِلَى الرَّعِيَّةِ وَحَبِّبِ الرَّعِيَّةِ إِلَيْهِمْ وَوَفِّقْهُمْ لِصِرَاطِكَ الْمُسْتَقِيْمِ وَالْعَمَلِ بِوَظَائِفِ دِيْنِكَ الْقَوِيْمِ (ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇلارنى پۇقرالىرىغا ئادىل بولۇشقا، پۇقرالىرىغا ياخشىلىق قىلىشقا، پۇقرالىرىغا كۆيۈنۈشكە، پۇقرالىرىغا مۇلايىم بولۇشقا، كۆڭۈل بۆلۈشكە مۇۋەپپەق قىلغىن. ئۇلارنى پۇقرالىرىغا، پۇقرالىرىنى ئۇلارغا ياخشى كۆرسەتكىن، ئۇلارنى توغرا يولغا ۋە توغرا دىنىڭنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن)». 138

«اَللّٰهُمَّ الْطُفْ بِعَبْدِكَ سُلْطَانِنَا وَوَفِّقْهُ لِمَصَالِحِ الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَحَبِّبْهُ إِلَى الرَّعِيَّةِ وَحَبِّبِ الرَّعِيَّةَ إِلَيْهِ (ئى ئاللاھ! سېنىڭ قۇلۇڭ بولغان سۇلتانىمىزغا رەھىم قىلغىن، ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۇنى پۇقرالىرىغا، پۇقرالىرىنى ئۇنىڭغا ياخشى كۆرسەتكىن)».

سۇلتانلار ھەققىدە كەلگەن باشقا دۇئالارنىمۇ قىلىش بىلەن بىرگە يەنە مۇنۇ دۇئانىمۇ قىلىدۇ:

«اَللّٰهُمَّ ارْحَمْ نَفْسَهُ وَبِلَادَهُ وَصُنْ أَتْبَاعَهُ وَأَجْنَادَهُ وَانْصُرْهُ عَلَى أَعْدَاءِ الدِّيْنِ وَسَائِرِ الْمُخَالِفِيْنَ وَوَفِّقْهُ لِإِزَالَةِ الْمُنْكَرَاتِ وَإِظْهَارِ الْمَحَاسِنِ وَأَنْوَاعِ الْخَيْرَاتِ وَزِدِ الْإِسْلَامَ بِسَبَبِهِ ظُهُوْرًا وَأَعِزَّهُ وَرَعِيَّتَهُ إِعْزَازًا بَاهِرًا (ئى ئاللاھ! ئۇنى ۋە ئۇنىڭ شەھەرلىرىنى قوغدىغىن، ئەگەشكۈچىلىرى ۋە قوشۇنلىرىنى ھىمايە قىلغىن، دىن دۈشمەنلىرى ۋە قارشى چىققۇچىلارغا قارشى ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن. ئۇنى يامان ئىشلارنى يوقىتىپ، ياخشى ئىشلارنى بەرپا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن. ئۇ ئارقىلىق ئىسلامنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى ئەزىز قىلغىن)».

«اللَّهُمَّ أَصْلِحْ أَحْوَالَ الْمُسْلِمِيْنَ وَأَرْخِصْ أَسْعَارَهُمْ وَآمِنْهُمْ فِي أَوْطَانِهِمْ وَاقْضِ دُيُوْنَهُمْ وَعَافِ مَرْضَاهُمْ وَانْصُرْ جُيُوْشَهُمْ وَسَلِّمْ غُيَّابَهُمْ وَفُكَّ أَسْرَاهُمْ وَاشْفِ صُدُوْرَهُمْ وَأَذْهِبْ غَيْظَ قُلُوْبِهِمْ وَأَلِّفْ بَيْنَهُمْ وَاجْعَلْ فِي قُلُوبِهِمُ الإِيْمَانَ وَالْحِكْمَةَ وَثَبِّتْهُمْ عَلَى مِلَّةِ رَسُوْلِكَ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَوْزِعْهُمْ أَنْ يُوْفُوْا بِعَهْدِكَ الَّذِي عَاهَدْتَهُمْ عَلَيْهِ وَانْصُرْهُمْ عَلَى عَدُوِّكَ وَعَدُوِّهِمْ، إِلهَ الْحَقِّ، وَاجْعَلْنَا مِنْهُمْ (ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، مال باھاسىنى ئەرزان قىلغىن. ئۇلارنى ۋەتەنلىرىدە ئەمىن قىلغىن. ئۇلارنى قەرزلەردىن قۇتۇلدۇرغىن. ئۇلارنىڭ كېسەللىرىگە شىپا بەرگىن، قوشۇنلىرىغا ياردەم بەرگىن، ئۇلارنىڭ يوقاپ كەتكەنلىرىنى سالامەت قىلغىن، ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزغىن، دىللىرىغا شىپالىق بەرگىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئاچچىقنى يوق قىلىۋەتكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرگىن، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە ئىمان ۋە ھېكمەت ئورۇنلاشتۇرغىن، ئۇلارنى پەيغەمبىرىڭنىڭ يولىدا مۇستەھكەم قىلغىن، ئۇلارنى ساڭا بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، سېنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇلارغا ياردەم بەرگىن، بىزنى سەن ياردەم بەرگەن كىشىلەر قاتارىدىن قىلغىن)».

«اللّٰهُمَّ اجْعَلْهُمْ آمِرِيْنَ بِالْمَعْرُوْفِ فَاعِلِيْنَ بِهِ نَاهِيْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ مُجْتَنِبِيْنَ لَهُ مُحَافِظِيْنَ عَلَى حُدُوْدِكَ قَائِمِيْنَ عَلَى طَاعَتِكَ مُتَنَاصِفِيْنَ مُتَنَاصِحِيْنَ اللَّهُمَّ صُنْهُمْ فِي أَقْوَالِهِمْ وَأَفْعَالِهِمْ وَبَارِكْ لَهُمْ فِي جَمِيْعِ أَحْوَالِهِمْ (ئى ئاللاھ! ئۇلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇغۇچى، يامان ئىشلاردىن يىراق بولغۇچى ۋە يامان ئىشلاردىن توسقۇچى، سېنىڭ بەلگىلىمىلىرىڭگە رىئايە قىلغۇچى، داۋاملىق ساڭا ئىتائەت قىلغۇچى، ھەققانىيەتچى، نەسىھەت قىلغۇچى ۋە نەسىھەت قوبۇل قىلغۇچى كىشىلەردىن قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئۇلارنى سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەردە خاتالىقلاردىن ساقلاپ قالغىن، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا بەرىكەت بەرگىن)».



دۇئا قىلغۇچى دۇئاسىنى «الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ حَمْدًا يُوَافِي نِعَمَهُ، وَيُكَافِئُ مَزِيدَهُ. اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، وَبَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، فِي الْعَالَمِينَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ (بارلىق ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھقا ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ۋە پەزلىگە لايىق ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگىمۇ ئىككىلا دۇنيادا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق بۈيۈك زاتتۇرسەن)» بىلەن باشلايدۇ ھەم ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

بەشىنچى مەسىلە: قۇرئاننى تامام قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئارقىدىنلا يەنە بىر تامام قىلىش ئۈچۈن يېڭىدىن باشلىشى مۇستەھەپتۇر. چۈنكى سەلەفلەر (ئىلگىرىكىلەر) شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى

دەلىل قىلاتتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ ياخشى ئەمەل سەپەردىن كېلىپ يەنە سەپەر قىلىشتۇر» دېگەندە، ساھابىلەر: بۇ نېمە گەپ، ئى رەسۇلۇللاھ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇرئاننى تامام قىلىپ بولۇپ يەنە يېڭىدىن باشلاش» دەپ جاۋاب بەردى[1].



(1) ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد رىۋايەت قىلغان ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەدىسى زەئىپ بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تىرمىزىي (2948 - نومۇر)، ھاكىم (1 - توم، 568 - نومۇر) قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان مۇنداق مەشھۇر بىر ھەدىسى بار. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل قايسى؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الحالُّ المرتحل» يەنى «چۈشكۈن قىلىپلا يەنە قوزغالغۇچى» دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى كىشى: «چۈشكۈن قىلىپلا يەنە قوزغالغۇچى» دېگەن قانداق كىشى ئۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئاننى بېشىدىن باشلاپ ئوقۇپ تۈگىتىپلا يەنە باشتىن باشلايدىغان كىشى» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى بەزى مۇھەددىسلەر «سەھىھ» دېگەن.

# يەتتىنچى باب

## بارلىق ئىنسانلارنىڭ قۇرئانغا قارىتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبلىرى توغرىسىدا

«سەھىھۇ مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنىشچە، تەمىيم ئەددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

– پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: دىن سەمىمىيەتتۇر، – دېگەن ئىدى، بىز:

– كىمگە؟ – دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

– ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ كىتابىغا، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا، – دەپ جاۋاب بەردى [1].



ئۆلىمالار – ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن! –:«ئاللاھنىڭ كىتابىغا سەمىمىي بولۇش دېگەن: قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە، ھېچبىر مەخلۇقنىڭ سۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغانلىقىغا، بارلىق مەخلۇقاتلار ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنى ھۆرمەتلەش؛ لايىقىدا تىلاۋەت قىلىش؛ چىرايلىق ئوقۇش؛ قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغاندا جىم تۇرۇش، ھەرپلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش؛ قۇرئاننى بۇرمىلىماقچى بولغانلارنىڭ بۇرمىلاشلىرىدىن، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ چېقىلىشىدىن قوغداش؛ قۇرئان ئېلىپ كەلگەن ئەھكاملارنى تەستىقلاش، ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىش؛ قۇرئان ئىلىملىرى ۋە مىساللىرىنى چۈشىنىش؛ ۋەز - نەسىھەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش؛ ئاجايىباتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش؛ مۇھكەم (يەنى قاراتمىلىقى ئېنىق) ئايەتلىرىگە ئەمەل قىلىش، مۇتەشابىھ (يەنى قاراتمىلىقى نائېنىق) ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتىش؛ ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ھۆكۈملىرىنى، ئەمەلدىن قالدۇرغان (يەنى ناسىخ) ۋە ئەمەلدىن قالغان (يەنى مەنسۇخ) ھۆكۈملىرىنى تەتقىق قىلىش؛ قۇرئان ئىلىملىرىنى تارقىتىش؛ قۇرئان تەرەپكە چاقىرىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ.

(1) «سەھىھۇ مۇسلىم»، 55 - ھەدىس.

## قۇرئاننى ئۇلۇغلاش ۋاجىپ

مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى ئۇلۇغلاشنىڭ، ئۇنى نۇقسانلاردىن خالىي دەپ ئېتىقاد قىلىشنىڭ ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە، قۇرئاندىن مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن بىر ھەرپنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان ياكى بىلىپ تۇرۇپ مەشھۇر قارىيلاردىن ھېچبىرىدىن رىۋايەت قىلىنمىغان بىر ھەرپنى قوشۇپ قويغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەن.

ئىمام ۋە ھافىز قازى ئىياز رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ كالامىنى ياكى قولىمىزدىكى ‹مۇسھەف شەرىپ›نى، ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى مەنسىتمىگەن، ياكى تىللىغان، ياكى ئۇنىڭ بىرەر ھەرپىنى ئىنكار قىلغان، ياكى ئۇنىڭدا ئوچۇق سۆزلەنگەن بىرەر ھۆكۈم ياكى خەۋەرنى ئىنكار قىلغان، ياكى قۇرئان ئىنكار قىلغاننى ئىنكار قىلمىغان، ياكى ئىنكار قىلمىغاننى ئىنكار قىلغان، ياكى قۇرئاندىكى بىرەر نەرسىگە شەك قىلغان كىشى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىدا بىردەك كاپىردۇر. شۇنداقلا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن تەۋرات، ئىنجىلغا ئوخشاش كىتابلارنى ئىنكار قىلغان ياكى تىللىغان، كۆزگە ئىلمىغان كىشىلەرمۇ كاپىردۇر. يۇرت - يۇرتلاردا تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان، مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدىكى كىتاب (يەنى قۇرئان) قا يېزىلغان، ‹فاتىھە›دىن باشلىنىپ، ‹ناس› سۈرىسى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، ئىككى مۇقاۋا ئارىسىدا بولغان سۆزلەرنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ۋەھيىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن بىرەر ھەرپنى قەستەن كېمەيتىۋەتكەن ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ھەرپنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن، قولىمىزدىكى مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، مۇسۇلمانلار قۇرئان ئەمەسلىكىدە بىرلىككە كەلگەن بىرەر ھەرپنى قەستەن قوشۇپ قويغان كىشىنىڭمۇ كاپىر بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

ئەبۇ ئوسمان ئىبنى ھەدداد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق كىشىلەر قۇرئاندىن بىرەر ھەرپنى ئىنكار قىلىسىمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقتا بىرلىككە كەلگەن.

باغداد فەقىھلىرى ئىبنى مۇجاھىد بىلەن بىللە باغداد قارىيلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مەشھۇر قارىي ئىبنى شەنەبۇزەنى قۇرئاننى مۇسھەف (ئايەتلەر يېزىلغان كىتاب) تە بولمىغان يات قىرائەتلەر بىلەن ئوقۇغانلىقى ۋە ئوقۇتقانلىقى ئۈچۈن تەۋبە قىلدۇرۇشتا بىرلىككە كەلگەن ۋە ھ. 323/ م. 935 - يىلى ۋەزىر ئەبۇ ئەلى ئىبنى مۇقلەنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە تەۋبە قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان[1].



(1) ئىبنۇلجەۋزىي: «ئەلمۇنتەزەم فى تارىخىل مۇلۇكى ۋەلئۇمەم»، 8 - توم، 153 - بەت؛ زەھەبىي «مەئرىفەتۇل قۇررائىل كىبار»، 2 - توم، 549 – 553 - بەتلەر.

ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەبى زەيد كىچىك بالىغا: ‹ئاللاھ مۇئەللىمىڭگە ۋە ئۇنىڭ ساڭا ئۆگەتكەنلىرىگە لەنەت قىلسۇن› دەپ ‹مەن ئۇنىڭ ئەدەبسىزلىكىنى دېمەكچى، قۇرئاننى دېمەكچى ئەمەس› دەپ تۇرۇۋالغان كىشىنىڭ جازالىنىدىغانلىقى، ئەمما، قۇرئانغا لەنەت قىلغان كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن». قازى ئىيازنىڭ سۆزى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى[1].

## قۇرئاننى تەپسىر قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئۆزىدە «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى ئىلىمسىز ھالدا تەپسىر قىلىشى ۋە قۇرئان مەنىلىرى ھەققىدە گەپ قىلىشى ھارامدۇر.

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ھاراملىقىدا مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن.

ئەمما، ئالىملارنىڭ قۇرئاننى تەپسىر قىلىشى جائىز ۋە ياخشى ئىشتۇر. بۇ خۇسۇستىمۇ ھەم مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن.

143 تەپسىر قىلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان، قۇرئان مەنىلىرىنى بىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بىلىملەرنى ئۆزىدە جەم قىلغان، «تەپسىر قىلماقچى بولغان ئايەتلىرىنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرىنى بىلدىم» دەپ ئويلىغان كىشى ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى، ئاشكارا - يوشۇرۇن، ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ھۆكۈملىرى، جۈملىلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىلىرى قاتارلىق ئىجتىھات بىلەن بىلگىلى بولىدىغان مەسىلىلەرنى تەپسىر قىلسا بولىدۇ. ئەمما، سۆزلۈكلەرنى شەرھلەش قاتارلىق پەقەت نەقىل ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدىغان، ئىجتىھات ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان مەسىلىلەردە شۇ پەنلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئۆلىمالىرىدىن كەلگەن ئىشەنچلىك نەقىللەرگە تايانماستىن گەپ قىلىش جائىز بولمايدۇ. ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بىلىملەرنى ئۆزىدە ھازىرلىمىغانلىقى ئۈچۈن، تەپسىر قىلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ كالامىنى تەپسىر قىلىشى ھارامدۇر. لېكىن، ئۇلار ئىشەنچلىك مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرلىرىنى نەقىل قىلسا بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نى سەھىھ دەلىللەرگە تايانماستىن، ئۆز كۆزقارىشى بويىچە تەپسىر قىلىدىغان كىشىلەر بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى: ئايەتلەرنى ئۆز قارىشىنى توغرا چىقىرىشقا، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشقا دەلىل قىلىدىغانلار. بۇلار ئايەتلەرنىڭ ئۆز كۆزقارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدىغانلىقىغا جەزم قىلماي تۇرۇپ، پەقەت قارشى تەرەپنى يېڭىش ئۈچۈنلا دەلىل قىلىشىدۇ.

---

(1) قازى ئىياز: «ئەششىفا»، 873 – 876 - بەتلەر.

ئىككىنچى: باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىشنى مەقسەت قىلىدىغان، لېكىن ئايەتلەرنى دەۋاتقان سۆزنىگە دەلىل بولالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ دەلىل قىلىدىغانلار.

ئۈچىنچى: قۇرئان كەلىمىلىرىنى مۇتەخەسسىسلەر قارىشىدىكى مەنىلىرىنى بىلمەستىن تەپسىرلەش. قۇرئان سۆزلۈكلىرىنىڭ مەنىلىرىنى پەقەت تىلشۇناسلار ۋە تەپسىرشۇناسلاردىن ئاڭلاش ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىلىرى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىلىرى، سۆزلۈكلەرنىڭ قالدۇرۇلغان، قىسقارتىلغان، كۆڭۈلگە پۈكۈلگەنلىرى، سۆزلۈكلەرنىڭ ئەسلى ۋە كۆچمە مەنىلىرى، ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي مەنىلىرى، ئابستراكت ۋە ئېنىق مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلۈكلەر، ئىلگىرى - كېيىن كەلتۈرۈلگەن سۆزلۈكلەر قاتارلىق كۆرۈنۈشتىن باشقىچە مەنە بىلدۈرىدىغان مەسىلىلەردە ئەرەب تىلىنى بىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ئەرەب تىلىنى بىلىش بىلەن بىرگە تەپسىرشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنىمۇ بىلىش لازىم. چۈنكى، تەپسىرشۇناسلار بەزى سۆزلۈكلەرنىڭ ئاشكارا مەنىسى كۆزدە تۇتۇلمايدىغانلىقىغا ياكى ئايرىم مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىغا، ياكى بەزى سۆزلۈكلەرنى قوشۇپ چۈشىنىش لازىملىقىدا بىرلىككە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا بەزى سۆزلۈكلەر كۆپ خىل مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلۈكلەر بولۇپ، مەلۇم ئورۇندا مەلۇم بىر خىل مەنىسى كۆزدە تۇتۇلۇشى، ھەممە ئورۇندا شۇ بىر خىل مەنە بويىچە تەپسىر قىلغاندا خاتالىق كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. يۇقىرىقى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە تىلشۇناسلار ياكى مۇپەسسىرلەرگە مۇراجىئەت قىلماستىن تەپسىر قىلىش قۇرئاننى ئۆز كۆزقارىشى بويىچە تەپسىر قىلىشتۇر ۋە بۇنداق قىلىش ھارامدۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.



## قۇرئان ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى

قۇرئان توغرىسىدا ناھەق تالاش - تارتىش قىلىش ھارامدۇر. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، مەلۇم بىر ئايەتنىڭ ئۆزىنىڭ قارىشىغا زىت كېلىدىغان مەزمۇننى كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ قارىشىغا دەلىل بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى كۆڭلىگە ئايان تۇرۇپ، ئايەتنى ئۆز قارىشىغا بۇراش ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىش قۇرئان توغرىسىدا ناھەق تالاش - تارتىش قىلىش جۈملىسىدىندۇر. ئەمما، ئايەتنىڭ ئۆز قارىشىغا زىت كېلىدىغان مەزمۇننى كۆرسىتىدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان بولمىغان كىشىلەر ئۆزرىلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قۇرئان توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىش كافىرلىقتۇر» دېگەنلىكى سەھىھ يول بىلەن كەلگەندۇر[1].

(1) «ئىبنى ھىببان»، 1464 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 4603 - ھەدىس؛ «ھاكىم»، 2 - توم، 223 - ھەدىس.

خەتتابىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەر بۇ ھەدىستىكى ‹المِراء› سۆزى ‹شەك قىلىش› دېگەن بولىدۇ، دېسە، يەنە بەزىلەر:‹قۇرئاندا شەك پەيدا قىلىدىغان رەۋىشتە تالاش - تارتىش قىلىش دېگەن بولىدۇ› دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: ‹ئازغۇن مەزھەبلەرنىڭ تەقدىر ئايەتلىرى ھەققىدە قىلغان تالاش - تارتىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ› دەپ قارايدۇ»[1].

## «قۇرئاندىكى پەقەت ئاللاھنىڭ بايان قىلىپ بېرىشى بىلەنلا بىلگىلى بولىدىغان ئىشلار» ھەققىدە سوئال سوراشتىكى ئەدەبلەر

قۇرئاندىكى مەلۇم بىر ئايەتنىڭ مەلۇم بىر ئايەتتىن بۇرۇن كېلىشى ياكى مەلۇم بىر ئايەتنىڭ مەلۇم بىر ئورۇندا كېلىش سەۋەبى دېگەندەك مەسىلىلەرنى سورىغاندا، «بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟» دەپ سورىشى لازىم.

## «پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىم» دېيىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى

145

«پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىم» دېيىش مەكرۇھتۇر، بەلكى «ئۇنتۇلدۇرۇلدۇم» ياكى «ئېسىمدىن چىقىپ كەتتى» دېيىش لازىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان سەھىھ بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار پالانى، پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىم دېمىسۇن، (ئۇ ئۇنتۇپ قالمىغان) بەلكى ئۇنتۇلدۇرۇلغاندۇر»[2].

«سەھىھەين»دىكى يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىرىڭلارنىڭ پالانى، پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىم، دېيىشى نېمىدېگەن يامان! (ئۇ ئۇنتۇپ قالمىدى) ئەمەلىيەتتە، ئۇنتۇلدۇرۇلدى» دېيىلگەن[3].

«سەھىھەين»دە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: ‹ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن! ئۇ ماڭا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان بىر ئايەتنى ئەسلىتىپ قويدى› دېدى»[4]. «سەھىھەين»دىكى يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن ئۇنتۇلدۇرۇلغان بىر ئايەتنى» دېگەن[5].

---

(1) «مەئالىمۇسسۇنەن»، 5 - توم، 10 - بەت.
(2) «مۇسلىم»، 790 - ھەدىس.
(3) «بۇخارىي»، 5039 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 790 - ھەدىس.
(4) «بۇخارىي»، 5037 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 788 - ھەدىس.
(5) «بۇخارىي»، 5038 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 225 - ھەدىس.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدنىڭ كاتتا تابىئىن ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەسسۇلەمىيدىن رىۋايەت قىلغان: «‹پالانى ئايەتنى ئىسمىدىن چىقىرىپ قويدۇم› دېمە! بەلكى ‹پالانى ئايەتنى ئەسلىيەلمەي قالدىم› دېگىن» دېگەن رىۋايىتىگە كەلسەك، بۇ رىۋايەت سەھىھ ھەدىسكە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سەھىھ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ: «ئىسمىدىن چىقىرىپ قويدۇم» دېيىش مەكروھ ئەمەس، دۇرۇس، دەيمىز[1].

## سۈرىلەرنى ئىسىملار بىلەن ئاتاش

سۈرىلەرنى «بەقەرە سۈرىسى»، «ئال ئىمران سۈرىسى»، «نىسا سۈرىسى»، «مائىدە سۈرىسى» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىساق بولىدۇ. بۇنداق ئاتاش مەكروھ ئەمەس. ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ بەزىلىرى: «كالا ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدىغان سۈرە»، «ئىمران ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدىغان سۈرە» «ئاياللارنىڭ ھۆكۈملىرى بايان قىلىنىدىغان سۈرە» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتاش لازىم، دەپ قارىغان. توغرىسى، ئاۋۋالقى قاراشتۇر.

«سەھىھەين»دە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «بەقەرە سۈرىسى»، «كەھف سۈرىسى»... دەپ تىلغا ئالغانلىقى كۆپ ئۇچرايدۇ[2]. ساھابىلەردىن بۇنداق رىۋايەتلەرمۇ كۆپ كەلگەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ ‹بەقەرە› سۈرىسى نازىل قىلىنغان زات تۇرغان جاي» دېگەن[3]. «سەھىھەين»دە يەنە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ‹نىسا› سۈرىسىنى ئوقۇپ بەردىم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[4]. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنى ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. 146

«السورة (سۈرە)» سۆزىنىڭ ئىككى خىل ئوقۇلۇش شەكلى بار: بىرى، ھەمزە بىلەن «السؤرة(سۇئرە)» دەپ ئوقۇش، يەنە بىرى، ھەمزىسىز ئوقۇش.

ھەمزىسىز ئوقۇش ئەۋزەل. قۇرئاندىمۇ ھەمزىسىز «السورة» دەپ كەلگەن.

بۇ ئىككى خىل ئوقۇش شەكلىنى ئىبنى قۇتەيبە «غەرىيبۇل ھەدىس» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان[5].

---

(1) ھافىز ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇل بارىي»، 9 - توم، 87 - بەتتە ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدقا مەنسۇپ قىلغان ۋە:«بۇ ئىسىل ئەخلاق، لېكىن ۋاجىپ ئەمەس» دېگەن.

(2) «بۇخارىي»، 4008 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 809 - ھەدىس.

(3) «بۇخارىي»، 1747 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1296 - ھەدىس.

(4) «بۇخارىي»، 4582 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 800 - ھەدىس.

(5) ئىبنى قۇتەيبە: «غەرىيبۇل ھەدىس»، 1 - توم، 241 - بەت.

## قىرائەتنى قىرائەت ئىماملىرىغا مەنسۇپ قىلىشنىڭ ھۆكمى

قىرائەتلەرنى «بۇ ئەبۇ ئەمرنىڭ قىرائىتى»، «بۇ نافىنىڭ قىرائىتى»، «بۇ ھەمزىنىڭ قىرائىتى» «بۇ كىسائىينىڭ قىرائىتى» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتاش مەكروھ ئەمەس. بۇ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلەر ئەمەل قىلىپ كەلگەن، ھېچكىم ئىنكار قىلمىغان، ئۆلىمالار تەرىپىدىن تاللانغان قاراشتۇر. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئىبراھىم نەخەئىي مۇنداق دېگەن:«ئۇلار (يەنى ساھابىلەر ۋە چوڭ تابىئىنلار) ‹پالانىنىڭ سۈننىتى›، ‹پالانىنىڭ قىرائىتى› دېيىشنى يامان كۆرەتتى» دېگەن. توغرىسى، بىز ئىلگىرى بايان قىلغان قاراشتۇر[1].

## كافىرغا قۇرئان ئۆگىتىشنىڭ ھۆكمى

147 كافىرنىڭ قۇرئان ئاڭلىشى چەكلەنمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّىٰ يَسْمَعَ كَلَامَ اللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ﴾ يەنى ﴿ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا) ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان بولىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن﴾[2].

ئەمما، ئۇلارنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى چەكلىنىدۇ[3].

ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىش دۇرۇسمۇ؟ شافىئىي ئۇستازلىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمان بولۇشىدىن ئۈمىد بولمىسا ئۆگىتىشكە بولمايدۇ. ئۈمىد بولسا، ئىككى خىل قاراش بار. بىرى، مۇسۇلمان بولۇشى ئۈمىد قىلىپ ئۆگىتىشكە بولىدۇ. بۇ سەھىھ، توغرا قاراشتۇر .

ئىككىنچى خىل قاراش: مۇسۇلمان بولۇشىدىن ئۈمىد بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا قۇرئاننى سېتىپ بېرىش دۇرۇس بولمىغاندەك، قۇرئان ئۆگىتىشمۇ دۇرۇس بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ قۇرئان ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەك توسامدۇق؟ بۇ مەسىلىدىمۇ ھەم ئىككى

(1) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 7 - توم، 191 - بەت.
(2) «تەۋبە» سۈرىسى، 6 - ئايەت.
(3) «كافىرلار قۇرئاننى ھۆرمەتلىمەيدىغان، بەزىدە ھاقارەتلەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى چەكلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ئۆزىنى ئەمەس، تەرجىمىسىنى بەرسە بولىدۇ – ت.

خىل قاراش بار[1].

## دەمدە قىلىش ئۈچۈن قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىشنىڭ ھۆكمى

ئۆلىمالار ئارىسىدا قاچىغا قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىپ، يۇيۇپ كېسەلگە سۈيىنى ئىچۈرۈشتە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت.

ھەسەن ئەلبەسرىي، مۇجاھىد، ئەبۇ قىلابە ۋە ئەۋزائىي قاتارلىقلار: «جائىز» دېسە، ئىبراھىم نەخەئىي: «مەكرۇھ» دەيدۇ[2].

شافىئىي ئۇستازلىرىمىزدىن قازى ھۈسەيىن، بەغەۋىي قاتارلىقلار: «تاتلىق - تۈرۈم دېگەندەك يېمەكلىكلەرگە قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىپ يېسە مەيلى» دەيدۇ.

قازى ھۈسەيىن: «ئايەت يېزىلغان ياغاچنى كۆيدۈرۈش مەكرۇھ» دەيدۇ.

## تام ۋە كىيىم - كېچەكلەرگە ئايەتلەرنى نەقىش قىلىپ ئويۇشنىڭ ۋە ئايەتلەردىن تىلتۇمار پۈتۈشنىڭ ھۆكمى



بىزنىڭ مەزھىبىمىزدە (يەنى شافىئىي مەزھىبىدە) ئايەتلەرنى ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى تامغا نەقىش قىلىپ ئويۇش، كىيىم - كېچەكلەرگە كەشتە تىكىش مەكرۇھ[3].

---

(1) كافىرلارنىڭ قۇرئاننى ئاڭلىشى ۋە ئۆگىنىشى ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغاچقا، ئۇلارنى قۇرئاننى ئاڭلاش ۋە ئۆگىنىشتىن توسۇشقا بولمايدۇ. جانابىي ئاللاھ «فۇسسىلەت» سۈرىسى 26 - ئايەتتە ﴿كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلارمۇمكىن» دەيدۇ﴾ دەپ بايان قىلغاندەك، قۇرئاننى ئاڭلاشنى ۋە ئۆگىنىشنى توسۇش كاپىرلارنىڭ ئىشىدۇر. «مۇددەسسىر» سۈرىسى 49 – 51 - ئايەتلەردە يەنە ئاللاھ تائالا قۇرئاننى ئاڭلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان كاپىرلارنى مۇنداق ئەيىبلىگەن: ﴿ئۇلار نېمىشقا ۋەز (يەنى قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر﴾. ئۇلار قۇرئاننى ئاڭلىسا ۋە ئۆگەنسە دىللىرى ئېرىمەي قالمايدۇ. نەتىجىدە ئۆگىنىشتە سەممىيتى يوق بولغانلىرىنىڭمۇ دىللىرىدىكى ئاللاھنى تونۇش فىترىتىنىڭ ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن شافىئىي مەزھەبتىكى بەزى ئالىملار ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىشنى چەكلىمەيدۇ. ئىمام مالىك بىلەن شافىئىي مەزھەبتىكى بەزى ئالىملارنىڭ كافىرلارنىڭ قۇرئان ئاڭلىشىنى ۋە ئۆگىنىشىنى چەكلىشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ قۇرئاننى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئاڭلىشى ۋە ئۆگىنىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىدا بۇنداق مەقسەتتە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغانلارغا ئۆگىتىشكە بولمايدۇ – ت.

(2) ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 382 - بەت؛ «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 5 - توم، 434 - بەت.

(3) «ئەلمەجمۇ»، 2 - توم، 88 - بەت.

ئەتا: «مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىگە قۇرئاننى يازسا مەيلى» دەيدۇ[1].

ئايەتلەردىن تىلتۇمار پۈتۈشنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، ئىمام مالىك: «قومۇش ياكى تېرىگە قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىپ تىكىپ تىلتۇمار پۈتسە مەيلى» دەيدۇ[2].

بەزى شافىئىي ئۇستازلىرىمىز تىلتۇمارغا باشقا نەرسىلەر بىلەن بىللە قۇرئان ئايەتلىرىنىمۇ يازسا ھارام ئەمەس، لېكىن تاھارەتسىز ھالدىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداق قىلمىغىنى ياخشى. ئايەتلەرنى يازغان بولسا ئىمام مالىك دېگەندەك تىكىپ ئاسراش ئارقىلىق ساقلاش لازىم، دەيدۇ. شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ شۇنداق پەتىۋا بەرگەن[3].

## دەمدە قىلىش ئۈچۈن ئايەت ئوقۇپ سۈفلەشنىڭ ھۆكمى

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ساھابىلەردىن ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئىسمى ۋەھب ئىبنى ئابدۇللاھ، ئۇنداق ئەمەس دېگۈچىلەرمۇ بار) نىڭ ۋە تابىئىنلاردىن ھەسەن ئەلبەسرىي، ئىبراھىم نەخەئىي قاتارلىقلارنىڭ بۇنداق قىلىشنى مەكرۇھ، دەپ قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[4].

149

تاللانغان قاراش شۇكى، قۇرئان ئوقۇپ، ھۈرۈپ دەم سېلىش مەكرۇھ ئەمەس، بەلكى سۈننەت ۋە مۇستەھەپتۇر.

سەھىھ ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەركېچە ياتىدىغان چېغىدا ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ تۇرۇپ «ئىخلاس»، «فەلەق»، «ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، «سۈف» دەپ ھۈرۈپ ئىككى قولى بىلەن بېشى، يۈزى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ بەدىنىنى قولى يەتكەن يەرگىچە ئۈچ قېتىم سىلايتى[5]. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم «سەھىھەين»دە رىۋايەت قىلغان.

«سەھىھەين»نىڭ بۇنىڭدىن باشقا بەزى رىۋايەتلىرىدە يەنە مۇنداق كەلگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالسا، مېنى بۇيرۇيتتى، مەن مەزكۇر سۈرىلەرنى ئوقۇپ ھۈرۈپ قوياتتىم» دېگەن[6]. يەنە بەزى رىۋايەتلىرىدە ئائىشە

---

(1) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 1 - توم، 498 - بەت.
(2) «مەۋاھىبۇل جەلىل»، 1 - توم، 304 - بەت
(3) «ئىبنى سەلاھ پەتىۋالىرى»، 1 - توم، 251 - بەت
(4) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 5 - توم، 441 - بەت.
(5) «بۇخارىي»، 5017 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2192 - ھەدىس.
(6) «بۇخارىي»، 5748 - ھەدىس.

رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كېسىلىدە ‹فەلەق›، ‹ناس› سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، ئۆزىگە ھۈرگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان چاغدا، مەن مەزكۇر سۈرىلەرنى ئوقۇپ، بەرىكەتلىك بولغاچقا ئۆز قولى بىلەن بەدىنىنى سىلىتىپ ھۈرۈپ قوياتتىم»[1]. يەنە بەزى رىۋايەتلىرىدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالسا ‹فەلەق›، ‹ناس› سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۈرەتتى» دېگەن[2].

لۇغەت ئالىملىرى: «النفث (يەنى ‹سۈف› دېيىش) دېگەن تۈكۈرۈكسىز يېنىك پۈۋلەشتۇر» دېگەن.



(1) «بۇخارىي»، 5735 - ھەدىس.
(2) «مۇسلىم»، 2192 - ھەدىس.

# سەككىزىنچى باب

## مەلۇم ۋاقىت ۋە ئەھۋاللاردا ئوقۇش مۇستەھەپ بولغان ئايەت ۋە سۈرىلەر توغرىسىدا

بۇ بابنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ۋە سەلەفلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىسىنى بايان قىلىپ بولۇش قىيىن. لېكىن، بۇ بابتىكى كۆپىنچە مەسىلىلەر ئاۋام - خاس ھەممىگە تونۇشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە مەسىلىلەرگە دەلىللىرىنى بايان قىلماستىن قىسقا ئىبارىلەر بىلەن ئىشارە قىلىپ ئۆتىمىز.

شۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرى رامىزان ئېيىدا، بولۇپمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە، ئاخىرقى ئون كۈننىڭ تاق كېچىلىرىدە، زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈندە، ئەرافات كۈندە، جۈمە كۈندە، بامداتتىن كېيىن ۋە كېچىلەردە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش سۈننەتتۇر. «ياسىن»، «ۋاقىئە» ۋە «مۈلك» سۈرىلىرىنى ئوقۇپ تۇرۇش لازىم.



## ئىمام جۈمە نامىزى ۋە ئىككى ھېيت نامازلىرىدا ئوقۇيدىغان سۈرىلەر

جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا بىرىنچى رەكئەتتە «فاتىھە»دىن كېيىن «سەجدە» سۈرىسىنى تولۇق ئوقۇش، ئىككىنچى رەكئەتتە «ئىنسان» سۈرىسىنى تولۇق ئوقۇش سۈننەتتۇر. مەسجىد ئىماملىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىلىپ كېلىۋاتقان ھەرئىككى سۈرىدىن بىرنەچچە ئايەتنى سوزۇپ قىرائەت قىلىپ ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى، تەرتىل بىلەن دانمۇدانە، ئوچۇق، نورمال سۈرئەتتە قىرائەت قىلىپ ھەرئىككى سۈرىنى كامىل ئوقۇش لازىم.

جۈمە نامىزىدا بىرىنچى رەكئەتتە «جۇمۇئە» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە «مۇنافىقۇن» سۈرىسىنى تولۇق ئوقۇش سۈننەتتۇر. خالىسا بىرىنچى رەكئەتتە «ئەئلا» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە «غاشىيە» سۈرىسىنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ھەرئىككىلىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سەھىھ يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنغان[1]. بىز باشتا دەپ ئۆتكەندەك، بۇ سۈرىلەردىن بىرنەچچە ئايەتلەرنى ئوقۇپلا بولدى قىلماي، تولۇق ئوقۇشى لازىم.

---

(1) «مۇسلىم»، 878 - ۋە 879 - ھەدىسلەر.

ھېيت نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «قاف» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە «قەلەم» سۈرىسىنى ئوقۇش ھەم سۈننەتتۇر. خالىسا «ئەئلا» سۈرىسى بىلەن «غاشىيە» سۈرىسىنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ھەرئىككىلىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سەھىھ يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنغان[1]. بۇ سۈرىلەردىن بىرنەچچە ئايەتنى ئوقۇپلا بولدى قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

## بامدات بىلەن شامنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى، ئىستىخارە نامىزى ۋە ھېيت نامازلىرىدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر

بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «فاتىھە»دىن كېيىن «كافىرۇن» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە «ئىخلاس» سۈرىسىنى ئوقۇيدۇ. ئەگەر خالىسا بىرىنچى رەكئىتىدە ﴿قُولُوا آمَنَّا بِاللَّهِ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْنَا﴾(بەقەرە: 136) دېگەن ئايەتنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە ﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا إِلَىٰ كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا﴾(ئال ئىمران: 64) دېگەن ئايەتنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ھەرئىككىلىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقى سەھىھ يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنغان[2].

ناماز شامنىڭ سۈننىتى[3]، تاۋاپ نامىزى[4] ۋە ئىستىخارە نامازلىرىنىڭ[5]، بىرىنچى



(1) «مۇسلىم»، 891 - ھەدىس.
(2) «مۇسلىم»، 726 -، 727 - ۋە 100 - ھەدىسلەر.
(3) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 2 - توم، 24 - ھەدىس؛ «نەسائىي»، 2 - توم، 170 - ھەدىس؛ «سۈنەن بەيھەقىي»، 3 - توم، 43 - ھەدىس.
(4) «مۇسلىم»، 1218 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 869 - ھەدىس.
(5) ھافىز ئىراقىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىستىخارە نامىزىدا مۇئەييەن سۈرە ئوقۇش ھەققىدە ھەدىس كىتابلىرىدا ھېچبىر رىۋايەت ئۇچراتمىدىم، لېكىن ئىمام نەۋەۋىي تىلغا ئالغان سۈرىلەر ئىستىخارە نامىزىغا مۇناسىپ سۈرىلەردۇر. ‹كافىرۇن› ۋە ‹ئىخلاس› سۈرىلىرى چىن ئىخلاسنى ئىپادىلەيدىغان سۈرىلەر بولغاچقا، چىن ئارزۇ، بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھقا ھەقىقىي تاپشۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان ئىستىخارە نامىزىدا ئوقۇش مۇناسىپتۇر. ئىمام نەۋەۋىيدىن بۇرۇن ئىمام ئەلغەززالىي ئىستىخارە نامىزىدا بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇشنى سۆزلەپ ئۆتكەن (‹ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن›، 1 - توم، 353 - بەت). ناۋادا ‹قەسەس› سۈرىسىنىڭ 68 - ئايىتى، ‹ئەھزاب› سۈرىسىنىڭ 36 - ئايىتىگە ئوخشاش تاللاش ھوقۇقىنىڭ ئاللاھنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن ئايەتلەرنى ئوقۇسا ياخشى» ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ياخشىسى بىرىنچى رەكئەتتە ‹كافىرۇن› سۈرىسىدىن بۇرۇن ‹قەسەس› سۈرىسىنىڭ ﴿وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ وَيَخْتَارُ﴾ (68 - ئايەت) دېگەن ئايىتىدىن ﴿تُرْجَعُونَ﴾ دېگەن يېرىگىچە، ئىككىنچى رەكئەتتە ‹ئىخلاس› سۈرىسىدىن بۇرۇن ‹ئەھزاب› سۈرىسىنىڭ ﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ﴾ دېگەن ئايىتىدىن ﴿مُّبِينًا﴾ دېگەن يېرىگىچە ئوقۇشتۇر. گەرچە بۇ ھەدىسلەردە كەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئايەتلەرمۇ ‹كافىرۇن› ۋە ‹ئىخلاس› سۈرىلىرىگە ئوخشاشلا ئىستىخارە نامىزىدا ئوقۇشقا مۇناسىپتۇر» (ئەلفۇتۇھاتۇررابانىييە، 3 - توم، 354 - بەت).

رەكئەتتە «كافىرۇن» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە «ئىخلاس» سۈرىسىنى ئوقۇيدۇ.

ۋىتىر نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە «ئەئلا» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە «كافىرۇن» سۈرىسىنى، ئۈچىنچى رەكئەتتە «ئىخلاس»، «فەلەق» ۋە «ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇيدۇ.

## جۈمە كۈنى ئوقۇش مۇستەھەپ بولغان سۈرىلەر

جۈمە كۈنى «كەھف» سۈرىسىنى ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ «ئەلئۇم» ناملىق كىتابىدا: «‹كەھف› سۈرىسىنى جۈمە كېچىسى ئوقۇش ھەم مۇستەھەپتۇر» دېگەن[1].

ئىمام ئەبۇ مۇھەممەد دارىمىي ئۆز سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزى بۇنىڭ دەلىلىدۇر: «كىمكى جۈمە كېچىسى ‹كەھف› سۈرىسىنى ئوقۇسا (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭ بىلەن بەيتۇللا ئارىسىدىكى ئارىلىق نۇر بىلەن يورۇتۇپ بېرىلىدۇ»[2].

153 دارىمىي جۈمە كۈنى «ھۇد» سۈرىسىنى ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى ھەققىدە بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان[3].

كاتتا تابىئىن مەكھۇل رەھىمەھۇللاھدىن جۈمە كۈنى «ئال ئىمران» سۈرىسىنى ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى رىۋايەت قىلىنغان[4].

## «ئايەتۇلكۇرسى»نى، «فەلەق» ۋە «ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى

«ئايەتۇلكۇرسى»نى ھەركېچە ياتىدىغان چاغدا ۋە باشقا ۋاقىتلاردىمۇ كۆپ ئوقۇش، ھەرنامازنىڭ ئارقىسىدىن «فەلەق» ۋە «ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. سەھىھ ھەدىستە ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

(1) «ئەلئۇم»، 2 - توم، 432 - بەت.
(2) «دارىمىي»، 2450 - ھەدىس.
(3) «دارىمىي»، 3446 - ھەدىس. بۇ ھەدىسنىڭ تېكىستى مۇنداق: كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنى ‹ھۇد› سۈرىسىنى ئوقۇڭلار».
(4) دارىمىي مەكھۇل رەھىمەھۇللاھدىن ئۇنىڭ «كىمكى جۈمە كۈنى «ئال ئىمران» سۈرىسىنى ئوقۇسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا كېچىگىچە قەدەر رەھمەت تىلەيدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. «دارىمىي»، 3440 - نومۇر.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنى ھەرنامازنىڭ كەينىدىن ‹فەلەق› ۋە ‹ناس› سۈرىلىرىنى ئوقۇشقا بۇيرۇغان» بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي ۋە نەسەئىي رىۋايەت قىلغان. تىرمىزىي «ھەسەن، سەھىھ» دەپ باھا بەرگەن[1].

## ئۇخلايدىغان چاغدا ئوقۇيدىغان ئايەت ۋە سۈرىلەر

ئۇخلايدىغان چاغدا «ئايەتۇل كۇرسى»نى، «ئىخلاس»، «فەلەق»، «ناس» سۈرىلىرىنى، «بەقەرە» سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتىنى ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. بۇ ھەقتە نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن.

«سەھىھەين»دە ئەبۇ مەسئۇد بەدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «كىمكى كېچىدە ‹بەقەرە› سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇيدىكەن، ئۇ ئايەتلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن كۇپايىدۇر»[2].

بىر قىسىم ئۆلىمالار:«ئۇ ئىككى ئايەت كېچە نامىزىغا كۇپايە» دېسە، يەنە بەزى ئۆلىمالار:«شۇ كېچە كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ساقلاشقا كۇپايە» دەيدۇ.



ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەركېچىسى «ئىخلاس»، «فەلەق»، «ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇيتتى[3]. بىز بۇنى يۇقىرىدا «دەمىدە قىلىش ئۈچۈن ئايەت ئوقۇپ سۈفلەشنىڭ ھۆكمى» دېگەن تېمىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئۆز سەنەدى بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئىسلامغا كىرگەن ھەرقانداق ئاقىلنى ‹ئايەتۇل كۇرسى›نى ئوقۇماستىن ئۇخلايدۇ دەپ ئويلىمايمەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[4].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن ھېچبىر ئاقىلنى ‹بەقەرە› سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتىنى ئوقۇماستىن ئۇخلايدۇ دەپ ئويلاپ باقمىدىم». بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى بۇخارىي ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتى بويىچە سەھىھتۇر[5].

---

(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 1523 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2903 - ھەدىس.

(2) «بۇخارىي»، 5009 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 807 - ھەدىس.

(3) «بۇخارىي»، 5017 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2192 - ھەدىس.

(4) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 7 - توم، 47 - بەت؛ ھافىز ئىبنى ھەجەر: «نەتائىجۇل ئەفكار»، 3 - توم، 91 - بەتتە بۇنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدقا مەنسۇپ قىلغان ۋە:«ھەسەن» دەپ باھالىغان.

(5) «دارىمىي»، 3427 - نومۇر؛ «نەتائىجۇل ئەفكار»، 3 - توم، 90 - بەت.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ‹ئىخلاس›، ‹فەلەق›، ‹ناس› سۈرىلىرىنى ئوقۇماستىن ھېچبىر كېچىنى ئۆتكۈزمىگىن» دېگەن ئىدى. مەن ئۇلارنى ئوقۇماستىن ھېچبىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ باقمىدىم»[1].

ئىبراھىم نەخەئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى ساھابىلەر) ھەركېچىسى «ئىخلاس»، «فەلەق»، «ناس» سۈرىلىرىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى». بۇ رىۋايەتنىڭ سەنەدى مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن سەھىھتۇر. يەنە ئىبراھىم نەخەئىينىڭ: «ئۇلار ياتىدىغان چاغدا ‹فەلەق›، ‹ناس› سۈرىلىرىنى ئوقۇش ھەققىدە باشقىلارغا تەلىم بېرەتتى» دېگەنلىكمۇ رىۋايەت قىلىندۇ[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹زۇمەر› ۋە ‹بەنى ئىسرائىل› سۈرىلىرىنى ئوقۇماستىن ئۇخلىمايتتى». بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە: «ھەسەن ھەدىس» دېگەن[3].

## ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن ئوقۇيدىغان ئايەتلەر

155

ھەركېچە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا «ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ﴿إن في خلق السموات والأرض﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلاپ «ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ ئاخىرغىچە ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. «سەھىھەين»دە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئويغانغان ۋاقىتتا «ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىنى ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[4].

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 4 - توم، 158 - ھەدىس؛ «تارىخي ئىبنى ئەساكىر»، 9 - توم، 101 - ھەدىس.

(2) بۇ ئىككى رىۋايەتنى ھافىز ئىبنى ھەجەر «نەتائىجۇل ئەفكار»دا ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇدقا مەنسۇپ قىلغان ۋە بۇ رىۋايەتلەرنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ھەرئىككى رىۋايەت بارلىق رىۋايەتچىلىرى بىلەن بىرگە ھەسەن» دېگەن ۋە ئىمام نەۋەۋىينىڭ: «بۇ رىۋايەتلەر مۇسلىمنىڭ شەرتى بويىچە سەھىھ» دەپلا بولدى قىلغانلىقىغا ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتقان.

(3) «تىرمىزىي»، 2920 - ھەدىس.

(4) «بۇخارىي»، 4569 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 763 - ھەدىس.

## كېسەل كىشىنىڭ يېنىدا ئوقۇيدىغان ئايەت ۋە سۈرىلەر

كېسەلنىڭ يېنىدا «فاتىھە»نى ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىستىكى: «ئۇ (يەنى «فاتىھە») نىڭ شىپا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟»[1] دېگەن سۆزى بۇنىڭغا دەلىلدۇر.

كېسەلنىڭ يېنىدا يەنە «ئىخلاس»، «فەلەق»، «ناس» سۈرىلىرىنى ئىككى قولىغا ھۈرۈپ ئوقۇش ھەم مۇستەھەپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بىز بۇنى يۇقىرىدا «دەممەدە قىلىش ئۈچۈن ئايەت ئوقۇپ سۈفلەش»تە بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

تەلھە ئىبنى مۇسەررىپ رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:«كېسەل كىشىنىڭ يېنىدا قۇرئان ئوقۇسا كېسىلى يەڭگىللەيدۇ دەپ قارىلاتتى. مەن خەيسەمەنىڭ يېنىغا كىرىپ (ئۇ كېسەل ئىدى):

– بۈگۈن كېسىلىڭ ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، – دېسەم، ئۇ:

– شۇنداق، چۈنكى مېنىڭ يېنىمدا قۇرئان ئوقۇلدى، دېدى»[2].



خەتىب باغدادىي رەھمەھۇللاھ ئۆز سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەددىس رەمادىي رەھمەھۇللاھ بىرەر كېسەلگە مۇپتىلا بولسا ‹مۇھەددىسلەرنى چاقىرىپ كېلىڭلار› دەيتتى. ئۇلار كەلسە ئۇلارغا: ‹ماڭا ھەدىس ئوقۇپ بېرىڭلار› دەيتتى»[3]. بۇ كېسەلگە ھەدىس ئوقۇشنىڭ گېپى، ئۇنداق بولغان ئىكەن، كېسەلگە قۇرئان ئوقۇش تېخىمۇ ئەۋزەل.

## مېيىتنىڭ يېنىدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر

شافىئىي مەزھىبىدىكى ئۇستازلىرىمىز ۋە باشقا مەزھەبتىكى ئۆلىمالار مېيىتنىڭ يېنىدا «ياسىن»نى ئوقۇش مۇستەھەپ دېگەن. ئۇلار بۇ سۆزگە مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر

---

(1) «بۇخارىي»، 5736 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 763 - ھەدىس.

(2) «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 384 - بەت؛ «ئىمان شاخلىرى»، 2343 - نومۇر.


(3) «ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ پەزىلىتى»، 86 - بەت.

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېيىتلىرىڭلارغا ‹ياسىن›نى ئوقۇڭلار». بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئىي «كېچە ۋە كۈندۈز ئەمەللىرى» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنى يەنە ئىبنى ماجەمۇ زەئىپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان[1].

مۇجالىد شەئبىينىڭ: «ئەنسارلار مېيىتنىڭ يېنىدا ‹بەقەرە› سۈرىسىنى ئوقۇيتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. مۇجالىد ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا ئىشەنچسىز كىشىدۇر[2].



(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 3121 - ھەدىس؛ نەسائىي: «كېچە ۋە كۈندۈز ئەمەللىرى»، 1082 - ھەدىس. «ئىبنى ماجە»، 1448 - ھەدىس.
(2) «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 2 - توم، 123 - بەت.



# توققۇزىنچى باب

## «قۇرئان»نىڭ يېزىلىشى ۋە مۇسھەفنىڭ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

شۇنى بىلىڭكى، «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىلا بۆلگۈنكىدەك رەتلىنىپ بولغان. ئەمما، بىر كىتاب ھالىتىدە ئەمەس، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ئىدى. بەزى ساھابىلەر تولۇق يادلىغان بولسا، يەنە بەزىلىرى مەلۇم قىسمىنى يادلىغان.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، كۆپلىگەن قارىيلار شەھىد بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارىي ساھابىلەرنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن كېيىنكىلەر ئارىسىدا قۇرئان ھەققىدە ئىختىلاپ پەيدا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ قۇرئاننى بىر كىتاب ھالىتىگە ئەكىلىش ھەققىدە ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالدۇ. ساھابىلەرمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرئاننى بىر كىتابقا يېزىپ توپلاپ ئۇنى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ساقلايدۇ[1].



ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى يۇرت - يۇرتلارغا تارقىلدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان ھەققىدە ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، بەزى ئايەتلەرنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى ياكى بەزى سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ساھابىلەر بىرلىككە كەلگەن، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ساقلانغان «قۇرئان»دىن بىرنەچچە نۇسخا كۆچۈرۈپ، شەھەر - شەھەرلەرگە ئەۋەتىدۇ ۋە باشقا نۇسخىلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇيدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئىشىغا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق بارلىق ساھابىلەر بىردەك قوشۇلغان.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاننى بىر كىتاب ھالىتىگە ئەكەلمىگەن ئىدى. چۈنكى، ئايەتلەر يەنە چۈشۈشى ۋە بەزى ئايەتلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ئېھتىماللىق داۋاملىق مەۋجۇت ئىدى. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەبۇبەكرى ۋە باشقا ساھابىلەر بۇ ئېھتىماللىقنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولدى. دەۋر ئېھتىياجى ھەم ئۇنى جۇغلاشنى تەقەززا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر قۇرئاننى بىر كىتابقا جۇغلىدى.

---

(1) «بۇخارىي»، 4986 - ھەدىس.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھەر - شەھەرلەرگە ئەۋەتكەن قۇرئانلارنىڭ سانى مەسلىسىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت.

ئىمام ئەبۇ ئەمر دانىي: «كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى تۆت نۇسخا كۆچۈرۈپ، بىرىنى بەسرەگە، بىرىنى كۇفەگە، بىرىنى شامغا ئەۋەتكەن، يەنە بىرىنى بولسا ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغان، دەپ قارايدۇ» دەيدۇ[1]، ئەبۇ ھاتىم ئەسسىجىستانىي:«ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى يەتتە نۇسخا كۆچۈرۈپ، بىرىنى مەككىگە، بىرىنى شامغا، بىرىنى يەمەنگە، بىرىنى بەھرەيىنگە، بىرىنى بەسرەگە، بىرىنى كۇفەگە ئەۋەتكەن، يەنە بىرىنى بولسا مەدىنىدە ئېلىپ قالغان» دەيدۇ[2].

بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەسلەپ توپلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ قىسقىچە بايانىدۇر. بۇ ھەقتە «سەھىھۇل بۇخارىي»دا نۇرغۇن ھەدىسلەر بار.

«المصحف(مۇسھەف)» كەلىمىسىدىكى «مىم» ھەرپىنى پەش ئوقۇش، زەۋەر ئوقۇش ۋە زىر ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوقۇش شەكلى بار. پەش ۋە زىر ئوقۇش مەشھۇر ئوقۇش شەكىللىرىدۇر. زەۋەر ئوقۇشنى بولسا، ئەبۇ جەئفەر نەھھاس قاتارلىقلار تىلغا ئالغان.



## «قۇرئان كەرىم»نى يېزىش ۋە ئۇنىڭغا چېكىت، زىر، زەۋەر، پەش قاتارلىق بەلگىلەرنى قويۇشنىڭ ھۆكمى

ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نى چىرايلىق، ھەرپلىرى ئوچۇق، دانىمۇدانە، ئالدىرىماي، ھەرپلەرنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈۋەتمەي يېزىشنىڭ مۇستەھەپلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.

ئۆلىمالار:«قۇرئانغا چېكىت ۋە بەلگىلەر (زىر، زەۋەر، پەش) نى قويۇش مۇستەھەپ، چۈنكى بۇ قۇرئان ئوقۇغاندا خاتالىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دەيدۇ.

شەئبىي ۋە ئىبراھىم نەخەئىينىڭ چېكىت قويۇشنى مەكرۇھ دەپ قارىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا قۇرئانغا ئۆزگەرتىش كىرىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. ھازىر ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغانلىقىمىز ئۈچۈن چېكىت قويۇش چەكلەنمەيدۇ ۋە بىدئەت دېيىمۇ توسۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىلمىي كىتابلارنى يېزىش، مەدرىسە، رابات ۋە كارۋانسارايلارنى بىنا قىلىشقا ئوخشاش «ياخشى يېڭىلىقلار» قاتارىدىندۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

(1) «ئەلمۇقنىئۇ فى مەئرىفەتى مەرسۇمى مەساھىفى ئەھلىل ئەمسار»، 9 - بەت.
(2) ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد: «ئەلمەساھىف»، 116 - نومۇر.

## قۇرئاننى ناپاك نەرسىلەر بىلەن يېزىش ۋە تامغا يېزىشنىڭ ھۆكمى

قۇرئاننى ناپاك نەرسىلەر بىلەن يېزىش جائىز ئەمەس.

تاملارغا ئايەت يېزىش بىزنىڭ مەزھىبىمىزدە مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئەتانىڭ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن جائىز بولىدۇ دېگەن قارىشى بار[1].

بىز يۇقىرىدا يەنە «ئايەت يېزىلغان يېمەكلىكلەرنى يېيىسە بولىدۇ، ئايەت يېزىلغان ياغاچنى كۆيدۈرۈش مەكرۇھ» دېگەنىدۇق[2].

## قۇرئاننى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداشنىڭ ۋاجىپلىقى

بارلىق مۇسۇلمانلار قۇرئاننى قوغداش ۋە ھۆرمەتلەشنىڭ ۋاجىپلىقىدا بىرلىككە كەلگەن. شافىئىي ئۇستازلىرىمىز ۋە باشقا مەزھەپ ئالىملىرى:«ناۋادا مۇسۇلمان كىشى قۇرئاننى ئەخلەتكە تاشلىسا (ئاللاھ ساقلىسۇن!) كاپىر بولىدۇ» دېگەن.

161

ئۆلىمالار:«قۇرئاننى ياستۇق قىلىپ يېتىش ھارام. قۇرئانلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئىلىم كىتابلىرىنى بېشىغا قويۇپ يېتىشمۇ ھارام، قۇرئان ئېلىپ كېلىنسە ئورنىدىن تۇرۇش مۇستەھەپ» دېگەن. چۈنكى، پەزىلەت ئەھلى بولغان ئۆلىمالار ۋە سالىھلارغا ئورنىدىن تۇرۇش مۇستەھەپ بولغان ئىكەن، قۇرئانغا ئورنىدىن تۇرۇش ئەلۋەتتە مۇستەھەپتۇر. پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ مۇستەھەپلىكىنىڭ دەلىللىرىنى بۇ تېمىدا مەخسۇس يازغان «رىسالەم»[3]دە بايان قىلدىم.

بىز يەنە ئىمام دارىمىينىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلدۇقكى، ئىبنى ئەبى مۇلەيكە مۇنداق دەيدۇ: ئىكرىمە ئىبنى ئەبى جەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

(1) ئەتا مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىگە قۇرئاننى يازسا مەيلى، دەيدۇ. «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبى شەيبە»، 1 - توم، 498 - بەت.

(2) تولۇقلىما: ئايەت يېزىلغان نەرسىلەرنى دەسسىلىپ خارلىنىشتىن ساقلاش نىيىتىدە كۆيدۈرۈش مەكرۇھ ئەمەس. بەلكى قوغداش ئۈچۈن كۆيدۈرۈش زۆرۈر بولسا، كۆيدۈرۈش ۋاجىپتۇر. ئۇستازلىرىمىزنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق قاراشلىرىغا ئاساسەن، كۆيدۈرۈۋېتىشتىن يۇيۇۋېتىش ئەۋزەل (ئىبنى ھەجەرنىڭ «تۇھفەتۇل موھتاج» ناملىق كىتابىنىڭ 1 - توم، 155 - بەتكە قاراڭ).

(3) ئىمام نەۋەۋىينىڭ «مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى پەزىلەتلىك، يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇش رۇخسەت» ناملىق رىسالىسىنىڭ 34 – 54 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

قۇرئاننى يۈزىگە يېقىپ: «پەرۋەردىگارىمنىڭ كىتابى، پەرۋەردىگارىمنىڭ كىتابى» دەيتتى[1].

## قۇرئاننى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىش، زىممىي (مۇسۇلمانلار دۆلىتىدىكى مۇسۇلمان ئەمەس پۇقرا) غا قۇرئان سېتىش، ساراڭ كىشىنىڭ ۋە كىچىك بالىنىڭ قۇرئاننى كۆتۈرۈشىنىڭ ھۆكمى

قۇرئاننىڭ دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولسا، قۇرئاننى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىش ھارامدۇر. «سەھىھەين»دىكى مەشھۇر ھەدىستە، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا قۇرئان ئېلىپ دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىشتىن توسقان»[2].

زىممىيلارغا قۇرئان سېتىش ھارامدۇر. سودىنىڭ دۇرۇس بولۇش - بولماسلىقىدا ئىمام شافىئىيدىن ئىككى خىل رىۋايەت كەلگەن: بىرى، سودىسى دۇرۇس ئەمەس. بۇ توغرىراق رىۋايەت. يەنە بىرى، دۇرۇس، لېكىن زىممىي «قۇرئان»نى دەرھال قولىدىن چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇلىدۇ.

162

ساراڭ ۋە ئاق - قارىنى ئايرىيالمايدىغان كىچىك بالىنىڭ قۇرئاننىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىيالماسلىق ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئاننى كۆتۈرۈشى چەكلىنىدۇ. بۇ چەكلەش ئۇلارنىڭ ھامىيلىرىغا (يەنى ئىگىلىرىگە) ۋە ئۇلارنىڭ قۇرئاننى كۆتۈرۈشكە تەمشەلگەنلىكىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىگە ۋاجىپتۇر.

## تاھارەتسىز كىشىنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى ۋە كۆتۈرۈشىنىڭ ھۆكمى

تاھارەتسىز كىشىنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى ۋە كۆتۈرۈشى مەيلى بىرەر نەرسە بىلەن كۆتۈرسۇن ياكى بىۋاسىتە كۆتۈرسۇن، ئايەتلەرنىڭ ئۆزىنى تۇتسۇن، ياكى چۆرىسىدىكى ئىزاھاتلارنى تۇتسۇن، ياكى مۇقاۋىسىنى تۇتسۇن ئوخشاشلا ھارامدۇر. قۇرئان سېلىنغان ساندۇق، قاپچا ۋە خالتىلارنى تاھارەتسىز تۇتۇش ۋە كۆتۈرۈشمۇ ھارامدۇر. بۇ شافىئىي مەزھىبىدىكى ئىشەنچلىك ۋە تاللانغان قاراشتۇر. قۇرئان سېلىنغان ساندۇق، قاپچا ۋە خالتىلارنى تۇتۇش ۋەكۆتۈرۈش

(1) «دارىمىي»، 3393 - نومۇر.

(2) «بۇخارىي»، 2990 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1869 - ھەدىس.

ھارام ئەمەس دېگەن قاراشمۇ بار، لېكىن بۇ ئاجىز قاراشتۇر[1].

ئايەت يېزىلغان تاختايمۇ يېزىلغان ئايەت ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئوخشاشلا قۇرئاننىڭ ھۆكمىدە، شۇڭا ئۆگىنىش ئۈچۈن ئايەتنىڭ بىر قىسمىنى يازغان تاختاينىمۇ تاھارەتسىز تۇتۇش ھارامدۇر[2].

## قۇرئاننى بىۋاسىتە قول تەگكۈزمەي بىرەر نەرسە بىلەن ۋاراقلاشنىڭ ھۆكمى

تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ كىشى، ياكى ھەيزدار قۇرئان بەتلىرىنى خەتكۈش دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئۆرىگەن بولسا، بۇنىڭ دۇرۇس بولۇش - بولماسلىقىدا شافىئىي ئۇستازلىرىمىز ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش بار:

بىرىنچى خىل قاراش: جائىزدۇر. بۇ ئىراقلىق ئۇستازلىرىمىزنىڭ كېسىپ ئېيتقان سۆزى بولۇپ، بۇ كۈچلۈكرەك قاراشتۇر.

163 ئىككىنچى خىل قاراش: ھارام. چۈنكى، ئۇ قۇرئاننىڭ بىر ۋارىقىنى كۆتۈرگەن بولىدۇ. قۇرئاننىڭ بىر ۋارىقىمۇ (ھۆكۈمدە) ھەممىسىگە ئوخشاشتۇر.

ئەمما، يېڭىنى قولىغا يۆگەپ، يېڭى ئارقىلىق ۋاراق ئۆرىگەن بولسا، ھەممە ئۇستازلىرىمىزنىڭ قارىشىدا بىردەك ھارامدۇر. بۇ مەسىلىدىمۇ ئىككى خىل قاراش بار دېگەن ئۇستازلىرىمىز خاتالاشقان. توغرىسى، يېڭى ئارقىلىق بەت ئۆرۈش كەسكىن ھارامدۇر. چۈنكى، بەت قول ئارقىلىق ئۆرۈلىدۇ، يەڭ ئارقىلىق ئەمەس.

---

(1) قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتماسلىق ئەۋزەل. تاھارەتسىز تۇتۇشنى كۆپچىلىك ئالىملار چەكلەيدۇ. بەزى سەلەفلەر چەكلىمەيدۇ («تەفسىرى قۇرتۇبىي»، 17 - توم، 227 - بەت). شۇڭا، قۇرئاننى تۇتقاندا تاھارەتلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. تاھارەت ئېلىش ئەپسىز بولغان چاغلاردا قۇرئان ئوقۇشتىن ئۆزىنى مەھرۇم قىلماسلىق ئۈچۈن تاھارەتسىز تۇتسا بولىدۇ، دېگەن قاراش بويىچە ئەمەل قىلسىمۇ بولىدۇ. قاپچۇق بىلەن تۇتۇش مەسىلىسىدىمۇ ھەنەفىي مەزھەب قارىشىدا تاھارىتى يوق كىشى، «قۇرئان كەرىم»نى ئايرىلىدىغان، يەملىشىپ تىكىلمىگەن قاپچۇق بىلەن ياكى يېڭى بىلەن تۇتسا بولىدۇ. بەزىلەر بۇنداق تۇتۇشنىمۇ مەكرۇھ دەپ قارىغان («ئەلئىختىيار»، 1 - توم، 62 - بەت) — ت.

(2) تۇمار ۋە پۈلگە ئوخشاش نەرسىلەردىكى ئايەتلەر ئۆگىنىش نىيىتىدە يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

## تاھارەتسىز كىشىنىڭ قۇرئاننى يېزىشىنىڭ ھۆكمى

تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ كىشى قۇرئاننى يازغان بولسا، يېزىۋېتىپ قەغەزنى تۇتسا ياكى كۆتۈرسە ھارام. ئەگەر تۇتمىسا ياكى كۆتۈرمىسە بۇنىڭدا شافىئىي ئۇستازلىرىمىز ئارىسىدا ئۈچ خىل قاراش بار:

بىرىنچى خىل قاراش: جائىزدۇر. بۇ شافىئىي مەزھىبىدىكى توغرا قاراشتۇر.

ئىككىنچى خىل قاراش: ھارام.

ئۈچىنچى خىل قاراش: تاھارەتسىز كىشىگە دۇرۇس، جۇنۇپ كىشىگە ھارام.

## تەپسىر، فىقھى، ھەدىس كىتابلىرىدەك قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلارنى تۇتۇشنىڭ ھۆكمى

تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ، ياكى ھەيزدار فىقھى كىتابلىرى قاتارلىق قۇرئان ئايەتلىرى بار كىتاب، ئايەت كەشتىلەنگەن كىيىم، ئايەت بېسىلغان تەڭگە، تىللا قاتارلىق نەرسىلەرنى تۇتسا، كۆتۈرسە ياكى ئىچىدە قۇرئان بار يۈك - تاقلارنى كۆتۈرسە ياكى ئايەت ئويۇلغان نان، تاتلىق - تۈرۈم، تام ... قاتارلىقلارنى سىلىسا، شافىئىي مەزھىبىدىكى كۈچلۈك قاراش: بۇلارنىڭ ھەممىسى جائىزدۇر. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر قۇرئان ئەمەس. بۇ مەسىلىدە بەزى ئۇستازلىرىمىزدىن بۇ ئىشلارنى ھارام دەيدىغان قاراشمۇ كەلگەن.

قازىكالان ئەبۇل ھەسەن ماۋەردىي ئۆزىنىڭ «ئەلھاۋىي» ناملىق كىتابىدا: «ئايەت كەشتىلەنگەن رەختلەرنى تۇتۇش جائىز، ئەمما، ئۇنى كىيىم قىلىپ كىيىش بىردەك جائىز ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق كىيىملەرنى كىيىشتىكى مەقسەت قۇرئان بىلەن بەرىكەت تىلەشتۇر» دەيدۇ[1]. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئاجىز بولۇپ، بۇنىڭغا بىرەرسىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كۆرمىدىم. ئەكسىچە شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد ئەلجۇۋەينىي ۋە باشقىلار بۇ كىيىملەرنى كىيىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ئوچۇق بايان قىلغان. مانا بۇ شافىئىي مەزھىبىدىكى توغرا قاراشتۇر. ئالللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

تەپسىر كىتابلىرىنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، ئەگەر تەپسىردىن ئايەت كۆپ بولسا تۇتۇش ۋە كۆتۈرۈش ھارام. ئەمما، تەپسىر ئايەتتىن كۆپ بولسا (ئادەتتە كۆپىنچە شۇنداق بولىدۇ)

---

(1) «ئەلھاۋىي»، 1 - توم، 176 - بەت.

بۇنداق ئەھۋال ھەققىدە ئۈچ خىل قاراش بار:

بىرىنچى: ھارام ئەمەس[1]. بۇ ئەڭ توغرا قاراش.

ئىككىنچى: ھارام.

ئۈچىنچى: ئايەتلەر چوڭ خەت بىلەن ياكى قىزىل ۋە باشقا رەڭلەر بىلەن ئايرىلغان بولسا، بۇنداق تەپسىرلەرنى تۇتۇش ۋە كۆتۈرۈش ھارام، ئايرىلمىغان بولسا ھارام ئەمەس.

شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن «ئەتتەتىممە» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى: «ھارام، ھارام ئەمەس دېگەن تەقدىردىمۇ مەكروھ دېيىمىز» دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى يېزىلغان كىتابلارنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، ئەگەر ئۇنىڭدا ئايەت بولمىسا تۇتۇشمۇ ھارام بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ تاھارەتسىز تۇتمىغان ياخشى. ئەگەر ئۇنىڭدا ئايەت بولسا بىزنىڭ مەزھىبىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قاراشتا يەنىلا ھارام ئەمەس، بەلكى مەكروھتۇر. بەزى ئۇستازلىرىمىزدىن ھارام دەيدىغان قاراشمۇ كەلگەن. فىقھى كىتابلىرىدا كېيىنكى مۇشۇ قاراش كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

ئەمما، ﴿الشَّيْخُ وَالشَّيْخَةُ إِذَا زَنَيَا فَارْجُمُوهُمَا الْبَتَّةَ نَكَالًا مِنَ اللهِ وَاللهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ يەنى ﴿قېرى ئەر، قېرى ئايال زىنا قىلسا ئۇلارنى چالما كېسەك قىلىڭلار﴾ دېگەن ئايەتكە ئوخشاش تىلاۋىتى مەنسۇخ قىلىنغان (يەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) ئايەتلەرنى تۇتۇش ۋە كۆتۈرۈش ھارام ئەمەس.

شافىئىي ئۇستازلىرىمىز تەۋرات ۋە ئىنجىلنى تۇتۇش ۋە كۆتۈرۈشمۇ شۇنداق (يەنى ھارام ئەمەس) دەيدۇ[2].

## بەدىنىدە نىجاسەت بار كىشىنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشىنىڭ ھۆكمى

تاھارەتلىك كىشىنىڭ بەدىنىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە پاكىزلىمىسا بولمايدىغان نىجاسەت بولسا، نىجاسەت بار يېرىنى قۇرئانغا تەگكۈزۈش ھارامدۇر. بۇنىڭدا ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. نىجاسەت بار يەردىن باشقا يېرى بىلەن تۇتسا، شافىئىي ئۇستازلىرىمىزنىڭ ۋە باشقا مەزھەبتىكى ئۆلىمالارنىڭ كۆپچىلىكى تاللىغان سەھىھ، مەشھۇر قاراشقا ئاساسلانغاندا ھارام ئەمەس.

165

(1) لېكىن مەكروھتۇر. «تۇھفەتۇل موھتاج»، 1 - توم، 151 - بەت. ئەگەر ئايەتلەر تەپسىرى بىلەن باراۋەر بولسا يەنىلا تۇتۇش ۋە كۆتۈرۈش ھارام ئەمەس.

(2) چۈنكى بۇ كىتابلار ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. ئىمام نەۋەۋىي «ئەلمەجمۇ» (2 - توم، 87 - بەت) دا نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر تەۋرات ۋە ئىنجىلدا ئۆزگەرتىۋېتىلمىگەن نەرسىلەرمۇ بار، دەپ قارىسا تاھارەتسىز تۇتۇش مەكروھ، لېكىن ھارام ئەمەس».

شافىئىي ئۇستازلىرىمىزدىن ئەبۇل قاسىم سەيمەرىي «هارام» دېگەندە، باشقا ئۇستازلىرىمىز ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى خاتا، دەپ باھالىغان. قازى ئەبۇ تەييىب: «ئۇنىڭ بۇ پىكرى بىردەك رەت قىلىنىدۇ» دېگەن.

يۇقىرىقى «هارام ئەمەس» دېگەن مەشھۇر قاراشقا ئاساسەن بەزى ئۇستازلىرىمىز «مەكروھ» دېگەن، توغرىسى، مەكروھ ئەمەس.

## سۇ تاپالمىغان كىشىنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشىنىڭ ھۆكمى

سۇ تاپالمىغان كىشى تەيەممۇم قىلىش جائىز بولىدىغان ئەھۋاللاردا – ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلسۇن ياكى باشقا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولىدىغان ئىشلار ئۈچۈن تەيەممۇم قىلسۇن – تەيەممۇم قىلىپ قۇرئان تۇتسا بولىدۇ. ئەمما سۇنىمۇ، تۇپراقنىمۇ تاپالمىغان كىشى ھالىغا يارىشا ناماز ئوقۇيدۇ، ئەمما، قۇرئاننى تۇتۇشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ تاھارەتسىزدۇر. ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشىنى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن دۇرۇس دەيمىز.

ناۋادا يېنىدا قۇرئان بولۇپ ئۇنى ئامانەتكە قويىدىغان كىشى تاپالمىغان ۋە تاھارەت ئېلىشقىمۇ قادىر بولالمىغان بولسا، زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن، قۇرئاننى ئۆزى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ يۈرۈشى دۇرۇستۇر. قازى ئەبۇ تەييىب: «تەيەممۇم قىلىشمۇ زۆرۈر ئەمەس»، دەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ گېپىدە مەسىلە بار. ئۇ كىشى تەيەممۇم قىلىشى لازىم. 

ئەگەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوتتا كۆيۈپ كېتىشىدىن ياكى سۇدا غەرق بولۇپ كېتىشىدىن، ياكى نىجاسەتكە چۈشۈپ كېتىشىدىن، ياكى كافىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە، زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن، تاھارەتسىز بولسىمۇ ئۇنى بىللە ئېلىۋېلىشى لازىم.

## كىچىك بالىنىڭ قۇرئان تۇتۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشىنىڭ ھۆكمى

مۇئەللىم ۋە ۋەلىيلەرنىڭ ئاق - قارىنى ئايرىيالايدىغان كىچىك بالىنى ئوقۇۋاتقان قۇرئان ۋە ئايەت يېزىلغان تاختايلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇشى ۋاجىپمۇ؟

بۇ مەسىلىدە شافىئىي ئۇستازلىرىمىز ئارىسىدا مەشھۇر ئىككى خىل قاراش بار: ئۇستازلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى توغرىراق قاراش: ئۇنداق قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن،

ۋاجىپ ئەمەس[1].

## قۇرئاننى سېتىش ۋە سېتىۋېلىشنىڭ ھۆكمى

«قۇرئان كەرىم»نى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش سودا - سېتىق جەھەتتىن توغرا توختام بولىدۇ. ئۇنى سېتىۋېلىشمۇ مەكرۇھ ئەمەس. ئەمما، ئۇنى سېتىشنىڭ مەكرۇھلىقىدا ئۇستازلىرىمىز ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. توغرىراقى، ئېھتىياج يوق ئەھۋالدا سېتىش مەكرۇھ. ئىمام شافىئىي بۇنى ئوچۇق سۆزلىگەن.

قۇرئاننى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش «مەكرۇھ ئەمەس» دەپ قارىغانلار قاتارىدا سەلەف - سالىھلاردىن: ھەسەن ئەلبەسرىي، ئىكرىمە، ھەكەم ئىبنى ئۇتەيبە قاتارلىقلار بار. بۇ قاراش ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان[2].

يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نى سېتىشنىمۇ، سېتىۋېلىشنىمۇ «مەكرۇھ» دەپ قارىغان. بۇ قاراشنى ئىبنى مۇنزىر ئەلقەمە، ئىبنى سىيرىن، ئىبراھىم نەخەئىي، قازى شۇرەيھ، مەسرۇق، ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قۇرئاننى سېتىشنى توغرا كۆرمەيدىغان قاتتىق گەپلىرى رىۋايەت قىلىنغان[3].

يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار:«قۇرئاننى سېتىۋېلىش رۇخسەت، سېتىش مەكرۇھ» دەپ قارىغان. بۇ قاراشنى ئىبنى مۇنزىر ئىبنى ئابباس، سەئىيد ئىبنى جۇبەير، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىسھاق ئىبنى راھەۋەيھ قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان[4].




(1) يەنى ئاق - قارىنى ئايرىيالايدىغان كىچىك بالا قۇرئاننى يادلاش ۋە ئۆگىنىشكە موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان ياكى ئايەت يېزىلغان تاختايلارنى تۇتسا ياكى كۆتۈرۈپ قارىيخانىغا ياكى مۇئەللىملەرنىڭ يېنىغا ئۆگىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بارسا بولىدۇ. چۈنكى، كىچىك بالىنىڭ داۋاملىق تاھارەت بىلەن يۈرۈشى قىيىندۇر. ئىبنى ھەجەر: «تۇھفە»، 1 - توم، 153 - بەت.

(2) «سۈنەن بەيھەقىي»، 6 - توم، 17 - بەت؛ ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 391 - بەت؛ ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد: «ئەلمەساھىف»، 646 -، 652 -، 653 -، 676 - نومۇرلار.

(3) ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 390 - بەت؛ بەيھەقىي «سۈنەن» ناملىق كىتابىنىڭ 6 - توم، 16 - ھەدىسىدە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: «قۇرئان ساتقان قوللار كېسىپ تاشلانسىكەن دەيمەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

(4) «سۈنەن بەيھەقىي»، 6 - توم، 16 - بەت؛ ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 389 - بەت. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد: «ئەلمەساھىف»، 621 - ۋە 641 - نومۇرلار.



# ئونىنچى باب

## كىتابنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدا كەلگەن بىر قىسىم ئىسىم ۋە سۆزلۈكلەرنىڭ توغرا ئوقۇلۇشى ۋە مەنىلىرى

كىتابنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدا نۇرغۇن ئىسىم ۋە سۆزلۈكلەر كەلگەن بولۇپ، ئەگەردە ھەربىرىنىڭ توغرا ئوقۇلۇشىنى بېكىتىش، مەنىلىرىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە تەپسىلىي ئىزاھلاشقا توغرا كەلسە، بەلكىم چوڭ بىر توملۇق كىتاب بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن بۇ يەردە پەقەت بۇلارنىڭ بىرقىسمىنى تىلغا ئالىمەن ۋە مەنىلىرى ئىچىدە كۆپ ھاللاردا ئىشلىتىلگەن ۋە توغرا بولغانلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن.

مۇقەددىمىدىن باشلاپ كەلگەن سۆزلەردىن باشلايدىغان بولساق:

1. «الحَمْدُ»: گۈزەل سۈپەتلەر مۇجەسسەملىگەن مەدھىيە.
2. «الكَرِيمُ»: ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلسە، «خەير - ئېھسان قىلغۇچى» دېمەكتۇر. باشقا مەنىدە ئىزاھلىغانلارمۇ بار. 169
3. «الْمَنَّانُ»: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن رىۋايەتكە ئاساسەن، «سوراشتىن بۇرۇن بېرىدىغان زات» دېمەكتۇر.
4. «الطَّوْلُ»: بايلىق، باياشاتلىق.
5. «الهِدَايَةُ»: مۇۋەپپەق قىلماق، قولايلاشتۇرۇپ بەرمەك. «هَدَانَا لِلْإِيْمَانِ، وَهَدَانَا بِالْإِيْمَانِ، وَهَدَانَا إِلَى الإِيْمَانِ» دېيىلىدۇ، مەنىسى: «بىزنى ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلدى، بىزنى ئىمان ئارقىلىق ھىدايەت قىلدى، بىزنى ئىمانغا يېتەكلىدى» دېمەكتۇر.
6. «سَائِرٌ»: «قالغىنى» دېمەكتۇر.
7. «لَدَيْهِ»: ئۇنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭ قارىشىدا.
8. «مُحَمّدٌ»: پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدھىيەلىنىشكە تېگىشلىك خىسلەتلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن «مۇھەممەد» (كۆپ مەدھىيەلەنگۈچى) دەپ ئاتالغان. بۇ ئىبنى فارىس ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىدۇر. يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئېسىل سۈپەت، گۈزەل ئەخلاقلىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ ئىسىمنى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دىلىغا سالغان.

9. «تَحَدَّى»: تىلشۇناسلار: «فُلَانٌ يَتَحدَّى فُلَانًا» دېيىلىدۇ، مەنىسى: «مۇسابىقىلەشتى، ئۈستۈنلۈك تالاشتى» دېمەكتۇر، دەيدۇ.

10. «بِأَجْمُعِهِم»: «م» ھەرپىنى پەش ۋە زەۋەر ئوقۇشقا بولىدۇ. ئىككىلا خىل ئوقۇش مەشھۇردۇر. مەنىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېمەكتۇر.

11. «أَفْحَمَ»: كەستى، مەغلۇپ قىلدى.

12. «لاَ يَخْلُقُ»: «ل» ھەرپىنى پەش ئوقۇيمىز. زەۋەر ئوقۇساقمۇ بولىدۇ. ئىككىلا ھالەتتە «ي» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. «ي» ھەرپىنى پەش، «ل» ھەرپىنى زىر ئوقۇساقمۇ بولىدۇ. «خَلَقَ الشَيْءُ، وَخَلُقَ، وَخَلِقَ وَأَخْلَقَ» دېيىلىدۇ. مەنىسى: «چىرىپ كەتتى، كونىراپ كەتتى» دېمەكتۇر. «لَا يخْلَقُ (القرآن)» دېگەن جۈملىدە: «ئۇلۇغلىقى ۋە ھالاۋىتى كېتىپ قالمايدۇ.» دېمەكتۇر.

13. «اسْتَظْهَرَهُ»: يادلىدى.

14. «الوُلْدَانُ»: كىچىك باللار.

15. «الْحدَثَانُ» «ح» ۋە «د» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. «الْحَدَثُ و الْحَادِثَةُ والحَدْثَى» ئوخشاش مەنىدە. يەنى ئىلگىرى يۈز بەرمىگەن بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 

16. «الْمَلَوَانِ»: كېچە - كۈندۈز.

17. «الرِّضْوَانُ»: «ر» ھەرپىنى زىر ۋە پەش ئوقۇشقا بولىدۇ.

18. «الْأَنَامُ»: تاللانغان قاراشقا ئاساسەن بۇ سۆز «مەخلۇقاتلار» دېگەن مەنىدە. بۇ سۆزنىڭ يەنە «الْأَنِيْمُ» دېگەن شەكلىمۇ بار.

19. «الدَّامِغَاتُ»: تارمار قىلغۇچى، كۈچلۈك.

20. «الطَّغَامُ» «ط» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ ۋە «غ» ھەرپى بىلەن كېلىدۇ. چاكىنا، پەس ئادەملەر دېمەكتۇر.

21. «الأَمَاثِلُ»: ئېسىل كىشىلەر. بىرلىكى «أَمْثَلُ». «مَثُلَ الرَجُلُ» – «الثَاء» ھەرپى پەش ئوقۇلىدۇ – مەنىسى: ئېسىل، پەزىلەتلىك ئادەم بولدى.

22. «الأَعْلَامُ»: «عَلَمٌ» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى. يول ئۈستىدىكى تاغ دېگەندەك بەلگىلەر. يېتىشكەن ئالىملار «عَلَمٌ» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، كىشىلەر ئۇلار ئارقىلىق توغرا يول تاپىدۇ.

23. «النَّهَى»: ئەقىللەر دېمەكتۇر. بىرلىكى «نُهْيَةٌ»(ئەسلى مەنىسى توسماق). چۈنكى ئەقىل ئۆز ئىگىسىنى چاكىنا ئىشلاردىن توسىدۇ. ئەقىل ساھىبى ئەقلى ۋە پىكرىگە قايتۇرۇلىدۇ، دەپمۇ ئىزاھلانغان. ئەبۇ ئەلى ئەلفارسىي (مەشھۇر گىراممىاتىكشۇناس - ت) مۇنداق دەيدۇ: «النُهَى» دېگەن بۇ سۆز «المَصْدَرُ (تۈپ سۆز)» بولۇشىمۇ، «غُرَفٌ» (ھۇجرىلار دېگەن مەنىدە) سۆزىگە ئوخشاش كۆپلۈك بولۇشىمۇ جائىز.

24. «دِمَشْقُ»: «د» ھەرپىنى زىر، «م» ھەرپىنى زەۋەر ئوقۇش مەشھۇر. «مَطَالِعُ الأَنْوَارِ» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى «م» ھەرپىنى زىر ئوقۇشنىڭمۇ بارلىقىنى نەقىل قىلغان.

25. «المُخْتَصَرُ»: ئىخچاملاشتۇرۇلغان.

26. «العَتِيْدَةُ»: تەييار، ھازىر.

27. «أَبْتَهِلُ»: يالۋۇرىمەن، يىلىنىمەن.

28. «التَّوفِيْقُ»: تائەت - ئىبادەت قىلىش قابىلىيىتىنى يارىتىش.

29. «حَسْبُنَا اللهُ»: ئاللاھ بىزگە كۇپايە.



30. «الوَكِيْلُ»: تاپشۇرۇلغۇچى. «مەخلۇقاتلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تاپشۇرۇلغۇچى دېمەكتۇر» دېگۈچىلەرمۇ، «مەخلۇقاتلارنىڭ مەنپەئەتىگە مەسئۇل بولغۇچى دېمەكتۇر» دېگۈچىلەرمۇ، «مۇھاپىزەت قىلغۇچى، ئاسرىغۇچى دېگەن مەنىدە» دېگۈچىلەرمۇ بار.

31. «آنَاءُ اللَّيْلِ»: كېچە سائەتلىرى. «آنَاءُ» سۆزىنىڭ بىرلىكى تۆت خىل شەكىلدە كېلىدۇ: «إِنًى» ۋە «أَنًى» ھەمزە ھەرپى زىر ۋە زەۋەر شەكلىدە، «إِنْيٌ» ۋە «إِنْوٌ» دەپ «ي» ۋە «و» ھەرپلىرى بىلەن كېلىدۇ. كېيىنكى ئىككى شەكىلدە ھەمزە ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ. «آلَاءٌ» سۆزىمۇ يۇقىرىقى سۆزگە ئوخشاش بولۇپ، «نېمەتلەر» دېمەكتۇر. ئۇنىڭ بىرلىك شەكلىمۇ «إِلًى»، «أَلًى»، «إِلْيٌ» ۋە «إِلْوٌ» دەپ تۆت خىل ئوقۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىمام ۋاھىدىي رىۋايەت قىلغان.

32. «الإِنْفَاقُ المَمْدُوحُ فِيْ الشَّرْعِ» (شەرىئەتتە مەدھىيەلەنگەن چىقىم قىلىش): پۇل - مالنى ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا سەرپ قىلىش.

33. «تِجَارَةٌ لَنْ تَبُورَ»: ۋەيران بولمايدىغان، كاساتلاشمايدىغان تىجارەت.

34. «السَّفَرَةُ»: پۈتۈكچى مالائىكىلەر.

35. «البَرَرَةُ»: «بَارٌّ» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى. «ئىتائەتچان» دېمەكتۇر.

36. «يَتَتَعْتَعُ»: ئېغىر كېلىدۇ، قىيىن كېلىدۇ.

37. «أبو موسى الأَشْعَرِيّ»: ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس. قەبىلە ئاقساقلى «ئەشئەر»گە نىسبەت قىلىنغان.

38. «الأُتْرُجَّةُ»: «ھەمزە» ۋە «ر» ھەرپلىرى پەش ئوقۇلىدۇ. تۇنۇشلۇق بىر خىل مېۋە. جەۋھەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ زەيد: «تُرُنْجَةٌ» دېيىلىدۇ، دەيدۇ. «سەھىھۇل بۇخارىي»نىڭ «يېمەكلىكلەر بۆلۈمى»دىكى ھەدىستە: «مَثَلُ الأُتْرُنْجَةِ» دەپ كەلگەن.

39. «أبو أُمَامَة البَاهِلِيّ»: ئەسلى ئىسمى سۇدەي ئىبنى ئەجلان. «باھىلە» قەبىلىسىگە مەنسۇپ. بۇ قەبىلە مەشھۇر قەبىلىلەرنىڭ بىرى.

40. «الحَسَدُ»: باشقىلاردىن نېمەتنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلىش. «الغِبْطَةُ» بولسا: نېمەتنىڭ باشقىلاردىن يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلماستىن ئۆزىگىمۇ ئوخشاش نېمەت بېرىلىشىنى ئارزۇ قىلىشتۇر. «ھەسەت» ھارام. «الغِبْطَةُ في الخَيرِ» (ياخشى ئىشلارغا ھەۋەس قىلىش) مەدھىيەگە سازاۋەر، ياخشى ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىككى ئىشتىن باشقىسىدا ھەسەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزى «ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك، ئالقىشقا سازاۋەر ھەۋەس پەقەت ئىككىلا نەرسىدە بولىدۇ»، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 172

41. «التِّرْمِذِيّ»: «تىرمىز» شەھىرىگە مەنسۇپ. ئەبۇ سەئىد سەمئانىي مۇنداق دەيدۇ: «تىرمىز» «جەيھۇن» دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان «بەلخ» دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر. بۇ شەھەرگە مەنسۇپ قىلىنغاندا «تىرمىزىي» دېيىلىدۇ. سەمئانىي بۇ سۆزنىڭ «ت» ۋە «م» ھەرپلىرىنىڭ ھەرئىككىلىسىنى زېرلىك، ھەرئىككىلىسىنى پەشلىك، «ت» ھەرپىنى زەۋەر، «م» ھەرپىنى پەشلىك ھالەتتە قىلىپ جەمئىي ئۈچ خىل ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

42. «أبو سَعيد الخُدْرِيّ رضي الله عنه»: ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئىسمى سەئد ئىبنى مالىك. «بەنى خۇدرە» قەبىلىسىگە مەنسۇپ.

43. «أبو دَاوُدَ السِّجِسْتَانِي»: ئەبى داۋۇد ئەسسىجىستانىي. ئىسمى سۇلايمان ئىبنى ئەشئەس.

44. «النَّسَائِيّ»: نەسەئىي. ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب.

45. «أَبُو مَسْعُودٍ البَدْرِيّ»: ئەبۇ مەسئۇد ئەلبەدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئىسمى ئۇقبە ئىبنى ئەمر. كۆپچىلىك ئۆلىمالار: «‹بەدر›دە ئولتۇراقلاشقان، ئەمما، ‹بەدر› غازىتىغا قاتناشمىغان» دەيدۇ. زۇھرىي، بۇخارىي قاتارلىق ئالىملار: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ‹بەدر› غازىتىغا قاتناشقان» دەيدۇ.

46. «الدَّارِمِيّ»: دارىمىي. ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇررەھمان. قەبىلە ئاقساقىلى «دارىم»غا مەنسۇپ قىلىنىپ شۇنداق ئاتالغان.

47. «شَعَائِرُ اللهِ تَعَالَى»: ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ بەلگىلىرى. «شَعَائِر» سۆزىنىڭ بىرلىكى «شَعِيْرَةٌ»دۇر. جەۋھەرىي: بىرلىك شەكلى «شِعَارَةٌ» دەپمۇ كېلىدۇ، دەيدۇ.

48. «البَزَّارُ»: بەززار. ئاخىرقى ھەرپى «ر». ھەدىس كىتابىنىڭ مۇئەللىپى.

49. «لَحْدُ القَبْرِ»: «ل» ھەرپى پەشمۇ، زەۋەرمۇ ئوقۇلىدۇ. ھەرئىككىلىسى مەشھۇر. زەۋەر ئوقۇش ئەدەبىي تىلغا بەكرەك يېقىن. ئۇ قەبرىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى جەسەت قويۇلىدىغان جاي. «لَحَدْتُ المَيِّتَ، وأَلْحَدْتُهُ»: دەپ كەلسە، «مېيىتنى ئىچ گۆرگە ئەكىردىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

50. «أبو هُرَيْرَةَ»: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئوتتۇز نەچچە خىل قاراش ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇررەھمان ئىبنى سەخر. كىچىك ۋاقتىدا بىر مۆشۈكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەبۇ ھۇرەيرە(قولىدىن ئاسلان چۈشمەيدىغان) دەپ لەقەم قويۇلغان. ئۇ مۇشۇ تەخەللۇس بىلەن ئاتالغان تۇنجى كىشى. 173

51. «آذَنَنِيْ بِالحَرْبِ»: ماڭا جەڭ ئېلان قىلدى .

52. «أَبو حَنِيْفَةَ»: ئىسمى نۇئمان ئىبنى سابىت ئىبنى زۇۋتا.

53. «الشَّافِعِيُّ فِعِيّ»: ئىمام شافىئىي. تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئاببباس ئىبنى ئوسمان ئىبنى شافىئ ئىبنى سائىب ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئابدۇ يەزىد ئىبنى ھاشىم ئىبنى مۇتەللىپ ئىبنى ئابدۇماناف ئىبنى قۇسەي.

54. «الثَّلَبْ»: – «ث» ھەرپى زەۋەر، «ل» ھەرپى ساكىن – ئەيىب دېگەن مەنىدە.

55. «حُنَفَاءُ»: «حَنِيْفُ» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى. «ھەققانىي، دۇرۇس ئادەم» دېگەن مەنىدە. «ھەققە مايىل، باتىلدىن يۈز ئۆرۈگۈچى» دېگەن مەنىدە دەيدىغان قاراشمۇ بار.

56. «المَرْعَشِيُّ»: «م» ھەرپى زەۋەر، «ر» ھەرپى ساكىن، «ع» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ، ئاخىرقى ھەرپى «ش».

57. «التُّسْتَرِيّ»: بىرىنچى «ت» پەش، ئىككىنچى «ت» زەۋەر ئوقۇلىدۇ. ئىككى «ت» ئارىسىدا ساكىنلىق «س» بار. ھەممىگە تونۇشلۇق «تۇستەر» شەھرىگە مەنسۇپ.

58. «المُحَاسِبِيّ»: «م» ھەرپى پەش ئوقۇلىدۇ. سەمئانىي مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن «المُحَاسِبِي» (ھېساب ئالغۇچى) دەپ ئاتالغان. ئۇ زاھىر (ئاشكارا) ۋە باتىن (يوشۇرۇن) ئىلىملارنى بىلگەن ئالىملارنىڭ بىرى.

59. «عَرْفُ الجَنَّةِ»: «ع» ھەرپى زەۋەر، «ر» ھەرپى ساكىن، ئاخىرقى ھەرپى «ف» جەننەتنىڭ پۇرىقى.

60. «فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ»: دوزاختا چۈشسۇن، دوزاختىن ئورۇن تۇتسۇن، دېگەن مەنىدە دېگۈچىلەرمۇ بار. بەزىلەر:«دۇئا مەنىسىدە» دېسە، يەنە بەزىلەر:«خەۋەر مەنىسىدە» دەيدۇ.

61. «الدَّلَالَة»: «د» ھەرپى زەۋەر ھەم زىر ئوقۇلىدۇ. «دُلُولَةٌ» دەپ «د» ۋە «ل» ھەرپلىرىنى پەش ئوقۇشقا بولىدۇ.

62. «الطَّوِيَّةُ»: «ط» ھەرپى زەۋەر، «و» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ. تىلشۇناسلار:«ۋىجدان، قەلب» دېگەن مەنىدە، دەيدۇ. 174

63. «التَّرَاقِيّ»: «تَرْقُوةٌ» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى. كۆكرەك قەپىزى بىلەن مۈرە ئارىسىدىكى سۆڭەك (ئومرەك سۆڭىكى).

64. «يَجْلِسُونَ حِلَقًا»: «ح» ھەرپىنى زەۋەر ھەم زىر ئوقۇش شەكلى بار.

65. «ابنُ مَاجَه»: ئىبنى ماجە. ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى يەزىد.

66. «أَبُو الدَّرْدَاءِ»: ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئىسمى ئۇۋەيمىر. ئامىر دېگۈچىلەرمۇ بار.

67. «يَحْنُو عَلَى الطَّالِبِ»: ئوقۇغۇچىغا كۆيۈنىدۇ، ھېسداشلىق قىلىدۇ.

68. «أَيُّوبُ السَّخْتَانِيّ»: ئەييۇب سەختىيانىي. «س» ھەرپى زەۋەر، «ت» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ. ئەبۇ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلبەر مۇنداق دەيدۇ: ئەييۇب بەسرە شەھرىدە تېرە ساتاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن «سەختىيانىي» (تېرىچى) دەپ ئاتالغان.

69. «البَرَاعَة»: «ب» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. «بَرَعَ الرَّجُلُ وَبَرُعَ» («ر» ھەرپىنى زەۋەر ھەم پەش ئوقۇشقا بولىدۇ) دېگەن پېئىلنىڭ سۆز تومۇرى. ھەمراھلىرىنى بېسىپ چۈشتى، دېگەن مەنىدە.

70. «حَلْقَةُ العِلْمِ وَنَحْوِهَا»: «ل» ھەرپى ساكىن. بۇ مەشھۇر، پاساھەتلىك ئوقۇش شەكلى. «ل» ھەرپىنى زەۋەر ئوقۇشمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. بۇلارنى سەئلەب، جەۋھەرىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

71. «الرِّفْقَةُ»: «ر» ھەرپى پەش ھەم زىر ئوقۇلىدۇ.

72. «قِعْدَةُ المُتَعَلِّمِينَ»: «ق» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ.

73. «يُنْفِذُونَهَا بِالنَّهَارِ»: كۈندۈزى ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىدۇ.

74. «أبو سُلَيمَان الخَطَّابِيّ»: ئەبۇ سۇلايمان خەتتابىي. ئەجدادلىرىدىن خەتتاب ئىسىملىك بىرىگە مەنسۇپ. ئەبۇ سۇلايماننىڭ ئىسمى ھەمد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى خەتتاب. ئىسمى ئەھمەد دېگەن قاراشمۇ بار.

75. «الزُّهْرِيّ»: ئەبۇ بەكر مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ئىبنى زۇھرە ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررە ئىبنى كەئب.

76. «البَصْرِيّ»: «ب» ھەرپىنى ھەم زەۋەر ھەم زىر ئوقۇشقا بولىدۇ.

77. «الشَّعْبِيّ»: «ش» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. ئىسمى ئامىر ئىبنى شەراھىيل (شَرَاحِيْلُ نىڭ «ش» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ).



78. «تَمِيْمُ الدَّارِيّ»: ئەجدادلىرىدىن دار ئىسىملىك بىرىگە نىسبەت بېرىلىدۇ. دېڭىز قىرغىقىدىكى «دارىين» دېگەن يەرگە مەنسۇپ قىلىنغان دېگەن قاراشمۇ بار. تەمىيم ئىبادەت قىلىدىغان «دەير»(ئىبادەتخانا) غا نىسبەت بىلەن «تەمىيم دەيرىي»مۇ دېيىلىدۇ. يەنە باشقا قاراشلارمۇ بار. مەن بۇ ھەقتىكى ئىختىلاپلارنى « سەھىھۇ مۇسلىمنىڭ شەرھى»نىڭ بېشىدا بايان قىلدىم[1].

79. «سُلَيْمُ بنُ عِتْرٍ»: «ع» ھەرپى زىر، «ت» ھەرپى ساكىن ئوقۇلىدۇ.

80. «الدَّوْرَقِيّ»: زەۋەرلىك «د»، ئۇنىڭدىن كېيىن ساكىنلىق «و»، ئۇنىڭدىن كېيىن زەۋەرلىك «ر»، ئۇنىڭدىن كېيىن «ق»، ئۇنىڭدىن كېيىن تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ي». ئۇ «دەۋرەقىيە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزۇن بۆك (باش كىيىمى) كە نىسبەت بىلەن «دەۋرەقىي» دەپ ئاتالغان، دېگەن قاراشمۇ، ئاتىسى ئابىد (ئىبادەتگۆي) كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان، كىشىلەر ئۇ زامانلاردا ئابىد كىشىنى «دەۋرەقىي» دەپ ئاتايتتى دېگەن قاراشمۇ، پارس شەھەرلىرىدىن «دەۋرەق» دېگەن يەرگە مەنسۇپ قىلىنىپ «دەۋرەقىي» دەپ ئاتالغان دېگەن قاراشمۇ، يەنە بۇلاردىن باشقا قاراشلارمۇ بار.

---

(1) ‹‹سەھىھۇ مۇسلىم›نىڭ شەرھىسى››، 1 - توم، 142 - بەت.

81. «مَنْصُورُ بنُ زَاذَانَ»: «ز» ۋە «ذ» ھەرپلىرى بىلەن.

82. «يَحْتَبِيْ»: ئىككى پاچىقىنى تىكلەپ پاچىقى بىلەن ئىككى يوتىسى بىرلەشكەن يەرنى (تىزنى) ئىككى قولى ياكى كىيىم بىلەن يىغىپ ئولتۇرىدۇ.

83. «الحُبْوَةُ»: «ح» ھەرپىنى پەش ھەم زىر ئوقۇشقا بولىدۇ. ھەرئىككىلىسى ئوخشاش مەنىدە. يەنى يۇقىرىقى ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.

84. «الهَذْرَمَةُ»: «ذ» ھەرپى بىلەن كېلىدۇ. پەس ئاۋازدا تېز گەپ قىلىش دېگەن مەنىدە.

85. «الغَزَّالِيّ»: مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد. «الغَزّالِيّ» دەپ «ز» ھەرپى تەشدىد بىلەن ئوقۇلىدۇ. ئىمام ئەلغەززالىينىڭ بۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىشنى توغرا تاپماي: مەن «غەزالي مەن» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇنىڭدا «ز» ھەرپى تەشدىدسىز ئوقۇلىدۇ. غەزالي «تۇس» يېزىلىرىدىن «غەزالە» دېگەن يېزىغا تەۋە، دېگەنلىك بولىدۇ.

86. «طَلْحَةُ بنُ مُصَرِّفٍ»: «م» ھەرپى پەش، «ص» ھەرپى زەۋەر، «ر» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ. بەزىلەر «ر» ھەرپىنى زەۋەر ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، دېگەن. بۇ توغرا ئەمەس.

87. «أَبُو الأَحْوَصِ»: «ح» ۋە «ص» ھەرپلىرى بىلەن. ئىسمى ئەۋف ئىبنى مالىك.



88. «الجُشَمِيّ»: «ج» ھەرپى پەش، «ش» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. قەبىلە ئاقساقىلى «جۇشەم»گە نىسبەت بېرىلىدۇ.

89. «الفُسْطَاطُ»: بۇ سۆزنىڭ ئالتە خىل ئوقۇلۇش شەكلى بار. ئۇلار: «فُسْطَاطٌ»، «ط»نىڭ ئورنىغا «ت»نى ئالماشتۇرۇپ «فُسْتَاطٌ» دەپ ئوقۇش ۋە «فُسَّاطٌ» دەپ «س» ھەرپىنى تەشدىدلىك ئوقۇش. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە «ف» ھەرپىنى پەش ئوقۇشقىمۇ، زىر ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. چېدىر، قونالغۇ دېمەكتۇر.

90. «الدَّوِيّ»: «د» ھەرپى زەۋەر، «و» ھەرپى زىر، «ي» ھەرپى تەشدىدلىك. چۈشىنىكسىز ئاۋاز دېمەكتۇر.

91. «النَّخَعِيّ»: ئىبراھىم نەخەئىي. «ن» ۋە «خ» ھەرپلىرى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. قەبىلە ئاقساقىلى «نەخەئ» دېگەن كىشىگە نىسبەت بېرىلىدۇ.

92. «حَلَبُ شَاةٍ»: «ل» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ زىر ئوقۇلغان شەكلىمۇ ئاز - تولا ئۇچراپ قالىدۇ.

93. «الرَّقَّاشِيّ»: رەقاشىي. «ر» ھەرپى زەۋەر، «ق» ھەرپى يەكگىل ئوقۇلىدۇ.

94. «القَذَاةُ»: تەمەچ، ساپال پارچىلىرى دېگەندەك مەسچىت تازىلىنىدىغان نەرسىلەر.

95. «سُلَيْمَانُ بنُ يَسَارٍ»: «ي»دىن كېيىن «س» ھەرپى بىلەن.

96. «أَبُو أُسَيْدٍ»: ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ھەمزە پەش، «س» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. ئىسمى مالىك ئىبنى رەبىيئە. «بەدر» غازىتىغا قاتناشقان.

97. «تَنْطَحُنِي»: «ط» ھەرپىنى زىر ئوقۇشقىمۇ، زەۋەر ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

98. «مُنْتَشِرٌ جِدًا»: «ج» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ. ئۇ «مَصْدَر» يەنى سۆز تومۇرى.

99. «الأُشْنَانُ»: ھەمزىنى پەش ۋە زىر ئوقۇشقا بولىدۇ. بۇنى ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە ئىبنى جەۋالىقىي تىلغا ئالغان. ئۇ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن پارسچە سۆز. ساپ ئەرەب تىلىدا «حُرْضٌ» دېيىلىدۇ. «أُشْنَانُ» (كۆيۈك ياۋا ئوتى كۆيدۈرۈلۈپ ياسىلىدىغان بىر خىل سوپۇن) سۆزىدىكى ھەمزە كەلىمىنىڭ ئەسلىي ھەرپى.

100. «كَرَاسِيّ أَضْرَاسِه»: «ي» ھەرپىنى تەشدىدلىك ئوقۇشقىمۇ، يەڭگىل ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا بىرلىك شەكلى تەشدىدلىك سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆپلۈكىنى تەشدىدلىك ئوقۇشقىمۇ، يەڭگىل ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

101. «الرُّوْيَانِيّ»: رويانىي. «ر» ھەرپى پەش، «و» ھەرپى ساكىن. تونۇشلۇق «رويان» شەھىرىدىندۇر.



102. «عَلَى حَسَبِ حَالِه»: «س» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ، قولىدىن كېلىشىچە، كۈچىنىڭ يېتىشىچە دېمەكتۇر.

103. «الحَمَّامُ»: مەنىسى ھەممىگە ئايان (مۇنچا دېگەن مەنىدە). بۇ تىلشۇناسلارنىڭ قارىشىدا ئەرلىك ئىسىم.

104. «الحُشُوشُ»: چوڭ - كىچىك تەرەتنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورەكلەر. بۇ سۆزنىڭ بىرلىك شەكلىنى «حُشٌّ» دەپ «ح» ھەرپىنى پەش ۋە زەۋەر ئوقۇشقا بولىدۇ.

105. «حَجْرُ الإِنْسانِ»: «ح» ھەرپىنى پەش ۋە زەۋەر ئوقۇش شەكلى بار.

106. «الجَنَازَةُ»: «ج» ھەرپىنى زىر ۋە زەۋەر ئوقۇشقا بولىدۇ. «جَنَزَ» دېگەن پېئىلدىن تۈرلىنىپ چىققان، «ياپتى، يوشۇردى» دېمەكتۇر.

107. «بَهْزُ بنُ حَكِيْمٍ»: بەھز ئىبنى ھەكىم. «ب» ھەرپى زەۋەر، «ھ» ساكىن، ئاخىرقى ھەرپى «ز».

108. «زُرَارَةُ»: «ز» ھەرپى پەش ئوقۇلىدۇ.

109. «أَحْمَدُ بنُ أَبِيْ الحَوَارِيِّ»: «ح» ھەرپى زەۋەر، «ر» ھەرپى زىر. «ر» ھەرپىنى زەۋەر ئوقۇيدىغانلارمۇ بار. بۇنى ئۇســتازىمىز ئەبۇل بەقا خالىد ئەننابۇلۇســي رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ئىدى. ئۇ بەلكىم شــۇنداق ئوقۇشــنى تاللىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇســتازىمىز بۇ پەندە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئۆز دەۋرىنىڭ ئەللامىسى ئىدى. ئەبۇلھەۋارىينىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن ئىبنى ئاببىاس ئىبنى ھارىس.

110. «الجُوْعِيُّ»: «ج» ھەرپى پەش ئوقۇلىدۇ.

111. «أَبُو الجَوْزَاءِ»: «ج» ۋە «ز» ھەرپلىرى زەۋەر ئوقۇلىــدۇ. ئىســمى ئەۋس ئىبنى ئابدۇللاھتۇر. ئەۋس ئىبنى خالىد دېگۈچىلەرمۇ بار.

112. «حَبْتَرٌ»: زەۋەرلىك «ح»، ئۇنىڭدىن كېيىن ســاكىنلىق «ب»، ئۇنىڭدىن كېيىن زەۋەرلىك «ت»، ئۇنىڭدىن كېيىن «ر».

113. «الرَّجُلُ الصَالِحُ»: ئاللاھنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغان كىشى. زەججاج، «المَطَالِع» نامىلىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى قاتارلىقلار شۇنداق تەبىر بەرگەن.

114. «أَبُو ذَرٍّ»: ئىســمى جۇنــدۇب، پەشــلىــك «ب»، تەكرار «ر» بىلەن «بۇرەير» دېگۈچىلەرمۇ بار.

115. «اجْتَرَحُوا سَيِّئَاتِ»: يامان ئىشلارنى قىلدى دېگەن مەنىدە.

116. «الشِّعَارُ»: «ش» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ. بەلگە دېگەن مەنىدە.

117. «الشِّرَاكُ»: پۇتتىكى ئاياغقا ئۆتكۈزۈلگەن ئىنچىكە يىپ. (ئاياغ بوغقۇچ).

118. «أُمّ سَلَمَةَ»: ئۇممۇ سـەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا. ئىسمى ھىند. رەملە دېگۈچىلەرمۇ بار، لېكىن بۇ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان قاراشتۇر.

119. «عَبْدُ اللهِ بنُ مُغَفَّلٍ»: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما. «م» ھەرپى پەش، «غ» ھەرپى زەۋەر، ئۇنىڭدىن كېيىن «ف» ھەرپى كېلىدۇ.

120. «اللَّغَطُ»: «غ» ھەرپىنى زەۋەر ھەم ســاكىن ئوقۇش شــەكلى بار. ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماق، غەلۋە قىلماق، دېمەكتۇر.

121. «الجُمُعَةُ»: فەررا، ۋاھىدىيلارنىڭ دېيىشىچە، «م» ھەرپىنى پەش، ساكىن ۋە زەۋەر ئوقۇشقا بولىدۇ.

122. «المُعَوِّذَتَانِ»: «و» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ.

123. «الأَوْزَاعِيّ»: ئىسمى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەمر. ئۆز دەۋرىدىكى شام شەھەرلىرىنىڭ ئالىمى. دىمەشىق شەھىرىدىكى «فەرادىيس» دەرۋازىسى يېنىغا جايلاشقان «ئەۋزائ» دېگەن يەردىن. «ئەۋزائ» دەيدىغان قەبىلىگە نىسبەت بېرىلگەن دېگۈچىلەرمۇ ۋە باشقا قاراشتا بولغۇچىلارمۇ بار.

124. «عَزْزَبٌ»: زەۋەرلىك «ع»، ساكىنلىق «ز»، ئۇنىڭدىن كېيىن زەۋەرلىك «ز»، ئۇنىڭدىن كېيىن «ب» ھەرپى كېلىدۇ.

125. «بُرَيْدَةُ بنُ الحُصَيْبِ»: «ح» ھەرپى پەش، «ص» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ.

126. «فَضَالَةُ»: «ف» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ.

127. «لَلّٰهُ أَشَـدُّ أَذَنًا»: ھەمزە ۋە «ذ» ھەرپلىرى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. «قۇلاق سالماق» دېمەكتۇر.

128. «القَيْنَةُ»: «ق» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. «ناخشىچى دېدەك» دېمەكتۇر.

129. «طُوبَى لَهُمْ»: «خەيرلىك بولسۇن» دېمەكتۇر. تىلشۇناسلار شۇنداق مەنە بەرگەن.



130. «الأَعْمَشُ»: سۇلايمان ئىبنى مىھران.

131. «أبو العَالِيَة»: «ع» ھەرپى بىلەن. ئىسمى رۇفەيئ، «ر» ھەرپى پەش ئوقۇلىدۇ.

132. «أَبُو لُبَابَةَ الصَّـحَابِيّ»: «ل» ھەرپى پەش ئوقۇلىدۇ. ئىسمى بەشىر. رىفائە ئىبنى مۇنزىر دېگۈچىلەرمۇ بار.

133. «الغَشْمَةُ»: قاراڭغۇلۇق.

134. «عَيْنَاهُ تَذْرِفَانِ»: «ت» ھەرپى زەۋەر، «ر» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ. «ياشلىرى تۆكۈلىدۇ» دېمەكتۇر.

135. «مَا خَطْبُكُمْ»: سىلەرگە نېمە بولدى، دېمەكتۇر.

136. «الأَيَّامُ المَعْدُودَاتُ» (ساناقلىق كۈنلەر): قۇربان ھېيتنىڭ 2 -، 3 -، 4 - كۈنلىرى.

137. «تَشْـمِيتُ العَاطِسِ»: «تَشْـمِيتُ» سۆزى «ش» ھەرپى بىلەنمۇ، «س» ھەرپى بىلەنمۇ كېلىدۇ. چۈشكۈرگۈچىگە «يَرْحَمُـكَ الله (يەرھەمۇكەللاھ)» دېيىش، دېمەكتۇر.

138. «القَفَّالُ»: ئەسلى ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد مەرۋەزىي.

139. «يَقْرُنُ»: ئەدەبىي تىلدا «ر» ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. زىر ئوقۇش شەكلىمۇ بار.

140. «البَغَوِيُّ»: هىرات بىلەن مەرۋە ئارىسىدىكى «بەغ» شەھىرىگە نىسبەت بېرىلگەن. بۇ شەھەر «بەغشۇر» شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەغەۋىينىڭ ئىسمى ھۆسەين ئىبنى مەسئۇد.

141. «الآصَالُ»: «أَصِيْلٌ» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى. كۈندۈزنىڭ ئاخىرقى قىسمى. ئەسىر بىلەن كۈن پېتىش ئارىسىدىكى ۋاقىت دېگەن قاراشمۇ بار.

142. «زُبَيْدُ بنُ الحَارِثِ»: «ز» ھەرپى پەش، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى زەۋەرلىك «ب».

143. «سَبُّوحٌ قَدُّوسٌ»: ھەرئىككى سۆزنىڭ ئەۋۋەلقى ھەرپىنى پەش ھەم زەۋەر ئوقۇشقا بولىدۇ. ھەرئىككىلىسى مەشھۇر ئوقۇش شەكىللىرىدۇر.

144. «أَبُو قِلابَةِ»: «ق» ھەرپى زىر، «ل» ھەرپى يەڭگىل ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن «ب» ھەرپى كېلىدۇ. ئەسلي ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد.

145. «يَحْيَى بنُ وَثَّابٍ»: تەشدىدلىك «ث» ھەرپى بىلەن.

146. «مُعَاذُ بنُ رِفَاعَةَ»: «م» ھەرپى پەش، ئۇنىڭدىن كېيىن «ع»، ئاخىرقى ھەرپى «ن».

147. «الشَّخَّيْر»: «ش» ۋە «خ» ھەرپلىرى زىر ئوقۇلىدۇ. «خ» ھەرپى تەشدىدلىك.

148. «الحَكَمُ بنُ عُتَيْبَةَ»: «ت»دىن كېيىن «ي»، ئۇنىڭدىن كېيىن «ب» ھەرپلىرى كېلىدۇ.

149. «المَحْيَا وَالمَمَاتُ»: ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم.

150. «أَوْزِعْهُمْ»: ئۇلارغا ئىلھام قىلغىن.

151. «حَمْدًا يُوَافِيْ نِعَمَهُ»: (ئاللاھقا) ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە لايىق ھەمدۇسانالار بولسۇن!

152. «وَيُكَافِئُ مَزِيْدَهُ»: «يُكَافِئُ» سۆزى ھەمزە ھەرپى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى: (ئاللاھقا) بىزگە ئاتا قىلغان زىيادە نېمەتلىرىنىڭ شۈكرىسىگە لايىق كېلىدىغان.

153. «مُجَالِدٌ»: شەئبىيدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى بولۇپ، «ج» ھەرپى بىلەن يېزىلىدۇ ۋە «ل» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ.

154. «الصَّيْمَرِيُّ»: «ص» ۋە «م» ھەرپلىرى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. «م» ھەرپى پەش ئوقۇلىدۇ دېگەن قاراشمۇ بار بولۇپ، بۇ يوچۇن قاراشتۇر. قالغان تەپسىلاتلارنى «تەھزىبۇلئەسمائى ۋەللۇغات» ناملىق كىتابىمدا تەپسىلي بايان قىلدىم.


يۇقىرىدا كەلتۈرگەنلىرىم كىتابتا كەلگەن بىر قىسىم قىيىن سۆزلۈكلەرنىڭ قىسقىچە ئىزاھاتى. مەن يەنە بىرقىسىم سۆزلەرنى مەنىسى ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويدۇم. بۇ ئىزاھاتلارنى ئالىملار بىلەن كۆپ ئارىلاشمايدىغان كىشىلەر پايدىلىنىپ قالار، دېگەن نىيەتتە بەردىم. كىتابنىڭ ئاخىرىدا دەيدىغانلىرىم مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

بۇ كىتاب قارىيلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى ھەققىدە توختالغان رىسالىدۇر، خالاس. ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە ئىخچام يېزىشىمنىڭ سەۋەبلىرىنى كىتابنىڭ باش قىسمىدا سۆزلەپ ئۆتتۈم.

ئاللاھتىن بۇ كىتاب ئارقىلىق ماڭا، دوستلىرىمغا، كىتابنى ئوقۇغان ھەربىر كىشىگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئىككىلا دۇنيادا كاتتا مەنپەئەت ئاتا قىلىشىنى سورايمەن.


بارلىق ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھقا ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ۋە كاتتا پەزلىگە لايىق رەۋىشتە ھەمدۇسانالار بولسۇن!

يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!



# خاتىمە

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ كىتابنى ھىجرىيە 666 - يىلى رەبىيەلئەۋۋەلنىڭ 12 - كۈنى پەيشەنبە يېزىشقا باشلاپ، شۇ يىلى رەبىيەلئاخىرنىڭ 13 - كۈنى پەيشەنبە ئەتىگىنى تاماملىدىم».



## كىتابتا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر

1. **ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف** (عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئەززۇھرىي ئەلقۇرەشىي. (ھ. بۇرۇن 43 – ھ. 32 / م. 580 – 652) تۇنجى مۇسۇلمان بولغان سەككىز كىشىنىڭ ۋە جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن 10 ساھابىنىڭ بىرى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى خەلىپە تاللايدىغان ئالتە كىشىلىك شۇرا ھەيئىتىگە تاللىغان.

2. **ئابدۇرراھمان ئىبنى شىبل** (عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ شِبْلٍ الْأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئابدۇرراھمان ئىبنى شىبل ئەلئەنسارىي. ساھابە، ئەۋس قەبىلىسىدىن. ساھابىلارنىڭ ئالىملىرىدىن بولۇپ، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە شامدا ۋاپات بولغان.

3. **ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىم** (عَبْدُ الرَّحْمَنِ بنُ القَاسِمِ): ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى سىددىق. (ئەبۇ مۇھەممەد). (ھ. 56 – 126 / 676 – 744) تابىئىن. ھەدىس ئىماملىرىدىن بىرى. شۇئبە، سۇفيان ئەسسەۋرىي، ئەۋزائىي ۋە ئىمام مالىكلارنىڭ ئۇستازى. 185

4. **ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىد** (عبد الرَّحْمَن بن يزِيد بن قَيْسٍ): ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىد ئىبنى قەيس ئەننەخەئىي. ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە يەمەندە تۇغۇلۇپ، ھ. 80 / م. 699 ياكى 700 - يىلى كۇفەدە ۋاپات بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشەلمىگەن تابىئىن، مۇھەددىس.

5. **ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر** (عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەلئاس ئەلقۇرەشىي (ئەبۇ ئابدۇرراھمان). (ھ. بۇرۇن 7 - ھ. 63 ياكى 65 / م. 615 – 683 ياكى 685) ئاتىسى ئەمر بىن ئاستىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋە غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتى بىلەن ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ساھابىلەر ئىچىدە ئالىملىقى ۋە ئىبادەتگۇيلىقى بىلەن تونۇلغان زات. 700 گە يېقىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

6. **ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد** (أَبُو قِلَابَةَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ زَيْدٍ الْجِرْمِيُّ): ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئەلجىرمىي (ئەبۇ قىلابە). (ھ. ؟ – 104 / م. ؟ – 722) مەشھۇر تابىئىن. فەقىھ ۋە ھەدىس ئالىمى. «ئەبۇ قىلابە» دەپ تونۇلغان.

7. **ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير** (عَبْدُ اللهِ بنُ الزُّبَيْرِ بنِ العَوَّامِ الأَسَدِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام ئەلئەسەدىي (ئەبۇبەكرى). (ھ. 1 – 73 / م. 623 – 692) ئانىسى ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئەسما، ئاتىسى جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىدىن بىرى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامدۇر. ئىبادەتگۇيلىقىدىن «مەسجىد كەپتىرى» دەپ نام ئالغان ساھابە. 10 يېشىدا ئاتىسى بىلەن يەرمۇك غازىتىغا قاتناشقان. مىسىر فەتھىدە زور تۆھپە كۆرسەتكەن قەھرىمان، مۇجاھىد زات. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قۇرئاننى جەملەشكە قاتناشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان. (ھ. 64 – 73 / م. 683 – 692) ئارىلىقىدا ئۇمەۋىيلەرگە قارشى مەككىدە خەلىپە بولغان. مەككىدە ھەججاجنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

8. **ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك** (عَبْدُ اللهِ بنُ المُبَارَكِ): ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئىبنى ۋازىھ ئەلمەرۋەزىي (ئەبۇ ئابدۇرراھمان). (ھ. 118 – 181 / م. 736 – 797) تەقۋادارلىقى ۋە زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان تەبەئى تابىئىن، كاتتا ئالىم. فەقىھ، ھەدىسشۇناس ۋە تىلشۇناس. ئانىسى خارەزملىك، ئاتىسى تۈرك ئىدى. بۈگۈنكى تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋ شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش، تىجارەت ۋە جىھاد بىلەن ئۆتكۈزگەن غازى زات. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك ۋە ئىمام لەيس ئىبنى سەئىد قاتارلىق نۇرغۇن كاتتا ئالىملاردىن ئىلىم ئالغان ۋە «جىھاد»، «زۇھد ۋەررەقائىق (الزهد والرقائق)» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.



9. **ئابدۇلھەمىد ھىممانى** (عبد الحميد بن عبد الرَّحْمَن بن ميمون الْحِمانِي) رەھىمەھۇللاھ: ئابدۇلھەمىد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى مەيمۇن ئەلھىممانىي (ئەبۇ يەھيا). (ھ. 120 – 202 / م. 738 – 818) تېگى خارەزملىك ئازادگەردە. تەخەللۇسى بەشمىن. مۇھەددىس. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئەئمەش، ھەسەن ئىبنى ئۇمارە قاتارلىقلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. يەھيا ئىبنى مەئىين، ئىبنى ھىببان قاتارلىقلار: رىۋايەتتە ئىشەنچلىك دېگەن، بەزى مۇھەددىسلەر: زەئىف دېگەن.

10. **ئەبۇ ئۇمامە** (أَبُو أُمَامَة صُدَيُّ بنُ عَجْلاَنَ الْبَاهِلِيّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سۇدەي ئىبنى ئەجلان ئەلباھىلىي. (ھ. بۇرۇن 21 – ھ. 86 / م. 602 – 705) ھۇدەيبىيەدىكى «رىزۋان بەيئىتى»گە قاتناشقان ساھابە. كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

11. **ئەبباد ئىبنى ھەمزە** (عَبَّادُ بْنُ حَمْزَةَ بنِ عَبْدِ اللهِ بنِ الزُّبَيْرِ الأَسَدِيُّ) رەھمەھۇللاھ: ئەبباد ئىبنى ھەمزە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئەلئەسەدىي. (ھ. ؟ – ؟ / م. ؟ – ؟). تابىئىن. ئاتىسىدىن، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭ مومىسى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە، خەلىفە ئۆمەر بىن خەتتاب ۋە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. رىۋايەتتە ئىشەنچلىك، كېلىشكەن، سېخىي زات.

12. **ئەبدە ئىبنى ئەبى لۇبابە** (عَبْدَةُ بنُ أَبِي لُبَابَةَ أَبُو القَاسِمِ الأَسَدِيُّ): ئەبدە ئىبنى ئەبىي لۇبابە ئەلئەسەدىي (ئەبۇلقاسىم). (ھ. ؟ – 127 / م. ؟ – 745) تابىئىن. ساخاۋەتپەرۋەر تىجارەتچى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ شاگىرتلىرىدىن، مۇھەددىس. ئىبنى ئۆمەر، سۇۋەيد ئىبنى غەفەلە، ئەبىي ۋائىل، ئەلقەمە قاتارلىق زاتلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

13. **ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەسسۇلەمىي** (أَبُو عَبْدِ الرَّحْمَنِ السُّلَمِيُّ عَبْدُ اللهِ بنُ حَبِيْبٍ الكُوْفِيُّ): ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبىب ئەسسۇلەمىي ئەلكۇفىي (ئەبۇ ئابدۇرراھمان). (ھ. 11 دىن بۇرۇن – 74 / م. 632 دىن بۇرۇن – 694) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا تۇغۇلغان كاتتا تابىئىن. قىرائەتشۇناس ۋە مۇھەددىس. قىرائەتنى ھەزرىتى ئەلى ۋە باشقا ساھابىلەردىن ئۆگەنگەن. كۇفەدىكى چوڭ جامەدە قىرىق يىل ئىمام بولغان زات.



14. **ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەسسۇلەمىي** (مُحَمَّدُ بنُ الحُسَيْنِ بنِ مُحَمَّدِ السُّلَمِيُّ النَّيْسَابُوْرِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى مۇھەممەد ئەسسۇلەمىي ئەننىشاپۇرىي (ئەبۇ ئابدۇرراھمان). (ھ. 325 – 412 / م. 937 – 1021) ئەقىدە، ھەدىس، تەفسىر ئالىمى. زامانىنىڭ نىشاپۇر ئىمامى. تەسەۋۋۇف پېشۋالىرىدىن. «ھەقائىقۇتتەفسىر»، «سوپىلارنىڭ تەرجىمھاللىرى» قاتارلىق كۆپ ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

15. **ئەبۇ ئەلى ئىبنى مۇقلە** (أَبُو عَلِيٍّ مُحَمَّدُ بنُ عَلِيِّ بنِ حسين بن مُقْلَة): مۇھەممەد ئىبنى ئەلىي ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى مۇقلە ئەششىرازىي (ئەبۇ ئەلىي). (ھ. 272 – 328 / م. 886 – 940) شائىر، تۇنجى بولۇپ ئەرەب يېزىقىغا ئاساس سالغان خەتتات ئالىم. ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇقتەدىر بىللاھقا ۋەزىر بولغان.

16. **ئەبۇبەكرى ئەلۋەرراق** (أَبُو بَكْرٍ مُحَمَّدُ بْنُ عُمَرَ الْوَرَّاقُ التِّرْمِذِيّ الْبَلْخِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئەتتىرمىزىي ئەلبەلخىي ئەلۋەرراق (ئەبۇبەكرى). (ھ. ؟ – 280 / م. ؟ – 893). «ھەكىم» نامى بىلەن تونۇلغان تەسەۋۋۇف ئىماملىرىدىن بىرى. سەنەدى بىلەن ھەدىسمۇ رىۋايەت قىلغان. شائىر. «ھېكمەت ۋە تەسەۋۋۇف رىسالىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

17. **ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى داۋۇد ئەسسىجىستانىي** (عَبْدُ اللَّه بْنُ سُلَيْمَانَ بْنِ الأَشْعَثِ السِّجِسْتَانِيُّ): ئابدۇللاھ ئىبنى سۇلايمان ئىبنى ئەلئەشئەس ئەسسىجىستانىي (ئەبۇبەكرى). (ھ. 230 – 316 / م. 844 – 928) ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ ئوغلى. ئافغانىستاننىڭ سىجىستان رايونىدا تۇغۇلۇپ، ئاتىسى بىلەن بىللە ئۆز ۋاقتىدىكى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى كېزىپ ھەدىس ئۆگەنگەن ۋە ئاتىسىغا ئوخشاش ھەدىستە يېتىشكەن ئالىم. ئۆز زامانىدىكى باغدادتىكى ھەدىسشۇناس ئىمام، ھەنبەلىي مەزھەب فۇقاھالىرىنىڭ پېشۋاسى. «ئەلمەساھىف»، «فەزائىلۇلقۇرئان»، «تەھەججۇت ۋە كىچە نامىزى» ۋە «ئەلبەئس (قايتا تىرىلىش)» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ باغدادتا ۋاپات بولغان.

18. **ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەلمۇنزىر** (أَبُو بَكْرٍ مُحَمَّدُ بْنُ إِبْرَاهِيْمَ بِنِ المُنْذِرِ النَّيْسَابُوْرِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەلمۇنزىر ئەننىشاپۇرىي (ئەبۇبەكرى). (ھ. 241 – 318 / م. 855 – 930) نىشاپۇرلۇق مۇھەددىس ۋە مۇجتەھىد فەقىھ. فىقھىدا «ئەلئىجمائ»، «ئەلئىشراف» ۋە «ئەلمەبسۇت» قاتارلىق مىسلىسىز ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.



19. **ئەبۇ تەلھە** (أَبُو طَلْحَةَ زَيْدُ بْنُ سَهْلٍ الْأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: زەيد ئىبنى سەھل ئەلئەنسارىي. (ھ. بۇرۇن 36 – ھ. 34 / م. 589 – 655) ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىگە ۋە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان شىجائەتلىك، مەرگەن ساھابە. ئۇھۇد ۋە ھۇنەين غازاتلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا سەباتلىق بىلەن تۇرغان زات.

20. **ئەبۇ جەئفەر نەھھاس** (أَبُو جَعْفَرٍ أَحْمَدُ بْنُ مُحَمَّدِ بِنِ إِسْمَاعِيْلَ المِصْرِيُّ النَّحْوِيُّ): ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىسمائىل (ئەبۇ جەئفەر). (ھ. 241 – 338/ م. 855 – 949) مىسىرلىق تىلشۇناس، نەھۋشۇناس (گرامماتىكاشۇناس)، مۇفەسسىر، ھەدىسشۇناس. «ئىئرابۇل قۇرئان» (إعراب القرآن) «تەفسىرۇل قۇرئان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

21. **ئەبۇ دەرداء** (أَبُو الدَّرْدَاءِ عُوَيْمِرُ بْنُ زَيْدِ بِنِ قَيْسٍ الأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇۋەيمىر (ياكى ئامىر) ئىبنى زەيد ئىبنى قەيس ئەلخەزرەجىي ئەلئەنسارىي. (ھ. بۇرۇن 43 – ھ. 32 / م. 580 – 653) فەقىھ ۋە قىرائەت ئۇستازى ساھابە. خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە دىمەشقكە قازى بولغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات قىلغان.

22. **ئەبۇ مەسئۇد** ئەلئەنسارىي (أَبُو مَسْعُودٍ عُقْبَةُ بنُ عَمْرِو بنِ ثَعْلَبَةَ البَدْرِيُّ الْأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇقبە ئىبنى ئەمر ئىبنى سەئلەبە ئەلبەدرىي ئەلئەنسارىي. (ھ. بۇرۇن 15 – ھ. 40 ياكى 60 / م. 606 – 661 - 662 ياكى 679) ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىگە، بەدر غازىتىغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە.

23. **ئەبۇ سالىھ** (أَبُو صَالِحٍ السَّمَّانُ ذَكْوَانُ بنُ عَبْدِ اللهِ) رەھىمەھۇللاھ: زەكۋان ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسەممان (ئەبۇ سالىھ). (ھ. 15 - يىللار ئەتراپىدا – 101 / م. 636 - يىللار ئەتراپىدا – 720). كاتتا تابىئىن. مۇھەددىس. مۇئمىنلەر ئانىسى جۇۋەيرىيە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئازادگەردىسى. ھەزرىتى سەئد ئىبنى ئەبىي ۋەققاس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق ساھابىلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

24. **ئەبۇ سەئد سەمئانى** (عَبْدُ الكَرِيْمِ بنُ مُحَمَّدِ بنِ مَنْصُورٍ السَّمْعَانِيُّ المَرْوَزِيُّ): ئابدۇلكەرىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مەنسۇر ئەسسەمئانىي ئەلمەرۋەزىي (ئەبۇ سەئد). (ھ. 506 – 562 / م. 1109 – 1166). تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋ شەھرىدە تۇغۇلغان. تارىخشۇناس، ئەدىب، مۇھەددىس، فەقىھ، نەسەبشۇناس. «الأنساب» (نەسەبلەر)، «قواطع الأدلة في أصول الفقه» (قەۋاتىئۇل ئەدىللە فى ئۇسۇلىلفىقھ) قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

25. **ئەبۇ سەۋر** (أَبُو ثَوْرٍ إِبْرَاهِيْمُ بنُ خَالِدٍ الكَلْبِيُّ البَغْدَادِيُّ): ئىبراھىم ئىبنى خالىد ئەلكەلبىي ئەلباغدادىي (ئەبۇ سەۋر). (ھ. 170 – 240 / م. 786 – 854). مۇھەددىس ۋە مۇجتەھىد فەقىھ. ئۆز زامانىدىكى ئىراق مۇپتىسى. ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ۋە ئىمام شافىئىيلاردىن ئىلىم ئالغان ۋە كېيىن ئۆز ئالدىغا ئىجتىھاد قىلغان. لېكىن، ئەزەربەيجان تەرەپلەردە كەڭ تارقالغان ئەبۇ سەۋر مەزھىبى كېيىن يوقاپ كەتكەن. ئىلىم ۋە پەزىلەتتە ھەممە ئېتىراپ قىلغان، تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان زات. «اختلاف مالك والشافعي» «أحكام القرآن» ۋە «المبسوط في الفقه» قاتارلىق ئەسەرلەر قالدۇرغان، ئەمما بىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

26. **ئەبۇ لۇبابە** (أَبُو لُبَابَةَ بَشِيرُ بْنُ عَبْدِ الْمُنْذِرِ الْأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بەشىر (رىفائە دېگەن قاراشمۇ بار) ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر ئەلئەنسارىي (ھ. ؟ – 40 / م. ؟ – 660). ساھابە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەدر ۋە سەۋىق غازاتلىرىدا ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ مەدىنىدە قالدۇرۇپ قويغان. ئوھۇد ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، مەككە فەتھى كۈنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭ تۇغىنى كۆتۈرگەن قوماندان زات.

27. **ئەبۇ رەجائ** (أَبُو رَجَاءٍ العُطَارِدِيُّ عِمْرَانُ بنُ مِلْحَانَ التَّمِيْمِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: ئىمران ئىبنى ملھان ئەلئۇتارىدىي ئەتتەمىيمي (ئەبۇ رەجا). (ھ. بۇرۇن ؟ – ھ. 108 / م. ؟ – 726). جاھىلىيەت دەۋرىدە تۇغۇلۇپ، مەككە فەتھ قىلىنغان يىلى مۇسۇلمان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشەلمىگەن مۇخەدرەملەر (جاھىلىيەت ۋە ئىسلام ئىككى دەۋردە ياشىغانلار) دىن بىرى. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىرائەت ئۆگەنگەن ۋە كۆپ ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

28. **ئەبۇ مەيسەرە** (أَبو مَيْسَرَةَ عُمَرُ بنُ شُرَحْبِيْلَ ئۆمەر الكُوْفِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: ئەمر ئىبنى شۇرەھبىل ئەلھەمدانىي ئەلكۇفىي (ئەبۇ مەيسەرە). (ھ. ؟ – 63 / م. ؟ – 683) كاتتا تابىئىنلاردىن. ھەزرىتى ئۆمەر، ئەلى، ئىبنى مەسئۇد قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

29. **ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىي** (أَبُو مُوْسَى عَبْدُ اللهِ بنُ قَيْسِ الأَشْعَرِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس ئەلئەشئەرىي. (ھ. ؟ – 42 ياكى 44 / م. ؟ – 662 - 663 ياكى 665) ۋەتىنى يەمەندىن ھەبەشىستانغا، كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ساھابە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىدا كېلىشىم ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن «ھەكەم» تەيىنلەنگەن فەقىھ زات.

30. **ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەبى زەيد** (ابْنُ أَبِي زَيْدٍ عَبْدُ اللهِ بنُ أَبِي زَيْدٍ القَيْرَوَانِيُّ المَالِكِيُّ): ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى زەيد ئەلقەيرۇۋانىي ئەلمالىكىي (ئەبۇ مۇھەممەد). (ھ. 310 – 386 / م. 922 – 996) تۇنىسلىق. مالىكىي مەزھىبىنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن بىرى. «كىچىك مالىك» دەپ نام ئالغان. ئىلىمگە ئەمەل قىلىدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا پۇل خەجلەيدىغان ساخاۋەتلىك زات، مۇھەددىس ۋە تەفسىرشۇناس. مەشھۇر ئەسەرلىرى: «رىسالە»، «مختصر المدونة» قاتارلىقلار.

31. **ئەبۇ نۇئەيم** (أَبُو نُعَيْمٍ أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ أَحْمَدَ الأَصْبَهَانِيُّ): ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئەلئەسبەھانىي (ئەبۇ نۇئەيم). (ھ. 336 – 430 / م. 948 – 1038) ئىران ئىسفاھاندا تۇغۇلغان. مۇھەددىس، تارىخشۇناس، رىۋايەتتە ئىشەنچلىك زات. مەشھۇر ئەسەرلىرى «حلية الأولياء» (ئەۋلىيالار زىننىتى، 10 توم)، «تاريخ أصبهان» «دلائل النبوة» ۋە باشقىلار.

32. **ئەبۇ هاتىم ئەسسىجىستانىي** (أَبُو حَاتِمٍ سَهْلُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ عُثْمَانَ السِّجِسْتَانِيُّ): سەهل ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئوسمان ئەسسىجىستانىي (ئەبۇ هاتىم). (ھ. 172 – 255 / م. 788 – 869) مۇھەددىس، تىلشۇناس، قىرائەتشۇناس ۋە تەفسىرشۇناس. «ئىئرابۇل قۇرئان» (إعراب القرآن) «الأضداد» «القراءات» ۋە باشقا ئەسەرلىرى بار.

33. **ئەبۇ هارۇن ئەلئەبدىي** (أَبُو هَارُون عمَارَة بن جُوَيْن الْعَبْدِي): ئۇمارە ئىبنى جۇۋەين ئەلئەبدىي (ئەبۇ هارۇن). (ھ. ؟ – 134 / م. ؟ – 751). ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان تابىئىن. ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا «ئاجىز» دەپ قارىلىدۇ.

34. **ئەبۇ ھۇرەيرە** (أَبُو هُرَيْرَةَ عَبْدُ الرَّحْمَنِ بنُ صَخْرٍ الدَّوْسِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئابدۇررەھمان ئىبنى سەخر ئەددەۋسىي (ھ. بۇرۇن 19 – ھ. 59 / م. 603 – 678) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا 3 يىل مۇقىم تۇرغان. ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان يەتتە ساھابىنىڭ تۇنجىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بەرىكىتىدىن ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە بەھرەيىنگە ۋالىي بولغان.



35. **شەيخ ئەبۇ ئوسمان ئەلمەغرىبىي** (أَبُو عُثْمَانَ سَعِيْدُ بنُ سَلاَّمٍ المَغْرِبِيُّ القَيْرَوَانِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەئىد ئىبنى سالام ئەلمەغرىبىي ئەلقەيراۋانىي (ئەبۇ ئوسمان). (ھ. ؟ – 373 / م. ؟ – 983) نىشاپۇردا ياشىغان تۇنۇسلۇق زاھىد. زامانىدىكى تەسەۋۋۇف ئەھلىنىڭ شەيخى. ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن تونۇلغان.

36. **ئەبۇ ئوسمان ئىبنى ھەدداد** (السَعِيْدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ صَبِيْحٍ ابْنُ الحَدَّادِ المَغْرِبِيُّ): سەئىد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەبىيھ ئىبنى ھەدداد ئەلغەسسانىي ئەلقەيراۋانىي (ئەبۇ ئوسمان). (ھ. 219 – 302 / م. 834 – 915). تۇنىسلىق تىلشۇناس، كالامشۇناس، مۇجتەھىد فەقىھ. زامانىدىكى مالىكىي مەزھەب پېشۋاسى. سۈننەتنى قوغداپ شىئەلەر بىلەن قىلغان مۇنازىرىلىرى مەشھۇر. «رد على الشافعي»، «كتاب المقالات» « توضيح المشكل في القرآن» ۋە باشقا ئەسەرلىرى بار.

37. **ئەبۇ ئۇبەيد** (أَبُو عُبَيْدٍ القَاسِمُ بنُ سَلاَّمٍ بنِ عَبْدِ اللهِ الهَرَوِيٍّ): قاسىم ئىبنى سەللام ئەلھەرەۋىي (ئەبۇ ئۇبەيد). (ھ. 157 – 224 / م. 774 – 838). ئافغانىستاننىڭ ھىراتتا توغۇلغان. تىلشۇناس، مۇھەددىس، مۇجتەھىد فەقىھ. «ئەلئەمۋال شەرئىيە»، «فەزائىلۇلقۇرئان»، ۋە «ئەلغەرىب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

38. **ئەبۇ ئۇسەيد ئەسسائىدىي** (أَبُو أُسَيْدٍ مَالِكُ بنُ رَبِيْعَةَ السَّاعِدِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مالىك ئىبنى رەبىيئە ئەسسائىدىي ئەلئەنسارىي. (ھ. بۇرۇن 38 – ھ. 40 / م. 581 – 661) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. مەككە فەتھە قىلىنغان كۈنى جەمەتى بەنى سائىدەنىڭ تۇغىنى كۆتۈرگەن قوماندان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

39. **ئەبۇ ئۆمەر ئەلكىندىي** (أَبُو عُمَرَ مُحَمَّدُ بْنُ يُوسُفَ بْنِ يَعْقُوبَ الكِنْدِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈف ئىبنى يەئقۇب ئەلكىندىي (ئەبۇ ئۆمەر). (ھ. 283 – 355 / م. 896 – 966). مىسىردا ياشىغان تارىخشۇناس، مۇھەددىس، نەسەبشۇناس. مەشھۇر ئەسەرلىرى «مىسىر قازىلىرى»، «مىسىر ۋالىيلىرى».

40. **ئەبۇ يەئلا** (أَبُو يَعْلَى أَحْمَدُ بنُ عَلِيِّ بنِ المُثَنَّى التَّمِيْمِيُّ المَوْصِلِيُّ): ئەھمەد ئىبنى ئەلىي ئىبنى ئەلمۇسەننا ئەتتەمىيمىي ئەلمەۋسىلىي (ئەبۇ يەئلا). (ھ. 210 – 307 / م. 826 – 920). ئىشەنچلىك، پەزىلەتلىك، مەشھۇر ئالىم. مۇسۇللۇق مۇھەددىس. «مۇسنەدۇ ئەبى يەئلا» ناملىق 13 تومدا نەشر قىلىنغان ھەدىس كىتابىنىڭ مۇئەللىفى. باشقا ئەسەرلىرىمۇ بار.



41. **ئەبۇلئابباس ئىبنى سۇرەيج** (ابْنُ سُرَيْجٍ أَبُو العَبَّاسِ أَحْمَدُ بنُ عُمَرَ البَغْدَادِيُّ): ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى سۇرەيج ئەلباغدادىي (ئەبۇلئابباس). (ھ. 249 – 306 / م. 864 – 919). كاتتا شافىئىي فەقىھ، قازى، مۇھەددىس. «كتاب الرد على محمد بن الحسن»، «كتاب الرد على عيسى بن أبان»، ۋە «الأقسام والخصال» قاتارلىق كۆپ ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

42. **ئەبۇلئالىيە** (أَبُو العَالِيَةِ رُفَيْعُ بنُ مِهْرَانَ الرِّيَاحِيُّ البَصْرِيُّ): رۇفەيئ ئىبنى مىھران ئەررىياھىي ئەلبەسرىي (ئەبۇلئالىيە). (ھ. بۇرۇن ؟ – 93 / م. ؟ – 712) جاھىلىيەت دەۋرىدە تۇغۇلۇپ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغان ئازادگەردە تابىئىن. ئۇبەي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن قىرائەت ئۆگەنگەن ۋە كېيىن ئىلىم ياپغان زات.

43. **ئەبۇلئەھۋەس جۇشەمىي** (أَبُو الأَحْوَصِ عَوْف بْن مَالك الْجُشَمِيُّ) رەھمەھۇللاھ: ئەۋف ئىبنى مالىك ئەلجۇشەمىي (ئەبۇلئەھۋەس). (ھ. ؟ – 90 - يىللىرى / م. ؟ – 709 - يىللىرى). تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن. ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ مۇسا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ئىلىم ئالغان ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

44. **ئەبۇلقاسىم سەيمەرىي** (أَبُو القَاسِمِ عَبْدُ الوَاحِدِ بنُ الحُسَيْنِ الصَّيْمَرِيُّ): ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئەلھۈسەين ئىبنى مۇھەممەد ئەسسەيمەرىي (ئەبۇلقاسىم). (ھ. ؟ – 386 / م. ؟ – 996). كاتتا شافىئىي فەقىھ، قازى. «ئەل ئىيزاھ فىلمەزھەب»، «ئەلقىياس ۋەلئىلەل» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

45. **ئەبۇلقاسىم ئىبنى ئەساكىر** (ثِقَةُ الدِّيْنِ أَبُو القَاسِمِ عَلِيُّ بنُ الحَسَنِ بْن هبة اللَّه ابْنُ عَسَاكِرَ الدِّمَشْقِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: سىقەتۇددىن ئەلىي ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى ھىبەتۇللاھ ئىبنى ئەساكىر ئەددىمەشقىي (ئەبۇلقاسىم). (ھ. 499 – 571 / م. 1105 – 1176). جاھان كەزگەن كاتتا مۇھەددىس، فەقىھ، تارىخشۇناس. «دىمەشق تارىخى» (سەكسەن توملۇق)، «ئەلئىشراف ئەلا مەئرىفەتىل ئەتراف»، «جىھاد فەزىلەتلىرىدە قىرىق ھەدىس» ۋە «تەبيىينۇ كىزبۇل مۇفتەرى» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

46. **ئەبۇلجەۋزا** (أَبُو الجَوْزَاءِ أَوْسُ بنُ عَبْدِ اللهِ الرَّبَعِيُّ البَصْرِيُّ): ئەۋس ئىبنى ئابدۇللاھ ئەررەبەئىي ئەلبەسرىي (ئەبۇلجەۋزا). (ھ. ؟ – 83 / م. ؟ – 702). ئائىشە، ئىبنى ئابباس قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان تابىئىن، زالىم ھەججاجغا قارشى توپىلاڭغا قاتناشقان ئىبادەتگۈي زات.

47. **ئەبۇلقاسىم جۇنەيد** (أَبُو القَاسِمِ الجُنَيْدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ الجُنَيْدِ النَّهَاوَنْدِيُّ البَغْدَادِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: جۇنەيد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلجۇنەيد ئەننەھاۋەندىي ئەلباغدادىي (ئەبۇلقاسىم). (ھ. 215 – 298 / م. 830 – 910). زامانىدىكى قۇرئان ۋە ھەدىسنى تۇتقان تەسەۋۋۇف پېشۋاسى زات. مۇھەددىس. فىقھىدا ئىمام ئەبۇ سەۋرنىڭ شاگىرتى. ئىلىم، ئىبادەت ۋە زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان، تەسەۋۋۇفنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە بويسۇندۇرۇشنى، جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ پائال بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئالىم. قالدۇرغان رىسالىلىرى 30 دىن كۆپ بولۇپ، «جۇنەيد رىسالىلىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان. 193

48. **ئەتائ ئىبنۇسسەئىب** (عَطَاءُ بنُ السَّائِبِ الثَّقَفِيُّ الكُوْفِيُّ): ئەتائ ئىبنى ئەسسائىب ئەسسەقەفىي ئەلكۇفىي (ئەبۇسسەئىب). (ھ. ؟ – 136 / م. ؟ – 754) ئازادگەردە تابىئىن، كۇفە مۇھەددىسى.

49. **ئەسۋەد** (الأَسْوَدُ بنُ يَزِيْدَ بنِ قَيْسٍ أَبُو عَمْرٍو النَّخَعِيُّ): ئەسۋەد ئىبنى يەزىد ئىبنى قەيس ئەننەخەئىي (ئەبۇ ئەمر). (ھ. بۇرۇن؟ – ھ. 75 / م. ؟ – 694) جاھىلىيەت دەۋرىدە تۇغۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشەلمىگەن تابىئىن. زامانىدىكى كۇفە ئەللامىسى. فەقىھ، مۇھەددىس ۋە قىرائەتشۇناس. ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاگىرتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر قاتارلىق زاتلاردىنمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

50. **ئەلجۇۋەينىي** (إِمَامُ الحَرَمَيْنِ عَبْدُ المَلِكِ بنُ عَبْدِ اللهِ بنِ يُوْسُفَ الجُوَيْنِيُّ النَّيْسَابُوْرِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇف ئەلجۇۋەينىي ئەننىشاپۇرىي (ئەبۇلمەئالىي). (ھ. 419 – 478 / م. 1028 – 1085). «ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى» دەپ تونۇلغان شافىئىي فەقىھ، كالامشۇناس، ئۇسۇلۇل فىقھشۇناس، تالانتلىق بۈيۈك ئالىم. ئىمام ئەلغەززالىي، ئىمام قۇشەيرىيلەرنىڭ ئۇستازى. ھىجرىيە 5 - ئەسىرنىڭ مۇجەددىدى دەپ تەرىپلەنگەن زات. «غياث الأمم في التياث الظلم»، «الشامل في أصول الدين»، «نهاية المطلب»، «البرهان» قاتارلىق بىباھا ئەسەرلىرى كۆپ.

51. **ئەلئاجۇررىي** (أَبُو بَكْرٍ مُحَمَّدُ بنُ الحُسَيْنِ بنِ عَبْدِ اللهِ الآجُرِّيُّ البَغْدَادِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلئاجۇررىي ئەلباغدادىي، (ئەبۇبەكرى). (ھ. 280 – 360 / م. 894 – 971) ئەقىدە، قىرائەت، ھەدىس ۋە فىقھدا تونۇلغان ئالىم. «سۈننەتتىكى شەرىئەت» (الشَّرِيعَةِ فِي السُّنَّةِ)، «ئالىملارنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى» (آدَابِ العُلَمَاءِ) قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇر.

52. **ئەلقەمە ئىبنى قەيس** (عَلْقَمَةُ بنُ قَيْسِ بنِ عَبْدِ اللهِ أَبُو شِبْلٍ النَّخَعِيُّ): ئەلقەمە ئىبنى قەيس ئىبنى ئابدۇللاھ ئەننەخەئىي (ئەبۇ شىبل). (ھ. بۇرۇن 28 – ھ. 62 / م. 591 – 681). جاھىلىيەت دەۋرىدە تۇغۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشەلمىگەن تابىئىن. ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەڭ چوڭ شاگىرتى. كۇفە ئەللامىسى. ئىلىم يايغان ۋە ئىلىمگە تەرغىب قىلغان رەببانىي ئالىم. ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن كېيىن پەتىۋا ۋە ئىمامىلىق ئەلقەمەگە قالغان. ئۇنىڭدىن ساھابىلەرمۇ پەتىۋا سورايتتى.

53. **ئەلى ئەلئەزدىي** (عَلِيّ بْن عَبْد اللّه البارقي الْأَزْدِيّ): ئەلىي ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلبارىقىي ئەلئەزدىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. ؟ – ؟ / م. ؟ – ؟). چوڭ تابىئىنلاردىن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئۆمەر قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

54. **ئەئمەش** (سُلَيْمَان بن مِهْرَان الْأَعْمَش الْكَاهِلِي): سۇلەيمان ئىبنى مىھران (ئەبۇ مۇھەممەد). كۆزى ياشانغۇراپ تۇرغانلىقتىن «ئەئمەش» دەپ تونۇلغان. (ھ. 61 – 148 / م. 680 – 765). كۇفەدە ياشىغان تابىئىن. مۇھەددىسلەرنىڭ ۋە قارىيلارنىڭ شەيخى. ئەنەس ئىبنى مالىك قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

55. **ئەمر ئىبنى مۇررە** (عَمْرُو بنُ مُرَّةَ بنِ عَبْدِ اللهِ المُرَادِيُّ): ئەمر ئىبنى مۇررە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى تارىق ئەلمۇرادىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. ؟ – 116 ياكى 118 / م. ؟ – 734 ياكى 736). كۇفەلىك تابىئىن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

56. **ئەنەس ئىبنى مالىك** (أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ الْأَنْصَارِيّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك ئەلئەنسارىي (ئەبۇ ھەمزە). (ھ. بۇرۇن 10 – ھ. 93 / م. 612 – 711) ياشلىقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 10 يىل خىزمىتىنى قىلغان خىزمەتچىسى. ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىلەردىن بىرى.

57. **ئەھمەد دەۋرەقىي** (أَحْمَدُ بنُ إِبْرَاهِيْمَ بنِ كَثِيْرٍ الدَّوْرَقِيُّ العَبْدِيُّ): ئەھمەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى كەسىر ئىبنى زەيد ئەددەۋرەقىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 168 – 246 / م. 784 – 860). مۇھەددىس، ئابىد. ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي قاتارلىق ئىماملار ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بەزى ئەسەرلەرنى يازغان.

58. **ئەھلى سۇففە** (أهلُ الصُّفَّة): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى چەللە ئاستىدا يېتىپ - قوپۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئان ۋە شەرئىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىدىغان، ھاياتىنى ئىبادەت ۋە جىھادقا ئاتىۋەتكەن ئۆي - ماكانسىز، بويتاق، يوقسۇل مۇھاجىر ساھابىلەر. ئۇلارنىڭ ھالىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر ئالاتتى. سانى ئازىيىپ - كۆپىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى ئەبۇ ھۇرەيرە، سالمان ئەلفارسىي، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، بىلال ئىبنى رەباھ ... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردۇر.



59. **ئەھمەد ئىبنى ئەبۇلھەۋارىي** (أَحْمَدُ بنُ أَبِي الحَوَارِيِّ عَبْدِ اللهِ بنِ مَيْمُوْنٍ التَّغْلَبِيُّ): ئەھمەد ئىبنى ئەبۇلھەۋارىي ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن (ئەبۇلھەسەن). (ھ. 164 – 230 / م. 781 – 845). تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىدىن. مۇھەددىس، زاھىد، ئابىد زات. «رەيھانەتۇششام» (شام تۇتىياسى) دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە قاتارلىق ئىماملار ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

60. **ئەھمەد ئىبنى غۇنەيم ئەننەفراۋىي** (شِهابُ الدين أحمد بنُ غانم (أو غنيم) بن سَالم ابن مهنا النفراوي الأزهري المالكي): شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى غۇنەيم (ياكى غانىم) ئىبنى سالىم ئىبنى مۇھاننا ئەننەفراۋىي (نەفراۋىي). (ھ. 1044 – 1126 / م. 1634 – 1714). مىسىرلىق مالىكىي فەقىھ. مەشھۇر ئەسىرى «ئەلفەۋاكىھۇددەۋانىي»دۇر.

61. **ئەييۇب سەختىيانى** (أَيُّوبُ بنُ كَيْسَانَ السَّخْتِيَانِيُّ العَنَزِيُّ): ئەييۇب ئىبنى كەيسان ئەسسەختىيانىي ئەلئەنزىي (ئەبۇبەكرى). (هـ. 66 – 131 / م. 685 – 748). ئازادگەردە تابىئىن. كاتتا مۇھەددىس. نام - ئاتاقتىن قاچىدىغان، ئىبادەتگۇي، زاھىد، سۈننەتنى چىڭ تۇتىدىغان زات. سۇفيان سەۋرىي، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئىمام مالىك ۋە نۇرغۇن ئالىملار ئۇ زاتتىن ئىلىم ئالغان.

62. **بەرائ ئىبنى ئازىب** (البَرَاءُ بنُ عَازِبِ بنِ الحَارِثِ الأَنْصَارِيُّ الحَارِثِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بەرائ ئىبنى ئازىب ئەلئەنسارىي (ئەبۇ ئۇمارە). (هـ. بۇرۇن 22 – هـ. 72 / م. 600 – 690). نۇرغۇن غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. ئاتىسىمۇ ئەنسارىي ساھابە. كۇفەدە يەرلىشىپ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

63. **بەززار** (أَبُو بَكْرٍ أَحْمَدُ بنُ عَمْرِو بنِ عَبْدِ الخَالِقِ البَصْرِيُّ البَزَّارُ) رەھىمەھۇللاھ: ئەھمەد ئىبنى ئەمر ئىبنى ئابدۇلخالىق ئەلبەسرىي ئەلبەززار (ئەبۇبەكرى). (هـ. 210 – 292 / م. 826 – 905). كاتتا مۇھەددىس ئىمام. «مۇسنەدۇ بەززار» دەپ تونۇلغان چوڭ ھەجىملىك ھەدىس توپلىمى «ئەلبەھرۇززەخخار»نىڭ مۇئەللىفىدۇر.

64. **بەغەۋىي** (الحُسَيْن بن مَسْعُوْدِ بنِ مُحَمَّدٍ البَغَوِيُّ): ھۈسەين ئىبنى مەسئۇد ئىبنى مۇھەممەد ئەلفەررا ئەلبەغەۋىي (ئەبۇ مۇھەممەد). (هـ. 433 ياكى 436 – 516 / م. 1041 ياكى 1044 – 1122). خۇراساننىڭ «بەغ» دېگەن يېرىدىن. «رۇكنۇددىن»، «مۇھيىسسۇننە» ناملىرىغا لايىق بولغان كاتتا مۇھەددىس، شافىئىي فەقىھ. «مەسابىھۇسسۇننە»، «شەرھۇسسۇننە»، «تەفسىرى بەغەۋىي» نامى بىلەن مەشھۇر «مەئالىمۇتتەنزىل» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

65. **بەھز ئىبنى ھەكىم** (بَهْزُ بنُ حَكِيْمِ بنِ مُعَاوِيَةَ بن حَيْدَةَ القُشَيْرِيُّ البَصْرِيُّ): بەھز ئىبنى ھەكىم ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە ئەلقۇشەيرىي ئەلبەسرىي (ئەبۇ ئابدۇلمەلىك). (هـ. ؟ – 150 / م. ؟ – 767 - يىلدىن بۇرۇن) ھەدىس راۋىيلىرىدىن بىرى. ئاتىسى ھەكىم تابىئىن. بوۋىسى مۇئاۋىيە ھەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەردىندۇر.

66. **بۇرەيدە ئىبنى ئەلھۇسەيب** (بُرَيْدَةُ بْنُ الْحُصَيْبِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ الأَسْلَمِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇرەيدە ئىبنى ئەلھۇسەيب ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلئەسلەمىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (هـ. بۇرۇن؟ – 62 / م. ؟ – 682). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىشۋاتقاندا مۇسۇلمان بولغان ساھابە. ھۇدەيبىيەدىكى «رىزۋان» بەيئىتىگە ۋە كېيىنكى غازاتلارغا قاتناشقان، خۇراسانغا جىھادقا ئاتلىنىپ تۈركمەنىستاندا ۋاپات بولغان زات. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 150 ئەتراپىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

67. **تەلهە ئىبنى مۇسەررىف** (طَلْحَةُ بنُ مُصَرِّفِ بنِ عَمْرٍو اليَامِيُّ الكُوْفِيُّ) رەھمەھۇللاھ: تەلهە ئىبنى مۇسەررىف ئەليامىي ئەلكۇفىي (ئەبۇ تەلهە). (ھ. ؟ – 112 / م. ؟ – 730). تابىئىن، قارىي، مۇھەددىس. ئالىملار ماختىغان پەزىلەتلىك زات.

68. **تەمىم ئەددارىي** (تَمِيْمُ بنُ أَوْسِ بنِ خَارِجَةَ الدَّارِيُّ الفِلَسْطِيْنِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: تەمىم ئىبنى ئەۋس ئەددارىي (ئەبۇ رۇقەييە). (ھ. ؟ – 40 / م. ؟ – 660). ھ. 9 / مىلادىيە 630 - يىلى مۇسۇلمان بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. خەلىپىلەر دەۋرىدىمۇ غازاتلارغا قاتناشقان مەشھۇر قارىي، ئابىد ساھابىلەرنىڭ بىرىدۇر.

69. **جابىر** (جَابِرُ بنُ عَبْدِ اللهِ بنِ عَمْرِو بنِ حَرَامٍ السَّلِمِيُّ الْأَنْصَارِيّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام ئەسسەلىمىي ئەلئەنسارىي. (ھ. بۇرۇن 16 – ھ. 78 / م. 607 – 697) ئەقەبە بەيئىتىگە ئاتىسى بىلەن قاتناشقان، كېيىن «رىزۋان بەيئىتى»گە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن 15 غازاتقا قاتناشقان كاتتا ساھابە. ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئالىم زاتلاردىن.

70. **جەئفەر سادىق** (جَعْفَرُ الصَّادِقُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ عَلِيٍّ بنِ أَبِي طَالِبٍ): جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 80 – 148 / م. 699 – 765) كاتتا ئالىم. يالغان سۆز قىلىپ باقمىغاچقا، «جەئفەر سادىق» دەپ تونۇلغان زات.

71. **خەتىب باغدادىي** (الخَطِيْبُ أَبُو بَكْرٍ أَحْمَدُ بنُ عَلِيٍّ بنِ ثَابِتٍ البَغْدَادِيُّ) رەھمەھۇللاھ: ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى سابىت (ئەبۇبەكرى). «خەتىب باغدادىي» دەپ مەشھۇر. (ھ. 392 – 463 / م. 1002 – 1071). زامانىدىكى مەشھۇر مۇھەددىس، تارىخشۇناس. مەشھۇر ئەسىرى «باغداد تارىخى» (14 توم) بولۇپ، «الكفاية في علم الرواية» «الفقيه والمتفقه» قاتارلىق كۆپ ئەسەرلىرى بار.

72. **خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز** (عُمَرُ بنُ عَبْدِ العَزِيْزِ بنِ مَرْوَانَ الأُمَوِيُّ القُرَشِيُّ): ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋان ئىبنى ئەلھەكەم ئەلئۇمەۋىي ئەلقۇرەشىي (ئەبۇ ھەفس). (ھ. 61 – 101 / م. 681 – 720) تابىئىن. ئۇمەۋىيلەرنىڭ 8 – خەلىپىسى، (ھ. 99 – 101 / م. 717 – 720). خەلىپە ئۆمەر بىن خەتتابنىڭ ئوغلى ئاسىمنىڭ قىزى لەيلانىڭ ئوغلىدۇر. ئادالەتنى تىكلەپ، شۇرانى بەرپا قىلغان، ئىلىم - مەرىپەت يېيىشقا، ھەدىسلەرنى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن زات. 2 يىل 5 ئايغا يېقىن خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىسلامغا قىلغان خىزمىتى ۋە تۇتقان ئادالەتلىك ھاكىمىيەت يولى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت خەلىپىسىدىن كېيىنكى بەشىنچى خەلىپە دەپمۇ قارالغان. زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار.

73. **رەبىئ ئەلمۇرادىي** (الرَّبِيْعُ بنُ سُلَيْمَانَ بنِ عَبْدِ الجَبَّارِ المُرَادِيُّ): رەبىئ ئىبنى سۇلەيمان ئىبنى ئابدۇلجەببار ئەلمۇرادىي (ئەبۇ مۇھەممەد). (ھ. 174 – 270 / م. 791 – 884). مۇھەددىس، فەقىھ. ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتى، كىتابلىرىنى يادقا ئېلىپ تەلىم بەرگەن زات، شافىئىي مەزھەبىنىڭ ئاساسلىق تارقاتقۇچىلىرىدىن بىرى.

74. **رويانىي** (عَبْدُ الوَاحِدِ بنُ إِسْمَاعِيْلَ بنِ أَحْمَدَ الرُّويَانِيُّ): ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد ئەررويانىي (ئەبۇلمەھاسىن). (ھ. 415 – 502 / م. 1025 – 1108). ئىراننىڭ تەبەرىستان ۋىلايىتى رويان ناھىيىسىدىن. ئۆز زامانىدىكى شافىئىي ئۆلىمالار پېشۋاسى. بۇخارادا ئوقۇپ، يۇرت كېزىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەدىسشۇناس فەقىھ. قازى، ۋەزىر نىزامۇلمۇلۈك (م. 1018 – 1092) ئۇنى قاتتىق ھۆرمەتلەيتتى. جۈمە كۈنى جامەدە رافىزىيلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شافىئىي فىقھى كىتابلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان «البحر في المذهب الشافعي» (شافىئىي مەزھىبىنىڭ دېڭىزى) نىڭ مۇئەللىفىدۇر.

75. **زەيد ئىبنى سابىت** (زَيْدُ بنُ ثَابِتِ بنِ الضَّحَّاكِ بنِ زَيْدٍ الأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: زەيد ئىبنى سابىت ئىبنى دەھھاك ئەلئەنسارىي (ئەبۇ سەئىد). (ھ. بۇرۇن 12 – ھ. 45 / م. 611 – 665) قىرائەت ۋە مىراس ئىلمىدە پېشۋا كاتتا ساھابە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھىي كاتىبلىرىدىن بىرى. خەلىپە ئەبۇبەكرى ۋە خەلىپە ئوسمانلار ئۇنى قۇرئاننى جەملەپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرگەن.

76. **زۇرارە ئىبنى ئەبى ئەۋفا** (زُرَارَةُ بْنُ أَوْفَى الْحَرَشِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: زۇرارە ئىبنى (ئەبى) ئەۋفا ئەلھەرەشىي ئەلئامىرىي (ئەبۇ ھاجىب). (ھ. ؟ – 93 / م. ؟ – 712). تابىئىن. بەسرەنىڭ قازىسى. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. سەجدە قىلغان ھالەتتە ۋاپات بولغان.

77. **زۇفەر** (زُفَرُ بنُ الهُذَيْلِ بنِ قَيْسِ بنِ سَلْمٍ العَنْبَرِيُّ): زۇفەر ئىبنى ھۇزەيل ئىبنى قەيس ئەلئەنبەرىي ئەتتەمىمىي. (ئەبۇلھۇزەيل). (ھ. 110 – 158 / م. 728 – 775). ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ چوڭ شاگىرتى ۋە ئورۇنباسارى. قىياس ئۇستىسى، مۇجتەھىد، ئىلىمگە ئەمەل قىلىدىغان ئابىد، زاھىد ۋە ھەدىس رىۋايىتىدە ئىشەنچلىك، ئۇستازىغا ئوخشاش قازىلىق مەنسىپىنى رەت قىلغان زات. دۇنياغا بېرىلمەي، مەنسەپ قوغلاشماي، ئىلىم ئۆگىتىش بىلەن 48 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

78. **زۇننۇن ئەلمىسرىي** (ذُو النُّوْنِ ثَوْبَانُ بنُ إِبْرَاهِيْمَ المِصْرِيُّ) رەھمەھۇللاھ: سەۋبان ئىبنى ئىبراھىم (ئەبۇلفەيز). (ھ. 155 – 245 / م. 771 – 859). «زۇننۇن ئەلمىسرىي» دەپ تونۇلغان مۇھەددىس، فەقىھ، تەسەۋۋۇف پېشىۋاسى. زامانىدىكى مىسىر دىيارىنىڭ شەيخى. ئىمام مالىكتا ئوقۇپ «ئەلمۇۋەتتا»نى رىۋايەت قىلغان. ئىمام لەيس، ئىبنى لەھىيئە قاتارلىق كاتتا ئىماملاردىنمۇ ئىلىم ئالغان. كىمياگەرلىك ۋە تىبابەتتىمۇ ئوقۇپ يېتىشكەن ۋە «الركن الأكبر»، «الثقة في الصنعة» ۋە «العجائب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. جاھان كېزىپ زاھىدلىقنى ۋە تەسەۋۋۇفنى يايغان. مىسىر قەدىمىي يېزىقى «ھىيروگلوفىي يازمىلىرى»نى ئوقۇغان ۋە شىفىرلىرىنى يەشكەن شۇنداقلا بۇ ھەقتە «حل الرموز وبرء الأرقام في كشف أصول اللغات والأقلام» ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

79. **سالمان ئەلفارسىي** (سَلْمَانُ الْفَارِسِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سالمان ئەلفارسىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ) (ھ. بۇرۇن 44 – ھ. 36 / م. 578 – 656) ئەسلى ئىسمى روزبە ئىبنى خۇشبۇزان بولۇپ، تېگى پارس مىللىتىدىن. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى «سلمان بن الإسلام» (ئىسلام ئوغلى سالمان) دەپ تونۇشتۇرغان مەشھۇر ساھابە.

199

80. **سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ** (سَالِمُ بنُ عَبْدِ اللهِ بنُ عُمَرَ بنِ الخَطَّابِ العَدَوِيُّ القُرَشِيُّ): سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەلئەدەۋىي ئەلقۇرەشىي (ئەبۇ ئۆمەر). (ھ. ؟ – 106 / م. ؟ – 728). خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەۋرىسى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە تۇغۇلغان. تابىئىن، مۇھەددىس، تابىئىنلار دەۋرىدىكى مەدىنەنىڭ يەتتە فەقىھىنىڭ بىرى ۋە مەدىنە مۇفتىسى.

81. **سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس** (سَعْدُ بْنُ أَبِي وَقَّاصٍ مَالِكِ بْنِ أَهْيَبَ القُرَشِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس مالىك ئىبنى ئەھيەيب ئەلقۇرەشىي (ئەبۇ ئىسھاق). (ھ. بۇرۇن 23 – ھ. 55 / م. 595 – 674) تۇنجى مۇسۇلمان بولغان يەتتە كىشىنىڭ ۋە جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن 10 ساھابىنىڭ بىرى. تۇنجى بولۇپ ئاللاھ يولىدا ئوق ئاتقان زات. «قادىسىييە» جېڭىدە ۋە ئىراق فەتھىدە زەپەر قۇچقان باھادىر قوماندان. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى خەلىپە تاللايدىغان ئالتە كىشىلىك شۇرا ھەيئىتىگە تاللىغان.

82. **سەئد ئىبنى مۇنزىر** (سَعْدُ بْنُ الْمُنْذِرِ بْنِ عُمَيْرِ السَّاعِدِيُّ الْأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەئد ئىبنى مۇنزىر ئىبنى ئۇمەير ئەسسائىدىي ئەلئەنسارىي. (ھ. ؟ – ؟ / م. ؟ – ؟). ئەبۇ ھۇمەيد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسى. ئەقەبە بەيئىتىگە، بەدر غازىتىغا ۋە ئۇندىن كېيىنكى غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

83. **سەئد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف** (سَعْدُ بنُ إِبْرَاهِيْمَ بنِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بنِ عَوْفٍ الزُّهْرِيُّ): سەئد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئەززۇھرىي (ئەبۇ ئىبراھىم، ئەبۇ ئىسھاق). (ھ. 55 – 127 / م. 675 – 745). تابىئىن. مۇھەددىس، فەقىھ، مەدىنە قازىسى. ئەنەس ئىبنى مالىك، ئەبۇ ئۇمامە قاتارلىق ساھابىلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

84. **سەرىي ئەسسەقەتىي** (السَّرِيُّ بنُ المُغَلِّسِ السَّقَطِيُّ البَغْدَادِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: سەرىي ئىبنى مۇغەللىس ئەسسەقەتىي ئەلباغدادىي (ئەبۇلھەسەن). (ھ. 160 – 251 / م. 777 – 865). مۇھەددىس. زامانىدىكى تەقۋادار، ئىبادەتگۇي، زاھىد زات. تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىدىن. جۇنەيد باغدادىينىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى ۋە ئۇستازى.



85. **سەئلەبىي** (أَبُو إِسْحَاقَ أَحْمَدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ إِبْرَاهِيْمَ الثَّعْلَبِيُّ النَّيْسَابُوْرِيُّ): ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەسسەئلەبىي (ياكى سەئالىبىي) ئەننىشاپۇرىي (ئەبۇ ئىسھاق). (ھ. ؟ – 427 / م. ؟ – 1035). مەشھۇر تەفسىرشۇناس، مۇھەددىس، تارىخشۇناس. مەشھۇر ئەسىرى «سەئلەبىي تەفسىرى»دۇر.

86. **سەھل ئەتتۇستەرىي** (سَهْلُ بنُ عَبْدِ اللهِ بنِ يُوْنُسَ التُّسْتَرِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى يۇنۇس ئەتتۇستەرىي (ئەبۇ مۇھەممەد). (ھ. 200 – 283 / م. 818 – 896). ئىراننىڭ خۇزىستان ۋىلايىتى تۇستەر شەھرىدىن. مەشھۇر ئابىد، زاھىد. تەفسىرشۇناس، ۋەز - نەسىھەتچى. مەشھۇر ئەسەرلىرى «قۇرئان تەفسىرى»، «رقائق المحبين» «جوابات أهل اليقين» قاتارلىقلار.

87. **سەھل ئىبنى سەئد ئەلئەنسارىي** (سَهْلُ بنُ سَعْدِ بنِ مَالِكٍ السَّاعِدِيُّ الْأَنْصَارِيّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: سەھل ئىبنى سەئد ئىبنى مالىك ئەسسائىدىي ئەلئەنسارىي (ئەبۇلئابباس). (ھ. ؟ – 88 ياكى 91 / م. ؟ – 707 ياكى 710) 15 يېشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ساھابە. ئاتىسى سەئد ھەم ساھابە. ساھابىلەردىن مەدىنىدە ئەڭ ئاخىر ۋاپات بولغان زات.

88. **سەئىد ئىبنى جۇبەير** (سَعِيْدُ بنُ جُبَيْرِ بنِ هِشَامٍ الوَالِبِيُّ): سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى هىشام ئەلكۇفىي (ئەبۇ مۇھەممەد، ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 46 – 95 / م. 665 – 714) ئازادگەردە تابىئىن. ھەدىس ۋە تەفسىر ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى بىلەن تونۇلغان كاتتا زات. ئۇمەۋىيلەر ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، زالىم ھەججاج تەرىپىدىن شەھىد قىلىنغان.

89. **سەئىد ئىبنى زەيد** (سَعِيْدُ بنُ زَيْدِ بنِ عَمْرِو بنِ نُفَيْلٍ العَدَوِيُّ القُرَشِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەئىد ئىبنى زەيد ئىبنى ئەمر ئەلئەدەۋىي ئەلقۇرەشىي (ئەبۇلئەئۋەر). (ھ. بۇرۇن 22 – ھ. 51 / م. 600 – 671) جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىلا مۇسۇلمان بولغان ۋە نۇرغۇن غازاتلارغا قاتناشقان كاتتا زات.

90. **سەئد ئىبنى ئۇبادە** (سَعْدُ بنُ عُبَادَةَ بنِ دُلَيْمٍ الأَنْصَارِيُّ الخَزْرَجِيُّ السَّاعِدِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەئد ئىبنى ئۇبادە ئىبنى دۇلەيم ئەسسائىدىي ئەلخەزرەجىي ئەلئەنسارىي (ئەبۇ سابىت، ئەبۇ قەيس). (ھ. بۇرۇن؟ – ھ. 14 ياكى 13 / م. ؟ – 635) خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى. ئەقەبە بەيئىتى، بەدر ۋە باشقا غازاتلارغا قاتناشقان مۇجاھىد، سېخىي، ئېسىل زات.



91. **سەيدەلانىي** (مُحَمَّدُ بنُ دَاوُدَ بْن مُحَمَّد الداودي الصَّيْدَلَانِيِّ): مۇھەممەد ئىبنى داۋۇد ئىبنى مۇھەممەد داۋۇدىي سەيدەلانىي (ئەبۇبەكرى). «ئەسسەيدەلانىي» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. (ھ. ؟ –437 / م. ؟ – 1046 ئەتراپى). شافىئىي فەقىھ. ئەبۇبەكرى قەففال شاشىينىڭ شاگىرتى. «شرح مختصر المزني»، «شرح المهذب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

92. **سۇفيان سەۋرىي** (سُفْيَانُ بنُ سَعِيْدِ بنِ مَسْرُوْقٍ الثَّوْرِيُّ الكُوْفِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: سۇفيان ئىبنى سەئىد ئىبنى مەسرۇق ئەسسەۋرىي ئەلكۇفىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 97 – 161 / م. 715 – 778). خۇراساندا تۇغۇلۇپ، بەسرەدە ۋاپات بولغان. شەيخۇلئىسلام، مۇھەددىسلەر پېشۋاسى، مۇجتەھىد، مۇستەقىل مەزھەب ساھىبى بولۇپ، مەزھىبى ھىجرىيە 7 - ئەسىرلەردىن كېيىن يوقالغان. تەقۋادارلىقى ۋە زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان زات. ھەقنى سۆزلىگەنلىكتىن خەلىپە مەھدىي (م. 775 – 785) دىن قېچىپ يوشۇرۇنغان ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن. «ئەلجامىئۇل كەبىر»، «ئەلجامىئۇسسەغىر» قاتارلىق ھەدىس توپلاملىرىنى قالدۇرغان.

93. **سۇلايمان ئىبنى يەسار** (سُلَيْمَانُ بنُ يَسَارٍ المَدَنِيُّ) رەھمەھۇللاھ: سۇلايمان ئىبنى يەسار (ئەبۇ ئەييۇب). (ھ. 34 – 107 / م. 655 – 725). مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئازاتكەردىسى. مۇھەددىس، تابىئىنلار دەۋرىدىكى مەدىنىدىكى يەتتە فەقىھنىڭ بىرى ۋە مەدىنىنىڭ مۇپتىسى.

94. **سۇلەيم ئىبنى ئىتر** (سُلَيْمُ بنُ عِتْرٍ التُّجِيْبِيُّ المِصْرِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سۇلەيم ئىبنى ئىتر ئەتتۇجىيبىي (ئەبۇ سەلەمە). (ھ. ؟ – 75 / م. ؟ – 694). تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن. ئابىد زات. ھەزرىتى ئۆمەر، ئەلىي قاتارلىق ساھابىلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. فەقىھ، ۋائىز، مىسىرغا قازى بولغان ۋە ھۆكۈملىرى يېزىپ قالدۇرۇلۇپ، ئابباسىيلار دەۋرىدە فىقھىي قائىدىگە ئايلاندۇرۇلغان.

95. **شەئبىي** (عَامِرُ بنُ شَرَاحِيْلَ بن عَبْدٍ الشَّعْبِيُّ) رەھمەھۇللاھ: ئامىر ئىبنى شەراھىيل ئىبنى ئەبد ئەششەئبىي (ئەبۇ ئەمر). (ھ. 21 – 104 / م. 641 – 723). تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن. كۇفەلىك مۇھەددىس، فەقىھ، قازى. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق كۆپ ئىماملارغا ئۇستازلىق قىلغان. ئۆمەۋىي خەلىپە ئابدۇلمەلىك (م. 685 – 705) تەرىپىدىن ۋىزانتىيەگە ئەلچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن قازى تەيىنلەنگەن ئالىم.

96. **شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد ئەلجۇۋەينىي** (عبد الله بن يوسُف بن عبد الله حَيُّويَه الجُوَيْنِيُّ النَّيْسَابُوْرِيُّ): ئابدۇللاھ ئىبنى يۈسۈف ئىبنى ئابدۇللاھ ھەييۇۋەيھ ئەلجۇۋەينىي ئەننىشاپۇرىي (ئەبۇ مۇھەممەد). (ھ. ؟ – 438 / م. ؟ – 1047). «ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى» دەپ تونۇلغان ئەبۇلمەئالىي جۇۋەينىنىڭ ئاتىسى. تەفسىرشۇناس، فەقىھ، كالامشۇناس، تىلشۇناس، ئەدىب. شافئىي مەزھىبىدىكى كاتتا ئالىم. «تفسير الكبير»، «التبصيرة»، «الجمع و الفروق» قاتارلىق كۆپ ئەسەرلىرى بار.

97. **فەزالە ئىبنى ئۇبەيد** (فَضَالَةُ بنُ عُبَيْدِ بنِ نَافِذِ الأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: فەزالە ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى نافىز ئەلئەنسارىي (ئەبۇ مۇھەممەد). (ھ. ؟ – 53 / م. ؟ – 673). «رىزۋان بەيئىتى»گە ۋە ئۇھۇد قاتارلىق غازاتلارغا قاتناشقان كاتتا ساھابە. ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئالىم زات. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى باش ھەربىي قوماندانلىققا ۋە دىمەشقنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىگەن.

98. **فۇزەيل ئىبنى ئەمر** (فُضَيْل بْن عَمْرو الْفُقَيْمِي) رەھمەھۇللاھ: فۇزەيل ئىبنى ئەمر ئەلفەقىيمي (ئەبۇننەزر). (ھ. ؟ – 110 / م. ؟ – 728). كۇفەلىك مۇھەددىس. ئىبراھىم نەخەئىي، سەئىيد ئىبنى جۇبەير قاتارلىق تابىئىنلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك زات.

99. **فۇزەيل ئىبنى ئىياز** (الفُضَيْلُ بنُ عِيَاضِ بنِ مَسْعُوْدِ بنِ بِشْرٍ التَّمِيْمِيُّ السَّمَرْقَنْدِيِّ) رەھمەھۇللاھ: فۇزەيل ئىبنى ئىياز ئىبنى مەسئۇد ئەتتەمىيمي ئەسسەمەرقەندىي (ئەبۇ ئەلى). (ھ. 107 – 187 / م. 725 – 803). سەمەرقەندتە تۇغۇلۇپ، مەككىدە ۋاپات بولغان. قاراقچىلىقتىن تەۋبە قىلىپ جاھان كېزىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئىلىمدە، ئەمەلدە ئۈلگە بولغان زات. ئىبادەتگۇيلىقى، تەقۋادارلىقى بىلەن «عابد الحرمين» دەپ تونۇلغان. ئەئمەش، ئىبنى ئەبىي لەيلا، جەئفەر سادىق ۋە نۇرغۇن كۇفەلىك ئىماملاردىن ھەدىس ۋە فىقھ ئۆگەنگەن. ئىبنى مۇبارەك، سۇفيان سەۋرىي، ئىمام شافىئىي قاتارلىق زاتلار ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

203

100. **قازى ئەبۇ تەييىب** (طَاهِرُ بنُ عَبْدِ اللهِ بنِ طَاهِرٍ الطَّبَرِيُّ): تاھىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى تاھىر ئەتتەبەرىي (ئەبۇ تەييىب). (ھ. 348 – 450 / م. 960 – 1058). زامانىدىكى باغداتتىكى مەشھۇر شافىئىي فەقىھ. قازى. «شرح مختصر المزني» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

101. **قازى شۇرەيھ** (شُرَيْحُ بنُ الحَارِثِ بنِ قَيْسٍ الكِنْدِيُّ): شۇرەيھ ئىبنى ھارىس ئىبنى قەيس ئەلكىندىي. (ھ. بۇرۇن 30 – ھ. 78 / م. 593 – 697). يەمەنلىك كاتتا تابىئىن. ئاتاقلىق ئىسلام قازىسى. ھ. 5 / م. 626 - يىلى مۇسۇلمان بولغان، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرەلمىگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەرىپىدىن كۇفەنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە ئاتمىش يىل قازىلىق قىلغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «شۇرەيھ ئەرەبلەردىن چىققان ئەڭ يارامىلىق قازى» دېگەن.

102. **قازى ھۇسەيىن** (الْحُسَيْن بنُ مُحَمَّد بْن أَحْمَد المَرْوَرُّوْذِيّ): ھۇسەين ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلمەرۋەررۇزىي (ئەبۇ مۇھەممەد، ئەبۇ ئەلى). (ھ. – 462 / م. – 1058). تۈركمەنىستانلىق مەشھۇر شافىئىي فەقىھ، مۇفتى، قازى. «التأليقية في الفقه» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

103.**ئەلجوۋئي** (القَاسِمُ بنُ عُثْمَانَ العَبْدِيُّ الجُوْعِيُّ الدِّمَشْقِيُّ) رەھمەھۇللاھ: قاسىم ئىبنى ئوسمان ئەلئەبدىي ئەلجوۋئىي (ئەبۇ ئابدۇلمەلىك). (ھ. ؟ – 248 / م. ؟ – 862). دىمەشقلىق مۇھەددىس، ئىبادەتگۇي شەيخ، زامانىدىكى تەسەۋۋۇف پېشۋالىرىدىن بىرى. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە قاتارلىقلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدىن ئەبۇ ھاتىم، ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبىي داۋۇد قاتارلىق مۇھەددىسلەر ھەدىس رىۋايەت قىلغان راستچىل زات.

104.**قەبىيسە ئىبنى زۇئەيب** (قَبِيْصَةُ بنُ ذُؤَيْبِ بنِ حَلْحَلَةَ الخُزَاعِيُّ المَدَنِيُّ): قەبىيسە ئىبنى زۇئەيب ئىبنى ئەلھەلھەلە ئەلخۇزائىي (ئەبۇ سەئىد). (ھ. 8 – 86 / م. 629 – 705). تابىئىن. ئاتىسى ئۇنى بوۋاق ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىپ دۇئاسىنى ئالدۇرغان زات. ساھابىلەردىن خەلىپە ئۆمەر، خەلىپە ئوسمان، ئىبنى ئاببلس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇمەۋىي خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان تەرىپىدىن كاتىبات ۋە پوچتا ئىشلار ۋەزىرى بولغان.



105.**قەتادە** (قَتَادَةُ بنُ دِعَامَةَ السَّدُوْسِيُّ الْبَصْرِيّ): قەتادە ئىبنى دىئامە ئەسسەدۇسىي ئەلبەسرىي (ئەبۇلخەتتاب). (ھ. 61 – 118 / م. 680 – 736) تابىئىن، كاتتا مۇفەسسىر، فەقىھ، تىلشۇناس ۋە نەسەبشۇناس. تۇغما ئەما ئىدى.

106.**قەليۇبى** (شهاب الدين أحمد بن أحمد بن سلامة القليوبي): شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى سەلامە ئەلقەليۇبىي (ئەبۇلئاببلس). (ھ. ؟ – 1069 / م. ؟ – 1659) شافىئىي فەقىھ ۋە مۇھەددىس. شەمسۇددىن رەملىينىڭ شاگىرتى. بەزى ئەسەرلەرگە ھاشىيە يازغان. مەشھۇر ئەسىرى «هاشية القليوبي»دۇر. يەنە «تحفة الراغب». «تذكرة القليوبي». «فضائل مكة والمدينة وبيت المقدس وشئ من تاريخها» قاتارلىق رىسالىلىرى بار.

107.**قەيس ئىبنى ھەبتەر** (قَيْسُ بْنُ حَبْتَرٍ التَّمِيمِيُّ النَّهْشَلِيُّ): قەيس ئىبنى ھەبتەر ئەتتەمىيمىي ئەننەھشەلىي. (ھ. ؟ – ؟ / م. ؟ – ؟) كۇفەلىك تابىئىن. ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئاببلس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك زات.

108.**كەئب ئىبنى مالىك ئەلئەنسارىي** (كَعْبُ بنُ مَالِكِ بنِ عَمْرِو الأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: كەئب ئىبنى مالىك ئىبنى ئەمر ئەلئەنسارىي (ئەبۇ بەشىر). (ھ. بۇرۇن 26 – ھ. 51 /م. 596 – 671) ئەقەبە بەيئىتىگە ۋە ئۇھۇد قاتارلىق غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. تەبۇك غازىتىغا چىقماي كېيىن تەۋبىسى قوبۇل قىلىنغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرى. شۇنداقلا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرى» دەپ نام ئالغان زاتلاردىن بىرى.

109.**ئىمام ماۋەردىي** (المَاوَرْدِيُّ عَلِيُّ بنُ مُحَمَّدِ بنِ حَبِيْبٍ البَصْرِيُّ المَاوَرْدِيُّ): ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىيب ئەلبەسرىي ئەلماۋەردىي (ئەبۇلھەسەن). (ھ. 364 – 450 / م. 974 – 1058). مەشھۇر باش قازى، مۇفەسسىر، سىياسەتشۇناس، شافىئىي فەقىھ، ئەلچى ۋە ئەدىب. يىگىرمە توملۇق «الحاوي الكبير» شافىئىي مەزھەب فىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى، «النُّكَت» ناملىق تەفسىر، شۇنداقلا ھۆكۈمدارلىق سەنئىتى، سىياسەت ۋە ئەخلاقتا «الأحكام السلطانية»، «نصيحة الملوك» «أدب الدنيا و الدين» قاتارلىق مىسلىسىز ئەسەرلىرى بار.



110.**مەسرۇق** (مَسْرُوْقُ بنُ الأَجْدَعِ بنِ مَالِكِ الوَادِعِيُّ الهَمْدَانِيُّ الكُوْفِيُّ): مەسرۇق ئىبنى ئەلئەجدەئ ئىبنى مالىك ئەلھەمدانىي ئەلكۇفىي. (ھ. ؟ – 62 /م. ؟ – 682) تابىئىن، كۇفەلىك مۇفتى. ھەزرىتى ئەلى، ئۆمەر قاتارلىق زاتلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

111.**مەكھۇل** (مَكْحُولُ بْنُ عَبْدِ اللهِ بنِ شهراب بنِ شاذل الشَّامِي الدِّمَشْقِيُّ): مەكھۇل ئىبنى ئەبى مۇسلىم ئىبنى ئەششامىي ئەددىمەشقىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. ؟ – 112 /م. ؟ – 730) تىگى كابوللۇق ئازادگەردە تابىئىن ۋە كاتتا فەقىھ. ئۆز ۋاقتىدىكى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى كېزىپ نۇرغۇن ساھابىلەردىن ئىلىم ئالغان ۋە بىر ئۆمۈر ئىلىمنىڭ، سۈننەتنىڭ خىزمىتىنى قىلغان شام دىيارىنىڭ كاتتا ئىمامى. تابىئىنلار دەۋرىدىكى تۆت چوڭ ئالىمنىڭ بىرى.

112.**مەنسۇر ئىبنى زازان** (مَنْصُوْرُ بنُ زَاذَانَ الثَّقَفِيُّ الوَاسِطِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەنسۇر ئىبنى زازان ئەسسەقەفىي ئەلۋاسىتىي (ئەبۇلمۇغىيرە). (ھ. ؟ – 131 / م. ؟ – 749). ئازادگەردە تابىئىن. ئابىد، زاھىد، مۇھەددىس. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك زات.

113.**مۇئاز ئىبنى ئەنەس ئەلجۇھەنىي** (مُعَاذُ بْنُ أَنَسٍ الْجُهَنِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: (ئەبۇ سەھل). مىسىرغا جايلىشىپ قالغان ساھابە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن غازاتقا قاتناشقان ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

114.**مۇتەررىف** (مُطَرِّفُ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ الشِّخِّيرِ العَامِرِيُّ البَصْرِيُّ): مۇتەررىف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىخخىر ئەلئامىرىي ئەلبەسرىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 2 – 95 /م. 624 – 714) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا تۇغۇلغان كاتتا تابىئىن. نۇرغۇن ساھابىلەردىن ئىلىم ئالغان زات. مۇھەددىس، زاھىد ئالىملاردىن.

115.**مۇجالىد** (مُجَالِدُ بنُ سَعِيْدِ بنِ عُمَيْرِ بنِ بِسْطَامَ الهَمْدَانِيُّ الكُوْفِيُّ): مۇجالىد ئىبنى سەئىد ئەلھەمدانىي ئەلكۇفىي (ئەبۇ ئەمر، ئەبۇ سەئىد). (ھ. 48 – 144 / م. 663 – 762) مۇھەددىس. ئۇنىڭدىن سۇفيان سەۋرىي، شۇئبە قاتارلىق ئىماملار ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارىغان. يەھيا ئىبنى مەئىن ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار: «زەئىف دېگەن».



116.**مۇجاھىد** (مُجَاهِدُ بنُ جَبْرٍ المَكِّيُّ الأَسْوَدُ): مۇجاھىد ئىبنى جەبر ئەلمەككىي (ئەبۇلھەججاج). (ھ. 21 – 103 /م. 642 – 721) ئازادگەردە تابىئىن، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ شاگىرتى. كاتتا فەقىھ ۋە مەككە مۇفەسسىرى.

117. **نەسر ئەلمەقدىسي** (نَصْرٌ أَبُو الفَتْحِ بنُ إِبْرَاهِيْمَ بنِ نَصْرٍ النَّابُلُسِيُّ المَقْدِسِيُّ): نەسر ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى نەسر ئەننابۇلسىي ئەلمەقدىسىي (ئەبۇلفەتھ). (ھ. 377 – 490 / م. 987 – 1096). فەقىھ، مۇھەددىس، زاھىد، ئابىد. مەشھۇر ئەسەرلىرى «الحجة على تارك المحجة»، «الآمالي» ۋە «التهذيب» قاتارلىقلار.

118. **ھارىس ئەلمۇھاسىبىي** (الحَارِثُ بنُ أَسَدٍ البَغْدَادِيُّ الْعَنَزِيُّ المُحَاسِبِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: ھارىس ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلئەنەزىي ئەلمۇھاسىبىي. (ھ. 170 – 243 / م. 781 – 857). ئەقىدە ئالىمى، مۇھەددىس، فەقىھ، تەفسىرشۇناس. تەسەۋۋۇف پېشۋالىرىدىن. مەشھۇر ئەسەرلىرى «رسالة المسترشدين»، «آداب النفوس» «الرعايةِ لحقوق الله»، «مائية العقل وحقيقة معناه» قاتارلىقلار.

119.**ھافىز ئىبنى ھەجەر** (شِهَابُ الدِّيْنِ أَحْمَدُ بنُ عَلِيِّ بنِ حَجَر العَسقَلاني): شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقەلانىي (ئەبۇلفەزل). (ھ. 773 – 852 / م. 1371 – 1449) ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، كاتتا شافىئىي فەقىھ ۋە تارىخچى. «فەتھۇل بارىي»، «بۇلۇغۇل مەرام»، «تەھزىيبۇتتەھزىيب»، «ئەددۇرەرۇل كامىنە»، «تەلھىسۇل ھەبىر» قاتارلىق قىممەتلىك كۆپ ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفىدۇر.

120.**ھافىز ئىراقىي** (زَينُ الدِين عَبدِ الرَحيم بنُ الحُسَيْنِ بنِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ العراقِي): زەينۇددىن ئابدۇررەھىم ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى ئابدۇرەھمان ئەلئىراقىي (ئەبۇلفەزل). (ھ. 725 – 806 / م. 1325 – 1403). ئاتاقلىق مۇھەددىس. كاتتا شافىئىي فەقىھ. قازى؛ ھافىز ئىبنى ھەجەرنىڭ ئۇستازى. «ئەلفىيەتۇل ئىراقىي»، «تەخرىيجۇ ئەھادىيسى ‹ئىھيائۇ ئۇلۇمۇددىن›» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى.



121.**ھاكىم** (الحاكم مُحَمَّدُ بنُ عَبْدِ اللهِ النَّيْسَابُوْرِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەننىشاپۇرىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 321 – 405 / م. 933 – 1014) ئاتاقلىق ھەدىس ئالىمى، ئەڭ ئىشەنچلىك سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى «سەھىھۇل بۇخارىي» بىلەن «سەھىھۇ مۇسلىم»گە تولۇقلىما قىلىپ «ئەلمۇستەدرەك» ناملىق ئەسىرىنى يازغان بولسىمۇ، ئۇ ئەسەردە سەھىھ بولمىغان بەزى ھەدىسلەرمۇ بەر ئالغان. ئۇندىن باشقا «تارىخى نىشاپۇر» قاتارلىق بىرنەچچە ئەسەرلىرى بار. نىشاپۇرغا بىرنەچچە قېتىم ھاكىم (قازى) بولغانلىقتىن «ھاكىم» دەپ نام ئالغان.

122.**ھەبىب ئىبنى ئەبى سابىت** (حَبِيْبُ بنُ أَبِي ثَابِتٍ قَيْسِ القُرَشِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: ھەبىب ئىبنى قەيس ئىبنى دىنار (ئەبۇ يەھيا). (ھ. – 119 / م. ؟ – 737). «ھەبىب ئىبنى ئەبى سابىت» دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان ئازادگەردە تابىئىن، مۇھەددىس، فەقىھ، كۇفەنىڭ مۇفتىسى. ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك زات.

123. **ھەزرىتى ئائىشە** (عَائِشَةُ أُمُّ المُؤْمِنِيْنَ بِنْتُ أَبِي بَكْرٍ الصِّدِّيقِ) رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى. (ھ. بۇرۇن 6 – ھ. 58 / م. 615 – 678) مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى ئايالى. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تەپسىلىي رىۋايەت قىلغان فەقىھە، نەسەبشۇناس، تىلشۇناس زات.

124. **ھەزرىتى ئەلى** (عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبِ بنِ عَبْدِ المُطَّلِبِ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىب. م. 599 ياكى 600 - يىل ئەتراپىدا مەككىدە تۇغۇلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ۋە ھامىيسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ھەزرىتى فاتىمەنىڭ (ئۆ. 632) ئېرى. ساھابىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىن ۋە راشىد خەلىپىلەرنىڭ تۆتىنچىسى (656 – 661). ھ. 40 / م. 661 - يىلى رامىزاننىڭ 19 ياكى 21 - كۈنى (28/26 - يانۋار) ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇلجەم تەرىپىدىن كۇفە مەسجىدىدە يارالاندۇرۇلۇپ، بىر كۈندىن كېيىن ۋاپات بولغان.



125. **ھەزرىتى ئوسمان** (عُثْمَانُ بْنُ عَفَّانَ الأُمَوِيُّ القُرَشِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئوسمان ئىبنى ئەففان ئەلئۇمەۋىي ئەلقۇرەشىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. بۇرۇن 47 – ھ. 35 /م. 576 – 656) ساھابىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىن ۋە راشىد خەلىپىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى (م. 644 – 656). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزىغا ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن «زۇننۇرەيىن (ئىككى نۇر ئىگىسى)» دەپ نام ئالغان. ساھابىلەردىن تۇنجى بولۇپ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان، ئادەتتىن تاشقىرى ھاياسى ۋە ئىسلام ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاشى بىلەن تونۇلغان زات. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 146 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھ. 35 - يىلى 18 - زۇلھەججە / م. 656- يىلى 17 - ئىيۇلدا ئۆيىدە قۇرئان ئوقۇۋاتقان يېرىدە شەھىد قىلىنغان.

126. **ھەزرىتى ئۆمەر** (عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ العَدَوِيُّ القُرَشِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتاب ئەلئەدەۋىي ئەلقۇرەشىي (ئەبۇ ھەفس). (ھ. ب. 40 – ھ. 23 /م. 587 – 644) ساھابىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىن ۋە راشىد خەلىپىلەرنىڭ ئىككىنچىسى (م. 634 – 644). ئىسلام تارىخىدا زور تەسىر قالدۇرغان زات. «ئەلفارۇق» دەپ نامى بار. ھ. 23 - يىلى 23 - زۇلھەججە بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقان پەيتىدە كەينىدىن خەنجەر سېلىنغان، 26 - زۇلھەججە / م. 644 - يىلى 3 - نويابىردا ۋاپات بولغان.

127.**ھەسەن ئەلبەسرىي** (الحَسَنُ بنُ أَبِي الحَسَنِ يَسَارٍ البَصْرِيُّ الأَنْصَارِيُّ): ھەسەن ئىبنى يەسار ئەلبەسرىي ئەلئەنسارىي (ئەبۇ سەئىد). (ھ. 21 – 110 / م. 642 – 728) كاتتا تابىئىن. بەسرە مۇپتىسى ۋە ھەدىسشۇناس ئالىم. تابىئىنلار دەۋرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلاردىن بىرى.

128.**ھەزرىتى ھەفسە** (حَفْصَةُ أُمُّ المُؤْمِنِيْنَ بِنْتُ عُمَرَ بنِ الخَطَّابِ العَدَوِيَّةُ) رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى. (ھ. بۇرۇن 18 – ھ. 41/ م. 605 – 661). مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى. مەككىدە مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. يولدىشى خۇنەيس ئىبنى ھۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇھۇد غازىتىدا شەھىد بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئالغان. رەسۇلۇللاھدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

129.**ھەكەم ئىبنى ئۇتەيبە** (الحَكَمُ بنُ عُتَيْبَةَ الكِنْدِيُّ): ھەكەم ئىبنى ئۇتەيبە ئەلكىندىي (ئەبۇ مۇھەممەد). (ھ. 50 – 115 / م. 650 – 733). كۇفەلىك ئازادگەردە، كاتتا تابىئىن. فەقىھ، مۇھەددىس. ئىبادەتگۇيلۇق ۋە پەزىلەتلىك بىلەن تونۇلغان زات.

130.**ھەكىم ئىبنى ھىزام** (حَكِيمُ بْنُ حِزَامِ بْنِ خُوَيْلِدِ القُرَشِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەكىم ئىبنى ھىزام ئىبنى خۇۋەيلىد ئىبنى ئەسەد ئەلقۇرەشىي (ئەبۇ خالىد). (ھ. بۇرۇن 65 – ھ. 54 / م. 558 – 674) ساھابە. قۇرەيشنىڭ ئېسىل زاتلىرىنىڭ بىرى ۋە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ جىيەنى. مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمان بولغان ۋە كېيىن مەدىنىدە ياشىغان، 120 ياشتا ۋاپات بولغان.

131.**ھۇزەيفە** (حُذَيْفَةُ بنُ اليَمَانِ بنِ جَابِرٍ العَبْسِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھۇزەيفە ئىبنى ھىسل ئەليەمان ئىبنى جابىر ئەلئەبسىي ئەلغەتافانىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. ؟ – 36 / م. ؟ – 656) ساھابە. بەدر غازىتىدىن باشقا بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، ئىراق ۋە شام فەتھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن قەيسەر قوماندان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنافىقلارنىڭ تىزىملىكى ۋە كېيىن يۈز بېرىدىغان پىتنىلەرگە ئالاقىدار مەخپىيەتلىكنى سۆزلەپ بەرگەن بولغاچقا، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلىغۇچى زات» دەپ ئاتالغان.

132.**ھۇزەيفە ئەلمەرئەشىي** (حُذَيْفَةُ بنُ قَتَادَةَ المَرْعَشِيُّ) رەھمەھۇللاھ: ھۇزەيفە ئىبنى قەتادە ئەلمەرئەشىي. (ھ. ؟ – 207 / م. ؟ – 763). سۈرىيەنىڭ «مەرئەش» دېگەن يېرىدىن. زاھىد، ئابىد زاتتۇر. سۇفيان سەۋرىي قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالغان.

133.**ھۆكەيىم ئىبنى سەئىد** (حُكَيم بنُ سَعْدٍ بنِ تحيا الحَنَفِي الكُوْفِيُّ): ھۆكەيىم (ھەكىيم دېگۈچىلەرمۇ بار) ئىبنى سەئىد ئىبنى تەھيا ئەلھەنەفىي ئەلكۇفىي (ئەبۇ تەھيا). (ھـ. ؟ – 90 ئەتراپى / م.؟ – 7100 ئەتراپى ). كۇفەلىك تابىئىن. ئەلىي، ئەبۇ ھۇرەيرە قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

134.**ھۇمەيد ئەلئەئرەج** (حُمَيْدُ بْنُ قَيْسٍ الأَعْرَجُ): ھۇمەيد ئىبنى قەيس ئەلئەئرەج. (ھـ. ؟ – 130 / م. ؟ – 748). تابىئىن قارىي، مۇھەددىس.

135.**ھىشام ئىبنى ئۇرۋە** (هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ بْنِ الزُّبَيْرِ بْنِ الْعَوَّامِ الأَسَدِي): ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئىبنى ئەززۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام ئەلئەســەدىي (ئەبۇلمۇنزىر). (ھـ. 61 – 146 / م. 680 - 763) تابىئىن. فەقىھ ۋە مۇھەددىس.

136.**ئوبۇلقاسىم ئەلقۇشەيرىي** (زَينُ الإسلامِ عَبْدُ الكَرِيْمِ بنُ هَوَازِنَ بنِ عَبْدِ المَلِكِ القُشَيْرِيُّ النَّيْسَابُوْرِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: زەينۇل ئىسلام ئابدۇلكەرىم ئىبنى ھەۋازىن ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئەلقۇشەيرىي ئەننىشاپۇرىي (ئوبۇلقاسىم). (ھـ. 376 – 465 / م. 986 – 1074). تەسەۋۋۇف پېشۋاسى، شائىر، تىلشۇناس، مۇھەددىس، مۇفەسسىر، كالامشۇناس، فەقىھ. «قۇشەيرى رىسالىسى»، «ئەتتەفسىرۇل كەبىر» (التيسير في علم التفسير)، «لەتائىفۇل ئىشارات» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. 210

137.**ئۇبادە ئىبنى سامىت** (عُبَادَةُ بنُ الصَّامِتِ بنِ قَيْسٍ الأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇبادە ئىبنى سامىت ئىبنى قەيس ئەلئەنسارىي (ئەبۇلۋەلىد). (ھـ. بۇرۇن 38 – ھـ. 34 / م. 558 – 674) ئىككى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىگە ۋە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان قوماندان ساھابە. ساھابىلەر ئارىسىدىكى مەشھۇر قارىيلارنىڭ بىرى. خەلىپە ئۆمەر دەۋرىدە فەلەستىن قازىسى بولغان.

138.**ئۇبەي ئىبنى كەئب** (أُبَيُّ بْنُ كَعْبِ بْنِ قَيْسٍ الأَنْصَارِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇبەي ئىبنى كەئب ئىبنى قەيس ئەلئەنسارىي (ئەبۇلمۇنزىر، ئەبۇتتۇفەيل). (ھـ. ؟– 32 / م. ؟ – 653) ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىگە ۋە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان زات. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي كاتىبلىرىدىن بىرى، ساھابە قارىيلارنىڭ پېشۋاسى.

139.**ئۇرۋە** (عُرْوَةُ بْنُ الزُّبَيْرِ بْنِ الْعَوَّامِ الأَسَدِي): ئۇرۋە ئىبنى ئەززۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام ئەلئەسەدىي. (ھ. 23 – 94 / م. 643 – 713) كاتتا تابىئىن. ھاممىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن كۆپ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. مەدىنىنىڭ يەتتە چوڭ فەقىھىنىڭ بىرى.

140.**ئۇقبە ئىبنى ئامىر** (عُقْبَةُ بن عَامِرٍ الجُهَنِيُّ المِصْرِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئەلجۇھەنىي ئەلمىسرىي (ئەبۇ ھەممماد). (ھ. بۇرۇن 15 – ھ. 58 /م. 608 – 678) قىرائەت پېشۋاسى، فەقىھ ساھابە. شام ۋە مىسىر فەتھىدە كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقان قوماندان زات. مىسىرغا ۋالىي بولغان.

141.**ۋاسىل ئىبنى سۇلايمان** (وَاصِلِ بْنِ سُلَيْمَانَ - سُلَيْمَ - التَّيْمِيِّ الْكُوفِيِّ): ۋاسىل ئىبنى سۇلايمان (بەزى ئالىملار سۇلەيم دېگەن) ئەتتەيمىي ئەلكۇفىي. (ھ. ؟ – ؟ / م. ؟ – ؟) مۇھەددىس. ئۇنىڭدىن سۇفيان سەۋرىي ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

142.**ئىبراھىم نەخەئىي** (إِبْرَاهِيْمُ بنُ يَزِيْدَ بنِ قَيْسِ النَّخعِيّ الْكُوفِيِّ): ئىبراھىم ئىبنى يەزىد ئەننەخەئىي ئەلكۇفىي (ئەبۇ ئىمران). (ھ. 39 ياكى 47 – 96 / م. 659 ياكى 667 – 715) تابىئىن. قىرائەت ئالىمى ۋە كاتتا فەقىھ.

143.**ئىبراھىم ئىبنى سەئد** (إِبْرَاهِيْمُ بنُ سَعْدِ بنِ إِبْرَاهِيْمَ بنِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بنِ عَوْفٍ القُرَشِيُّ الزُّهْرِيُّ): ئىبراھىم ئىبنى سەئد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئەززۇھرىي (ئەبۇ ئىسھاق). (ھ. 108 – 183 / م. 726 – 799). مۇھەددىس تەبەئى تابىئىن. مەشھۇر ساھابە ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋرىسى. كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك زات.

144.**ئىبنى ئابباس** (عَبْدُ اللهِ بْنُ عَبَّاسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەلھاشىمىي (ئەبۇ ئابباس). (ھ. بۇرۇن 3 – ھ. 68 / م. 618 – 687) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى. مۇفەسسىر، نەسەبشۇناس ۋە فەقىھ ساھابە، «ئۇممەتنىڭ ئەللامىسى» ۋە «قۇرئاننىڭ تەرجىمانى» دەپ نام ئالغان، كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات.

145.**ئىبنى ئابدۇلبەر** (يُوْسُفُ بنُ عَبْدِ اللهِ بنِ مُحَمَّدِ بنِ عَبْدِ البَرِّ النَّمَرِيُّ الأَنْدَلُسِيُّ): يۈسۈف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبنى ئابدۇلبەر ئەننەمرىي ئەلئەندەلۇسىي (ئەبۇ ئۆمەر) (ھ. 368 – 463 / م. 978 – 1071). ئەندەلۇسلۇق كاتتا مالىكىي فەقىھ، مۇھەددىس، تارىخشۇناس بۈيۈك ئالىم. ھەرساھەدە مەشھۇر «ئەلئىستىئاب فىي مەئرىفەتىل ئەسھاب»، «ئەتتەمھىد»، «ئەدەبۇل مۇجالەسە»، «ئەلئىستىزكار» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلىرى بار.

146.**ئىبنى ئەبى شەيبە** (عَبْدُ اللَّهِ بْنُ مُحَمَّدِ بْنِ إِبْرَاهِيم الْعَبْسِي): ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەبىي شەيبە (ئەبۇبەكرى). (ھ. 159 – 235 / م. 776 – 850). مەشھۇر مۇھەددىس، مۇفەسسىر. «مۇسەننەفۇ ئىبنى ئەبىي شەيبە» (15 توم) ناملىق ھەدىس ۋە سەلەف سالىھلارنىڭ سۆزلىرى توپلانغان چوڭ ھەجىملىك كىتابىنىڭ ۋە باشقا ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى.

147.**ئىبنى ئەبى مۇلەيكە** (عَبْدُ اللهِ بنُ عُبَيْدِ اللهِ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ التَّيْمِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبىي مۇلەيكە ئەتتەيمىي (ئەبۇبەكرى، ئەبۇ مۇھەممەد). (ھ. 35 ياكى 41 – 117 / م. 656 ياكى 661 – 735). تابىئىن، مۇھەددىس، مۇئەززىن. تائىف شەھرىگە قازى بولغان زات. 212

148.**ئىبنى ئەبىددۇنيا** (عَبْدُ اللهِ بنُ مُحَمَّدِ بنِ عُبَيْدِ القُرَشِيُّ مَوْلاَهُم، البَغْدَادِيُّ): ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۇبەيد (ئەبۇبەكرى). نامى «ئىبنى ئەبىددۇنيا». (ھ. 208 – 281 / م. 823 – 894). ئازادگەردە. باغدادلىق مۇھەددىس، تارىخشۇناس، پېداگوگ، ۋائىز. «ئەسسامت»، «مەكائىدۇششەيتان» قاتارلىق كۆپ رىسالىلارنى يازغان.

149.**ئىبنى جەئد** (علي بن الجَعْد بن عبيد الجَوْهَري البغدادي): ئەلىي ئىبنى جەئد ئىبنى ئۇبەيد ئەلجەۋھەرىي ئەلباغدادىي (ئەبۇلھەسەن). (ھ. 133 – 230 / م. 750 – 845). ئازادگەردە. تەبەئى تابىئىن مۇھەددىس. ئىمام بۇخارىينىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى. ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنى شاگىرتى ئەبۇلقاسىم ئەلبەغەۋىي «مۇسنەدۇ ئىبنىل جەئد» نامىدا توپلىغان.

150.**ئىبنى سىرىن** (مُحَمَّدُ بنُ سِيْرِيْنَ البَصْرِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ئەلبەسرىي (ئەبۇبەكرى). (ھ. 32 – 110 / م. 653 – 729) ھەزرىتى ئەنەسنىڭ ئازادگەردىسى. كاتتا تابىئىن. تەفسىر، ھەدىس، فىقھ ۋە چۈش تەبىرىدە تونۇلغان زات.

151.**ئىبنى شەنەبۇز** (ابْنُ شَنَبُوذَ مُحَمَّدُ بنُ أَحْمَدَ بنِ أَيُّوبَ): مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب ئىبنى سەلت ئىبنى شەنەبۇز (ئەبۇلھەسەن). (ھ. ؟ – 328 / م. ؟ – 940). باغدادلىق مەشھۇر قىرائەتشۇناس ئىمام. مۇھەددىس. ئەمىن ۋە راستچىل زات.

152.**ئىبنى كاتىب** (الْحَسَنُ بْنُ أَحْمَدَ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەسەن ئىبنى ئەھمەد (ئەبۇ ئەلى) «ئىبنى كاتىب» نامى بىلەن مەشھۇر. (ھ. ؟ – 343 / م. ؟ – 955). تەسەۋۋۇف پېشۋالىرىدىن بىرى.

153.**ئىبنى مەسئۇد** (عَبْدُ اللهِ بنُ مَسْعُودِ الهُذَلِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئەلھۇزەلىي (ئەبۇ ئابدۇرراھمان). (ھ. ؟ – 32 / م. ؟ – 653) ھەبەشىستانغا، كېيىن مەدىنەگە ھىجرەت قىلغان، ئۇزۇن مۇددەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولغان ساھابە، تەفسىرشۇناس ۋە قىرائەتشۇناس ئالىم. ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئوسمان خىلافىتىدە كۇفەگە قازى بولغان.

154.**ئىبنى مۇجاھىد** (ابْنُ مُجَاهِدٍ أَحْمَدُ بنُ مُوْسَى بنِ العَبَّاسِ بنِ مُجَاهِدٍ البَغْدَادِيُّ): ئەھمەد ئىبنى مۇسا ئىبنى ئاببااس ئىبنى مۇجاھىد ئەتتەمىمىي ئەلباغدادىي (ئەبۇبەكرى). (ھ. 245 – 324 / م. 859 – 935). زامانىسىدىكى قارىيلارنىڭ پېشۋاسى. «ئەسسەبئە فىلقىرائەت» (يەتتە خىل قىرائەت)ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىفى.

155.**ئىبنى مۇغەففەل** (عَبْدُ اللهِ بنُ مُغَفَّلٍ الْمُزَنِيِّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل ئەلمۇزەنىي (ئەبۇ زىياد). (ھ. ؟ – 59 / م. ؟ – 679). ھۇدەيبىيەدىكى «رىزۋان بەيئىتى»گە قاتناشقان ساھابىلەردىن. ئاتىسىمۇ ساھابە. خەلىپە ئۆمەر تەرىپىدىن دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن بەسرەگە ئەۋەتىلگەن ئون فەقىھ ساھابىنىڭ بىرى.

156.**ئىبنى مۇفلىھ** (شَمْسُ الدِّيْنِ مُحَمَّدُ بنُ مُفلح المَقْدِسِيُّ): شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مۇفلىھ ئەلمەقدىسىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 708 – 763 / م. 1308 – 1362) ھەنبەلىي مەزھەب ئالىملىرىدىن. ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شاگىرتلىرىدىن بىرى. «ئەلفۇرۇ» ۋە «ئەلئادابۇششەرئىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

157.**ئىبنى ئۆمەر** (عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ العَدَوِيُّ القُرَشِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتاب ئەلئەدەۋىي ئەلقۇرەشىي (ئەبۇ ئابدۇرراھمان). (ھ. بۇرۇن 10 – ھ. 73 / م. 610 – 694) فەقىھ ساھابە، راشىد خەلىپىلەرنىڭ ئىككىنچىسى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى. خەندەك غازىتىدىن كېيىنكى غازاتلارغا قاتناشقان زات.

158.**ئىبنى ۋەھب** (عَبْدُ اللهِ بنُ وَهْبِ بنِ مُسْلِمٍ الفِهْرِيُّ): ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب ئىبنى مۇسلىم ئەلفىھرىي (ئەبۇ مۇھەممەد). (ھ. 125 – 197 / م. 743 – 812). فەقىھ، مۇھەددىس. ئىمام مالىكنىڭ ئەڭ چوڭ شاگىرتى. «ئەلمۇۋەتتا»نى (مۇۋەتتا ئىبنى ۋەھب) رىۋايەت قىلغان. مالىكىي مەزھىبىنىڭ تارقاتقۇچىلىرىدىن بىرى. «ئەلجامىئ»، «تەفسىرۇل قۇرئان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

159. **ئىبراھىم ئەلخەۋۋاس** (إِبْرَاهِيم بْن أَحْمَد بْن إِسـماعيل الْخَواص): ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل (ئەبۇ ئىسھاق). (ھ. 184 – 291 / م. 800 – 904). ئىرانلىق مۇتەسەۋۋىف شائىر. زامانىدىكى تەسەۋۋۇف پېشۋالىرىدىن. چۆل - باياۋانلارنى كەزگەن سەيياھ. ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە بەزى ئەسەرلەرنى قالدۇرغان زاھىد.



160.**ئىكرىمە** (عِكْرِمَةُ بْنُ عَبْدِ اللَّهِ البَرْبَرِيُّ): ئىكرىمە ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلبەربەرىي. (ھ. 21 – 105 / م. 642 – 723) كاتتا تابىئىن. ھەزرىتى ئىبنى ئابباسنىڭ ئازادگەردىسى ۋە شاگىرتى، مۇفەسسىر ۋە فەقىھ زات.

161.**ئىمام ئەبۇ ئەمر ئەددانىي** (أَبُو عَمْرٍو عُثْمَانُ بنُ سَعِيْدِ بنِ عُثْمَانَ الأَنْدَلُسِيُّ القُرْطُبِيُّ الدَّانِي): ئوسمان ئىبنى سەئىد ئىبنى ئوسمان ئەلئەندەلۇسىي ئەلقۇرتۇبىي ئەددانىي (ئەبۇ ئەمر). (ھ. 371 – 444 / م. 981 – 1053). قۇرتۇبەلىك مەشھۇر قىرائەت ئالىمى. مۇھەددىس. قىرائەت ئىلمىگە ئائىت «جامىئۇل بايان»، «ئەلئىشارە» ۋە «ئەتتەيسىر» قاتارلىق كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان.

162.**ئىمام ئەبۇ داۋۇد** (أَبُو دَاوُدَ سُلَيْمَانُ بنُ الأَشْعَثِ السِّجِسْتَانِيُّ): سۇلايمان ئىبنى ئەلئەشئەس ئەسسىجىستانىي. (ھ. 202 – 275 / م. 817 – 888) مەشھۇر ھەدىس ئالىملىرىدىن. مەشھۇر «كتب الستة» (ئالته كتاب) ئىچىدىكى «تۆت سۈنەن» ھەدىس كىتابلىرىنىڭ بىرى «سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد» دەپ تونۇلغان «ئەسسۈنەن»نىڭ، يەنە «ئەلمەراسىيل» (مۇرسەل ھەدىسلەر توپلىمى)، «ئەززۇھد» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى.

163.**ئىمام ئەبۇللەيس ئەسسەمەرقەندىي** (الفَقِيْهُ نَصْرُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ إِبْرَاهِيْمَ السَّمَرْقَنْدِيُّ الحَنَفِيُّ): نەسر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەسسەمەرقەندىي ئەلفەقىھ. (ھ. ؟ – 375 / م. ؟ – 985) «ئەلفەقىھ»، «ئىمامۇل ھۇدا»، «زاھىد»، دەپ نام ئالغان سەمەرقەندلىك كاتتا ھەنەفىي ئالىم. ئىمام ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىدىينىڭ شاگىرتى. «بەھرۇل ئۇلۇم» ناملىق تەپسىر، «ئەننەۋازىل»، « ئۇيۇنۇل مەسائىل»، «خازانەتۇل فىقھ»، «بۇستانۇل ئارىفىن»، «تەنبىھۇل غافىلىن»، «شەرھۇل فىقھىل ئەكبەر» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى.

164.**ئىمام ئەبۇ ھەنىفە** (الإِمَامُ أَبُو حنيفةَ النعمانُ بْنُ ثَابِتِ الكُوْفِيُّ): نۇئمان ئىبنى سابىت ئەلكۇفىي. (ھ. 80 – 150 / م. 699 – 767) مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى، مۇجتەھىد ئىماملار ئىچىدە «ئىمامى ئەزەم (بۈيۈك ئىمام)» دەپ تونۇلغان زات. باغدادتا قازىلىق مەنسىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان ۋە تۈرمىدە ۋاپات بولغان. زەھەرلىنىپ شەھىد قىلىنغان دېگەن قاراشمۇ بار.

165.**ئىمام ئەبۇ يۈسۈف** (الإِمَامُ أَبُو يُوسُف يَعْقُوب بْن إِبْرَاهِيم الأَنْصَارِيُّ الكُوْفِيُّ): يەئقۇب ئىبنى ئىبراھىم ئەلئەنسارىي ئەلكۇفىي. (ھ. 113 – 182 / م. 731 – 798) مۇھەددىس ۋە مۇجتەھىد فەقىھ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى ۋە ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئىككىنچى ئىمامى. تۇنجى بولۇپ «قازىلقۇزات (باش قازى)» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. دۆلەت مالىيەسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن «ئەلخەراج» ناملىق كىتابىنى يازغان. يەنە فىقھ ۋە ھەدىس ساھەسىدە باشقا ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. 215

166. **ئىمام ئەبۇلقاسىم ئەررافىئي ئەلقەزۋىينىي** (عَبْدُ الكَرِيْمِ بنُ مُحَمَّدِ بنِ عَبْدِ الكَرِيْمِ الرَّافِعِيُّ القَزْوِيْنِيُّ): ئابدۇلكەرىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىبنى پەزل ئەررافىئي ئەلقەزۋىينىي (ئەبۇلقاسىم). (ھ. 557 – 623 / م. 1162 – 1226). كاتتا شافىئي فەقىھ، مۇھەددىس، تارىخشۇناس، مۇفەسسىر. ئەسەرلىرى: «المحرر في الفقه»، «التدوين في ذكر أهل العلم بقزوين»، « الفتح العزيز في شرح الوجيز»، «شرح مسند الشافعي» ۋە باشقىلار .

167.**ئىمام ئەھمەد** (الإِمَامُ أَحْمَدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ حَنْبَلِ الشَّيْبَانِيُّ المَرْوَزِيُّ): ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەششەيبانىي ئەلمەرۋەزىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 164 – 241 / م. 780 – 855) باغدادتا ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك مۇھەددىس، فەقىھ. مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى.

168. **ئىمام بەيھەقىي** (أَحْمَدُ بنُ الحُسَيْنِ بنِ عَلِيِّ بنِ مُوْسَى الخُسْرَوْجِردِيُّ الخُرَاسَانِيُّ البَيْهَقِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: ئەھمەد ئىبنى ھۈسەين ئىبنى ئەلىي ئىبنى مۇسا ئەلخۇسرەۋجىردىي ئەلخۇراسانىي ئەلبەيھەقىي (ئەبۇبەكرى). (ھ. 384 – 458 / م. 994 – 1066). كاتتا مۇھەددىس، شافىئىي فەقىھ. ئەسەرلىرى: «ئەسسۈنەنۇل كۇبرا»، «شۇئەبۇل ئىمان»، «مەئرىفەتۇسسۈنەن»، «ئەلبەئسۇ ۋەننۇشۇر»، «مەناقىبۇل ئىمام شافىئىي» ۋە باشقىلار .

169. **ئىمام بۇخارىي** (الإِمَامُ مُحَمَّدُ بْنُ إِسْمَاعِيلَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ بَرْدِزْبَهْ الجُعْفِي البُخَارِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەلمۇغىرە ئەلجۇئفىي ئەلبۇخارىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 194 – 256 / م. 810 – 870) ئەڭ مەشھۇر ھەدىس ئالىمى. ھەدىس ئىلمىدە «ھەدىس ئىللەتلىرىنىڭ دوختۇرى»، «ئەمىرۇل مۇئمىنىن» دەپ نام ئالغان مۇھەددىسلەر سەردارى زات. «سەھىھۇل بۇخارىي» نامى بىلەن مەشھۇر ئەڭ ئىشەنچلىك سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى «ئەلجامىئۇسسەھىھ»نىڭ مۇئەللىفى ھەمدە «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، «ئەتتارىخۇل كەبىر»، ئەتتارىخۇسسەغىر»، «ئەتتارىخۇل ئەۋسەت»، «خەلقۇ ئەفئالۇل ئىباد» «ئەلزۇئەفا» قاتارلىق بىرنەچچە كىتابمۇ قالدۇرغان. سەمەرقەندتە روزى ھېيت كېچىسى 62 ياشتا ۋاپات بولغان.



170. **ئىمام تەھاۋىي** (الإِمَامُ أَحْمَدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ سَلَامَةَ الطَّحَاوِيُّ الْمِصْرِيّ): ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەلامە ئەلئەزدىي ئەلمىسرىي (ئەبۇ جەئفەر). (ھ. 239 – 321 / م. 853 – 933) مەشھۇر مۇھەددىس ۋە فەقىھ، ئۆز زامانىدىكى ھەنەفىي مەزھەب پېشىۋالىرىدىن بىرى. مەشھۇر «ئەقىدە تاھاۋىيە» (بيان عقيدة أهل السنة والجماعة) نىڭ ۋە «شەرھۇ مەئانىل ئاسار»، «شەرھۇ مۇشكىلىل ئاسار» (15 توم)، «ئىختىلافۇل ئۆلىما»، «ئەلمۇختەسەر»، «ئەھكامۇل قۇرئان» قاتارلىق ھەدىس ۋە فىقھ كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىفى.

171. **ئىمام تەبەرىي** (الإِمَامُ مُحَمَّدُ بنُ جَرِيْرِ بنِ يَزِيْدَ الطَّبَرِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئىبنى يەزىد ئەتتەبەرىي (ئەبۇ جەئفەر). (ھ. 224 – 310 / م. 839 – 923) فەقىھ، مۇھەددىس، تارىخشۇناس، مۇجتەھىد ۋە كاتتا مۇفەسسىر. داڭلىق ئەسەرلىرى 30 تومدا «جامىئۇل بايان» (تەفسىرى تەبەرىي)، 11 تومدا «ئەخبارۇررۇسۇل ۋەلمۇلۇك» (تارىخۇ تەبەرىي)، «ئىختىلافۇل فۇقاھا»، «تەھزىبۇل ئاسار» ۋە باشقىلار.

172. **ئىمام تەبەرانى** (الإمَامُ شِــهَابُ الدِّيْنِ سُــلَيْمَانُ بنُ أَحْمَدَ الطَّبَرَانِيُّ): شــھابۇددىن ســۇلايمان ئىبنى ئەھمەد ئەتتەبەرانى (ئەبۇلقاســم). (ھ. 260 – 360 / م. 821 – 918) ئاتاقلىق مۇھەددىس، «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت» ۋە «ئەلمۇئجەمۇسسەغىر» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى

173. **ئىمام تىرمىزى** (الإمَامُ مُحَمَّدُ بنُ عِيسَى التِّرْمِذِيّ): مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا ئەتتىرمىزى (ئەبۇ ئىيسا). (ھ. 209 – 279 / م. 824 – 892) ئاتاقلىق ھەدىس ئىماملىرىدىن. ئۆزبېكىستاننىڭ تىرمىز شەھرىدە تۇغۇلغان. «كتب الستة» (ئالتە كىتاب)نىڭ بىرى بولغان «ئەلجامىئۇل كەبىر»نى توپلىغان. يەنە «ئەششەمائىلۇ مۇھەممەدىييە» «ئىلەلۇتتىرمىزى» قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپى.

174. **ئىمام خەتتابى** (الإمام حَمْدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ إِبْرَاهِيْمَ الخَطَّابِيُّ البُسْتِيُّ): ھەمد ئىبنى مۇھەممەد ئەلخەتتابى ئەلبۇستى. (ھ. 319 – 388 / م. 931 – 998) ئافغانىستاندا تۇغۇلغان، كاتتا فەقىھ، مۇھەددىس ۋە لۇغەتشۇناس. «مەئالىمۇسسۇنەن» (سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد شەرھى)، «ئەئلامۇسسۇنەن» (سەھىھۇل بۇخارى شەرھى)، «غەرىبۇل ھەدىس»، «شَرحُ الأَسمَاءِ الحُسنَة» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بار.



175. **ئىمام دارۇقۇتنى** (الإمَامُ عَلِيُّ بنُ عُمَرَ بنِ أَحْمَدَ الدَّارَقُطْنِيُّ): ئەلى ئىبنى ئۆمەر دارۇقۇتنى ئەلباغدادى (ئەبۇلھەسەن). (ھ. 306 – 385 / م. 918 – 995) ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، قىرائەتشۇناس، شافىئى فەقىھ. ھەدىس ئىلمىلىرىدە «ئەلئىلزامات ۋەتتەتەببۇ»، «سۈنەنۇددارۇقۇتنى»، «ئىلەلۇددارۇقۇتنى»، «ئەلمۇئتەلەف» قاتارلىق كۆپ ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى.

176. **ئىمام دارىمى** (الإمَامُ عُثْمَانُ بنُ سَعِيْدِ الدَّارِمِيُّ السِّجِسْتَانِيُّ السَّمَرْقَنْدِيُّ): ئوسمان ئىبنى سەئىد ئەددارىمى ئەسسىجىستانى ئەسسەمەرقەندى (ئەبۇ سەئىد). (ھ. 200 – 280 / م. 815 – 894) سەمەرقەندلىك مەشھۇر ھەدىس ئالىملىرىدىن. مەشھۇر «كتب الستة» (ئالتە كىتاب) ئىچىدىكى «تۆت سۈنەن» ھەدىس كىتابلىرىنىڭ بىرى «سۈنەنۇددارىمى (ئىسمى مۇسنەدۇددارىمى)» (بەزىلەر ئۇنىڭ ئورنىغا «سۈنەنى ئىبنى ماجە»نى ياكى «ئەلمۇۋەتتا»نى قويىدۇ) نىڭ مۇئەللىپى.

177. **زۇھرىي** (مُحَمَّد بن مُسلم بْن عبيد اللَّه بن عَبْد اللَّه بن شِهَاب الزُّهْرِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب ئەززۇھرىي (ئەبۇبەكرى). (ھ. 51 – 124 / م. 671 – 742) تابىئىن، ھەدىسلەرنى ئۇمەۋىيلەر خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەمرى بىلەن رەسمىي توپلىغان ئالىم ۋە فەقىھ. «ئىبنى شىھاب» دەپمۇ تونۇلغان كاتتا زات.

178. **ئىمام زەھەبىي** (الإِمَامُ شَمْسُ الدِّيْنِ مُحَمَّدُ بنُ أَحْمَدَ بنِ عُثْمَانَ بنِ قَايْمَازَ الذَّهَبِي): شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئوسمان ئىبنى قايماز ئەززەھەبىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 673 – 748 / م. 1274 – 1348) دىمەشىقتە تۇغۇلغان تۈركمەن، زەرگەر زات. ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، تارىخچى ئالىم. ھەدىس، تارىخ، تەرجىمىھال ساھەلىرىدە «سىيەرۇ ئەئلامىن نۇبەلا» (25 توم)، «تارىخۇل ئىسلام» (رەسۇلۇللاھ ھىجرەت قىلغان تارىختىن ھىجرىيە 700 -/ م. 622 - يىل 22 – ئىيۇندىن – 1301/1300 - يىلغىچە بولغان تارىخ، 52 توم)، «مىيزانۇل ئىئتىدال»، «تەلخىسۇل مۇستەدرەك» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. نامى تارىخ بەتلىرىگە ئالتۇن ھەل بىلەن نەقىشلەنگەن مەشھۇر ئالىم.

179. **ئىمام سۇيۇتىي** (جلال الدين عَبْدُ الرَّحْمَنِ بنُ أَبِي بَكْرِ بنُ مُحَمَّدِ بنِ الخُضَيرِي السُّيُوطي) رەھمەھۇللاھ: جالالۇددىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئەلخۇزەيرىي ئەسسۇيۇتىي (ئەبۇلفەزل). (ھ. 849 – 911 / م. 1445 – 1505). ئانىسى تۈرك، مىسىرلىق ئېنسىكلوپېدىك ئالىم. شافىئىي فەقىھ، مۇھەددىس، مۇفەسسىر، تارىخشۇناس ۋە تىلشۇناس. «ئەلئىتقان فى ئۇلۇمىلقۇرئان»، «تەفسىرۇل جەلالەين»، «ئەلئەشباھۇ ۋەننەزائىر»، «تارىخۇل خۇلەفا»، «ئەلجامىئۇسسەغىر» «ئەددۇررۇل مەنسۇر»، قاتارلىق چوڭ ۋە كىچىك ئەسەرلىرى ئالتە يۈز پارچىغا يېتىدۇ. 

180. **ئىمام نەسائىي** (أَحْمَدُ بنُ شُعَيْبِ بنِ عَلِيٍّ النَّسَائِيُّ) رەھمەھۇللاھ: ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب ئىبنى سىنان ئەننەسائىي (ئەبۇ ئابدۇرراھمان). (ھ. 215 – 303 / م. 830 – 915). تۈركمەنىستاننىڭ نەسا شەھرىدە تۇغۇلغان. قازى، مەشھۇر مۇھەددىس. مەشھۇر «كتب الستة» (ئالتە كىتاب) ئىچىدىكى «تۆت سۈنەن» ھەدىس كىتابلىرىنىڭ بىرى «سۈنەنۇ نەسائىي» دەپ تونۇلغان «ئەلمۇجتەبا (ئەسسۈنەنۇسسۇغرا)»نىڭ، يەنە «ئەسسۈنەنۇل كۇبرا»، «ئەززۇئەفا ۋەلمەترۇكون (زەئىف ۋە رىۋايىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان راۋىيلار)»، «تەفسىر» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى.

181. **ئىمام شافىئىي** (الإِمَامُ مُحَمَّدُ بْنُ إِدْرِيسَ الشَّافِعِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئەلئابباس ئەششافىئىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 150 / م. 767، غەززە – ھ. 204 / م. 820، مىسىر) مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان شافىئىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى. بۈيۈك مۇجتەھىد ئالىم. «ئەلئۇم»، «ئەررىسالە»، «ئەھكامۇل قۇرئان»، «جىمائۇل ئىلىم»، «ئىختىلافۇل ھەدىس» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

182. **ئىمام ئەلغەززالىي** (الإِمَامُ حجَّةُ الإِسْلاَمِ مُحَمَّدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ مُحَمَّدٍ الغَزَّالِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلغەززالىي (ئەبۇ ھامىد). (ھ. 450 – 505 / م. 1058 – 1111) ھۆججەتۇل ئىسلام، مۇتەسەۋۋىف، ئەشئەرىي كەلامشۇناس، شافىئىي فەقىھ، پەيلاسوپلارغا بەرگەن تەنقىدىي باھالىرى بىلەن داڭق قازانغان ئالىم. ئەسەرلىرىدىن «إحياء علوم الدين»، «المستصفى من علم الأصول»، «الاقتصاد في الاعتقاد»، «تهافت الفلاسفة»، «معيار العلم»، «كيمياء السعادة» قاتارلىقلار مەشھۇردۇر.

183. **ئىمام قۇرتۇبىي** (الإِمَامُ شَمْسُ الدِّيْنِ مُحَمَّدُ بنُ أَحْمَدَ الأَنْصَارِيُّ القُرْطُبِيُّ): شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلئەنسارىي ئەلقۇرتۇبىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 600 – 671 / م. 1204 – 1273) ئاتاقلىق مۇفەسسىر ۋە ھەدىسشۇناس، مالىكىي مەزھەب فەقىھى. ئەسەرلىرىدىن «تەفسىرى قۇرتۇبىي» ناملىق تەفسىرى مەشھۇردۇر.



184. **ئىمام كامال ئىبنى ھۇمام** (كمالُ الدين مُحَمَّدُ بنُ عبد الواحد بنِ عبد الحميد السِيواسِي القاهري الحَنَفِي): كامالۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئەسسىۋاسىي ئەلقاھىرىي (ئىبنۇل ھۇمام). (ھ. 790 – 861 / م. 1388 – 1457). كاتتا ھەنەفىي فەقىھ، مۇھەددىس، كالامشۇناس، مۇفەسسىر. ئەسەرلىرى: «فەتھۇل قەدىير شەرھۇل ھىدايە» «ئەلمۇسايەرە فى ئۇسۇلىددىن»، «ئەتتەھرىر» قاتارلىقلار.

185. **ئىمام مالىك** (الإِمَامُ مَالك بن أنس بن مَالك الأصــبحي الْمَدَنِيّ): مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئەلئەســبەھىي ئەلمەدەنىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 93 – 179 / م. 712 – 795) مەدىنىدە ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك مۇھەددىس، تەبەئى تابىئىن. مەشــھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان مالىكىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى. «ئەلمۇۋەتتا» ئاتلىق مەشھۇر ھەدىس كىتابى باردۇر.

186. **ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەســەن** (مُحَمَّدُ بنُ الحَسَــنِ بنِ فَرْقَدٍ الشَّــيْبَانِيُّ الكُوْفِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى فەرقەد ئەششەيبانىي ئەلكۇفىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 131 – 189 / م. 749 – 805) ئىراق فەقىھى ۋە تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك فىقھشــۇناســلارنىڭ بىرى. ھەنەفىي مەزھەبىنىڭ ئۈچىنچى ئىمامى ۋە تارقاتقۇچىسى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، ئىمام ئەبۇ يۈسۈف ۋە ئىمام ئەۋزائىي قاتارلىق زاتلارنىڭ شــاگىرتى. ئىمام شــافىئىينىڭ ئۇســتازى. مۇھەددىس، تىلشۇناس، قازى. زاكاۋەتە، فاساھەتتە مىسلىسىز زات. ئەسەرلىرىدىن «ئەلمەبسۇت»، «ئەســســىيەر»، «ئەززىيادات»، «ئەلجامىئۇســســەغىر»، «ئەلجامىئۇلكەبىر»، «ئەلھۇججە ئەلا ئەھلىل مەدىنە» قاتارلىقلار مەشھۇردۇر.

187. **ئىمام مەرغىنانى** (عَلِيُّ بنُ أَبِي بَكْرِ بنِ عَبْدِ الجَلِيْلِ الفَرغَانِي المَرْغِيْنَانِيُّ الحَنَفِيُّ): بۇرھانۇددىن ئەلىي ئىبنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئابدۇلجەلىل ئەلفەرغانىي ئەلمەرغىنانىي (ئەبۇلھەسەن). (ھ. 511 – 593 / م. 1135 – 1197). پەرغانەلىك ھەنەفىي مەزھىبىدىكى بۈيۈك ئىمام. مەشھۇر ھەنەفىي فىقھ كىتابى «ھىدايە»نىڭ مۇئەللىفى ۋە «بىدايەتۇل مۇبتەدىي»، «شەرھۇل جامىئۇل كەبىر»، «ئەتتەجنىسۇ ۋەلمەزىد»، «كىفايەتۇل مۇنتەھىي» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.



188. **ئىمام مۇسلىم** (الإِمَامُ مُسْلِمُ بنُ الحَجَّاجِ بنِ مُسْلِمٍ القُشَيْرِيُّ النَّيْسَابُوْرِيُّ): مۇسلىم ئىبنى ئەلھەججاج ئىبنى مۇسلىم ئەلقۇشەيرىي ئەننىشابۇرىي (ئەبۇلھۇسەين). (ھ. 206 – 261 / م. 821 – 875) ئاتاقلىق ھەدىس ئالىمى، «سەھىھۇل بۇخارىي»دىن قالسا، ئەڭ ئىشەنچلىك سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى «سەھىھۇ مۇسلىم» دەپ مەشھۇر بولغان «ئەلجامىئۇسسەھىھ»نىڭ ۋە باشقا بىرنەچچە كىتابنىڭ مۇئەللىفى. نىشاپۇردا ۋاپات بولغان.


189. **ئىمام ئىبنى ماجە** (الإِمَامُ ابْنُ مَاجَهْ مُحَمَّدُ بنُ يَزِيْدَ بنِ مَاجَهْ القَزْوِيْنِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئىبنى ماجە ئەلقەزۋىينىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 209 – 273 / م. 824 – 886) مەشھۇر ھەدىس ئالىملىرىدىن. مەشھۇر «كتب الستة» (ئالتە كىتاب) ئىچىدىكى «تۆت سۈنەن» ھەدىس كىتابلىرىنىڭ بىرى «سۈنەنۇ ئىبنى ماجە» دەپ تونۇلغان «ئەسسۈنەن»نىڭ ۋە «تەفسىرۇل قۇرئان»، «تارىخى قەزۋىن» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى.

190.**ئىمران ئىبنى ھۇساين** (عِمْرَانُ بْنُ حُصَيْنٍ الْخُزَاعِيّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئىمران ئىبنى ھۇساين ئىبنى ئۇبەيد ئەلخۇزائىي (ئەبۇ نۇجەيد). (ھ.؟ – 53 / م.؟ – 674) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. ئاتىسى بىلەن بىللە مۇسۇلمان بولغان. دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان پەزىلەتلىك زات. خەلىپە ئۆمەر ئۇنى بەسرە ئاھالىسىگە دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

191.**يەزىد رەقاشىي** (يَزِيدُ بْنُ أَبَانَ الرَّقَاشِيُّ الْبَصْرِيُّ) رەھىمەھۇللاھ: يەزىد ئىبنى ئەبان ئەررەقاشىي ئەلبەسرىي (ئەبۇ ئەمر). (ھ.؟ – 119 / م.؟ – 737). كىچىك تابىئىنلاردىن. ئىبادەتگۆي زاھىد. ساھابە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، تابىئىن ھەسەن ئەلبەسرىيلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. لېكىن، مۇھەددىسلەرنىڭ نەزىرىدە ھەدىس رىۋايىتىدە ئاجىز كىشى، دەپ قارالغان.

192.**يەزىد ئىبنى ئەبى سۇفيان** (يَزِيدُ بْنُ أَبِي سُفْيَانَ الأُمَوِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: يەزىد ئىبنى سەخر (ئەبى سۇفيان) ئىبنى ھەرب ئەلئۇمەۋىي (ئەبۇ خالىد). (ھ.؟ – ھ. 18 / م.؟ – 639) مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېرىندىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپىلەرى دەۋرىدە ئەمەل تۇتقان قوماندان ساھابە.

193.**يەئقۇب ئىبنى يۈسۈف ئىبنى زىياد** (يَعْقُوبُ بنُ يُوْسُفَ بن زِيَادٍ الضَّبِّيُّ الكوفي): يەئقۇب ئىبنى يۈسۈف ئىبنى زىياد ئەددەببىي ئەلكۇفىي (ئەبۇ ئىسھاق). ھىجرىيە 3 / مىلادىيە 9 - ئەسىردە ياشىغان ئىبادەتگۆي زاھىد. ئۇ ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى يەھيا ئەسلەمىي، ئەبۇ جۇنادە قاتارلىق زەئىپ راۋىيلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.



ساغلام ئىسلام چۈشەنچىسىنى قانات يايدۇرۇش ۋە قارىلىقتىن ئىبارەت پەزىلەتلىك مەرتىۋە ۋە ۋەزىپىنى توغرا يۆنىلىشتە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشىنى كۆزلەپ، ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھنىڭ «قارىيلارنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى نەشرگە تەييارلاپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

بۇ ئەسەر «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئىلاھىي كىتابقا مۇھەببەت باغلىغان، ئۇنى نازىل بولغىنىدەك تىلاۋەت ۋە تەپەككۇر قىلىش ئارزۇسىدا بولغان ھەربىر قارىي ۋە قۇرئان ئەھلى ئۈچۈن مۇھىم قوللانمىلاردىن بىرى. جانابىي ئاللاھ بۇ ئەسەرنى خەلقىمىزنىڭ قۇرئانىي روھقا قايتىشىغا، قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشىغا ياردەمچى ۋە يېتەكچى قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

«ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»

التبيان في آداب حملة القرآن هو كتاب يحوي ما يجب على حامل القرآن الكريم من آداب، وأوصاف حفظته، وطلبته، وآداب معلم القرآن، وفضل تلاوته، وما أعد الله لأهل القرآن من إكرام.

